TANGRITAG

# تەڭرىتاغ

2003.4

**ئاكام ئەركىن ئەمەتنى ئەسلەيمەن**



**سۇدىكى بىشارەت**

ISSN 1004-1745



ياش شائىر جېلىل خېلىل

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ
# 82 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!

نەشرىيات باشلىقى: ھەبىبۇللا مۇھەممەت
باش مۇھەررىر: پولات ھېۋزۇللا

# تەڭرىتاغ

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت،
ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

**2003.4**



ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى چىقاردى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى نەشرىياتى تۈزۈپ نەشر قىلدى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

## مەخسۇس ئەسەر

سۇ ھەققىدە قىسسە ...................... ئەخەت بارات (4)

## ھېكايىلەر

خىلۋەتتىكى ئۆي ............................................ تۇرسۇنگۈل تۇردى (7)
ئەقىدەمگە يىغلايمەن ............................ ئايۇپ قادىر (48)
جاراھەت.................................................. تۇرسۇن مەخمۇت (56)
كۆيۈۋاتقان ئەر ...................................................... ئەخمەتجان ئوسمان (84)

## نەسرلەر

ھىجران، سىناق نۇقتىلىرىدا.................................. قاسىمجان ئوسمان (11)
رەققاس چۈشى ......................................................... قۇربان ئەمەت (42)
ئۆزىدىن ھالقىش ........................................ نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشى (47)

## ئەدىب ۋە ئەسەر

ئاكام ئەركىن ئەمەتنى ئەسلەيمەن ........................................ ئەسئەت ئەمەت (13)
ئىككى ھېكايە ................................................ ئەركىنجان ئەمەت (22)
سۆيدىكى بىشارەت .................................................. ئادىل تۇنىياز (67)

## يۈزمۇ يۈز

«شائىر خەلقىنىڭ پۈشتى ئىكەنلىكىدىن پەخىرلىنىمەن» ............................ ئۆمەرجان سىدىق (95)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىن نۇر
بۇ سانىنىڭ مۇھەررىرلىرى: ئەزىزى، ئەكبەر سالىھ
مەسئۇل كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت
ئىشخانا خادىمى: سەنەۋەر ئۆمەر، رىسالەت (تەكلىپلىك)
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئەكبەر سالىھ
تارقىتىش خادىمى: ئىمىرھەسەن مەخمۇت
فوتوگراف: ئالىم خالىدىن

(قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال) ئومۇمىي 99 - سان

## شېئىرلار

دىدار تەشنالىقى جىسمىم ...................... مۇھەممەت خېۋىر (30)
ئۈچ شېئىر ...................... ياسىن ئىسمايىل (31)
ئىككى شېئىر ...................... ئادىل چاۋار (32)
شېئىرلار ...................... ئابدۇرېشىت ئېلى (52)
شېئىرلار ...................... ئەخەت كەلپىن ئىنسانى (54)
ئۈچ شېئىر ...................... ئىدرىس نۇرۇللا ۋارىس (54)

## ئانا يۇرت تەسۋىرلىرى

ئىبلىس ساقلاپ ياتقان جەسەتلەر ...................... F. بىرگمان (شۋېتسىيە) (33)

## ئۇيغۇرلار ۋە سودا

رۇسلارنىڭ نەزىرىدىكى ئۈرۈمچى چېگرا سودىسى ...................... ئالېكسىي ئافتوكراتوف (روسىيە) (72)
ئېلان، ماركا ۋە ئۇيغۇر كارخانىچىلار ...................... ئاسىيە ئەخەت، ئەلى ئاتاۋۇللا (106)

## تۇرمۇشقا نەزەر

ئەدەپ - ئەخلاق ھەققىدە تەلىمات ...................... لاۋزى (103)

## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

لىرىكىلار ...................... ئىسمائىل مەھمۇد (101)

مۇقاۋىدىكى سۈرەتنى ئۆتكۈر نىجات تارتقان

**ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 - نومۇر**
**تور ئادرېس:** http://www.tangritagh.net
E—mail:editor@tangritagh.net
polat@tangritagh.net
**تېلېفون: 2818897، 2819490 پوچتا نومۇرى: 830002**
**ئۈرۈمچى لۇڭيىدا باسما مۇلازىمىتى چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدۇ**
**جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ**
**(782 - خەت ساندۇقى)**
**خەلقئارادا بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:** ISSN1004—I745
**مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:** CN65 —1012/I
**پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 83 - 58**
**پارچە سېتىلىشى: 5.00 يۈەن**

www.uyghurkitap.com



# سۇ ھەققىدە قىسسە

ئەھەد بارات

## سۇ قۇرۇلۇشى ھەققىدىكى سەپەرۋەرلىك

1956 - يىلى گېئولوگلار جەنۇبىي شىنجاڭغا نېفىت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە كېلىپ ئۈگەن دەرياسىنىڭ مول سۇ بايلىقىنى، يەنى توقسۇ، كۇچا، شايار ناھىيىسىدىكى كۆل ۋە ئېقىنلارغا بىھۇدە قويۇلۇپ ۋە سىڭىپ، پارغا ئايلىنىپ يوقىلىۋاتقان تاتلىق سۇلارنى، ئېچىشقا بولىدىغان غايەت زور چوڭ كۆلەملەرنى، سۇ بېشى قۇمتۇرنىڭ غەربىي تەرەپتىكى بىر تەبىئىي كۆلنى كۆرۈپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارغا قارىتىپ توقسۇغا بىر سۇ ئامبىرى ياساشقا بولىدىغانلىق توغرىسىدا دوكلات يازىدۇ.

1957 - يىلى 3 - ئايدا دۆەن لى باشچىلىقىدىكى ئون نەچچە ئىنژېنېرلار ئۇ كۆلنى ئۆزگەرتىشكە توقسۇغا كېلىپ باستى غوجام قۇملۇقىغا چېدىر تىكىدۇ. ماڭ شى، يەن خۇيبى، گۇ يەنجاڭلار كۇچاغا، جاڭ دابىي، جاڭ داخۇا، جۇ بېيلار شايارغا كېتىدۇ. باش ئىنژېنېر لى خۇچاڭ توقسۇ ناھىيىسىنىڭ مۇرىسىگە مىلتىق ئېسىپ يۈرىدىغان شۇجىسى لۇ رۇيى، ھاكىمى ئاۋۇت جارۇپنىڭ قوللىشىدا قومۇشتەك ئىنچىكە ھەمدە ئوچۇق - يورۇق لۇ زېمىن، شۆكرى ساملاقنى ئەگەشتۇرۇپ يۈرۈپ ئۇ كۆلنى ئۆلچەيدۇ.

لۇ زېمىن توقسۇغا كەلگەندە بۇ يەردىن بەكلا قورقاتتى. كېيىن ئۇ قورۇق ھەمدە ئىسسىق بۇ تۇپراققا قىزىقىپ قالدى. ئۇ دالادا يۈرگەندە ۋشكا كۆتۈرۈپ يۈرۈپ چوڭلارغا يېتىشىپ ماڭالماي كۆزىنىڭ سۈيىنى چىقىرىپ يىغلىدى. ئۇ ھەممىدىن كىچىك ھەمدە تېنى ئاجىز بولغاچقا شامال چىقسىلا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. خالتا - خۇرجۇندا قوزۇق كۆتەرگەن شۈكرى ساملاق ئۇنىڭغا پات - پات ياردەم قىلىپ تۇراتتى. ئۆلچەپ بېكىتىش 210 كۈندە تۈگەپ سۇ ئامبىرىنىڭ سۇ سىغىمچانلىقى 50 مىليون كۇب مېتىرغا، كەڭلىكى 30 مىڭ موغا يەتتى. توقسۇ ناھىيىسى بۇ قۇرۇلۇشقا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 50 پىرسەنتىنى، 5 مىڭ تۇياقتىن كۆپ چارۋا ئاجراتتى. قۇرۇلۇش 1958 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ھەيۋەت بىلەن باشلاندى. دېھقانلار ئالدىنقى يىلى كىشى بېشىغا ئالغان 27 يۈەن 94 پۇڭ ساپ كىرىم بىلەن بۇ قۇرۇلۇشقا كىرىپ كەلگەنىدى. بۇ قۇرۇلۇش ئاجايىپ جاپالىق بولغان كۈچ سېلىنمىسى ۋە ۋاقىت سەرپىياتى بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. تۇغانغا ئېلىپ چىقىرىلغان ھەر بىر كۇب مېتىر توپا تەركىبىدە سۇ مىقدارى نورمال بولۇش شەرت ئىدى. ئېشىپ كەتسە ئاپتاپقا سېلىپ پارلاندۇراتتى. توپا تەركىبىدىكى چىرىندىلەرنى ئايرىشقا ئۇزۇن ۋاقىت كېتەتتى. دېھقانلار ھەرقانچە ئالدىرىسىمۇ تېخنىكىلىق ئۆتكەللەر بەك چىڭ بولغاچقا توپا تۇغان بىر ھەپتىدە بىر غېرىچمۇ ئۆرلىمەيتتى. توقسۇ بويىچە سۇ ساھەسىدە تۇنجى قېتىم زىيالىي قاتارىدا سانىلىپ كېلىۋاتقان بارات مەمتىلى بۇ قۇرۇلۇشقا يېتەكچىلىك قىلىۋاتاتتى. 11 - ئاي كىرىشى

بىلەنلا ھاۋا سوۋۇپ، تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 30 گرادۇسقا چۈشۈپ قالغانىدى. ئاشلىق يېتىشمەسلىك، ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقى نۇرغۇن جانلارغا زامىن بولۇۋاتاتتى. ئىنقىلاب ئۈچۈن قىلچە ئۆلۈمدىن قورقماسلىق، قىلچە شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلىمەسلىك روھى بويىچە قايتا - قايتا سەپەرۋەرلىك قىلىندى، ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمەكتىكى تۇرا مەمەت جەڭگىۋار ناخشىلارنى ئېيتىپ ئىلھام بەردى، قۇرۇلۇش شۇ تەرىزدە جاپالىق ئېلىپ بېرىلدى.

## ئۈچ ئېكسپېدىتسىيىچىنىڭ ئېرىشكىنى

شۇ يىلى ئۆگەن دەريا سۇ باشقارمىسىغا تەقسىم بولغان يەن يۇلۇڭمۇ كۆللەردىكى توختام سۇلارنى كۆرۈپ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئۆزگەرتىشكە توقسۇنى تاللىدى. ئەگەر ئۇ ئاشۇ سۇلارنى توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئىچكىرىگە ئاپىرالىسا توقسۇ ناھىيىسى تېزلا بوستانلىققا ئايلىنالايتتى. ئۇ توقسۇدا (سۇ پىرى) دەپ ئاتالغان قادىر ئىدرىس، تېخنىك لۇ زېمىن، بارات مەمتىلىنى ئىزدەپ تېپىپ مەقسىتىنى ئۇلارغا ئېيتتى. ئۇلار قوشۇلدى. ئۇلار توقسۇدا ئاچىدىغانغا يەر، ئاقاۋا ئۆستەڭ ۋە زەيكەشلەرگە ئورۇن كۆرگىلى ئۈچ كىشىلىك ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى بولۇپ، ئاتلىق سۇ بېشى ئەجدىھا ئېغىزىدىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار ئۈچقاتنىڭ يۇلغۇن قۇملۇقىغا كەلگەندە ئىچىدىغانغا سۇ قالمىدى. ئاسماندىكى ئوت شارى ئۇلارنىڭ تېنىدىكى بارلىق نەملىكنى سۈمۈرۈپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. ئات ئايىغىدىن چىقىۋاتقان تۇزلۇق توپا - چاڭلار ئۇلارنىڭ دىماغلىرىنى ئېچىشتۇرۇپ قىچىشتۇرۇۋاتاتتى. پىژ - پىژ ئاپئاپتا ئاتمۇ ئۇسساپ چوغدەك بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ كۆزىگە ئۆگەن دەرياسىنىڭ زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇلىرى خۇددى كۆك ئۈجمىدەك كۆرۈندى.

قادىر ئىدرىس يەرلەرنىڭ تەۋەلىك ئورنى بىلەن سۇلا بولسا ھوسۇل ئالغىلى بولىدىغان توقسۇنىڭ چۈچمەل تۇپرىقى توغرىسىدا توختىلىپ كېتىۋاتاتتى. يەن يۇلۇڭ تېز ئۇنۇم بېرىدىغان بوزلارغا قارىغانسېرى خىيالىغا نۇرغۇن ئۇلۇغۋار ئىشلارنى پۈكۈۋاتاتتى. لۇ زېمىن ئالدىغا كېلىۋاتقان ۋە ئارقىسىدا قىلىپ قالغان بارلىق ئېگىز - پەسلىكنى خاتىرىلەپ ماڭدى. ئۇلار توقسۇ زېمىنىنى ھەرە چىشىدەك كېسىپ يۈرۈپ يېرىم ئاي بولغاندا چۆكچۆكجاڭ قۇملۇقىغا يېتىپ كەلدى. بۇ كۈنى سەككىز بالدىن ئارتۇق بوران چىقىۋاتاتتى. ئەتراپتا پاناھلانغۇدەك ھېچنەرسە يوق ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا ھەممە قايماق رەڭدىكى چەشمە قۇملار گويا ئەزىم دەريادەك جەنۇبقا قاراپ ئېقىۋاتاتتى. باش - كۆزگە ئۇرۇلىۋاتقان قۇم دەستىدىن كۆزنى ئېچىش ئۇياقتا تۇرسۇن تۇزۇكرەك نەپەس ئالغىلىمۇ بولمايتتى. قادىر ئىدرىس ئۈچ ئاتنى بىر - بىرىگە چېتىپ قويۇق شامالغا ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇردى. ھاۋا بەك سوغۇق بولغاچقا ئۈچەيلەن ئېغىز - بۇرنىنى ئېتىشىپ يەرگە چاپلىشىپ يېتىپ باقتى. قۇم - توپىلار ھاۋادىنمۇ بەكرەك سوغۇق بولغاچقا يېتىشقا بولمىدى. يەن يۇلۇڭ ئايالى خۇ فۇڭلەننى ئويلاپ قالدى. ئۇ توي قىلىپ 16 - كۈنى توقسۇغا كەلگەنىدى. ئۇ ئىسسىق يوتقاندىكى ئىسسىق تەننى كۆز ئالدىغا ئەكەلدى. ئۇنىڭ كۆزى بىردىنلا جەدە ئېتىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ كېلىپ ئاتنى قۇچاقلىدى. جان - جەھلى بىلەن قۇچاقلىدى. ئاتنىڭ تېنى مەشتەك ئىسسىق بولغاچقا يەن يۇلۇڭ مۇزلىغان بەدىنىنى ئاتقا ياققىلى تۇردى. قادىر ئىدرىس بىلەن لۇ زېمىنمۇ شۇنداق قىلدى. بوران تۆت سائەتتىن كېيىن توختاپ جاھان تىنجىدى. ئەمما يامغۇر جاھاننى يۇماقچى بولغاندەك چۈشۈشكە باشلىدى. قادىر ئىدرىس ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ سوغۇق تېگىپ قالماسلىق ئۈچۈن كىيىملىرىنى سېلىپ قۇم ئىچىگە چوڭقۇر كۆمدى. ئاندىن ئورەك كولاپ ئۆزلىرىنى قۇم ئىچىگە تىقىشتى. قۇم ئاستى ئىللىق ھەمدە يۇمشاق ئىدى. يامغۇر توختاپ چىقىدىغان قۇياشمۇ تازا پارقىراپ چىقتى. ئۇلار قۇم ئاستىدىكى قۇرۇق كىيىملىرىنى

www.uyghurkitap.com



كېيىشىپ شايار يېڭى مەھەللە چېگراسىدىن پايىس كەنتىگە يېتىپ كەلدى. شۇ كۈنى ئېكسپېدىتسىيىچىلەر پايىس كەنتىدە هاردۇق ئېشى ئىچىپ ھەر كىم ئۆز خاتىرىلىرىگە توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئىچكىرىسىدە كۆرگەن ھەمدە ئويلىغانلىرىنى، ئويمانلىق، تەكشىلىك، ئېگىزلىكنى قەغەزگە چۈشۈرۈپ دوكلاتىنى پۈتتۈردى. ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىدە ئېرىشكىنى ئاشۇ 1 - قول ماتېرىيال ئىدى.


## توقسۇ سۇ قۇرۇلۇشى بىر مەزگىل توختاپ قالدى

1960 - يىلى ئاشۇ ئۈچ كىشىنىڭ يازغان ماتېرىيالىغا ئاساسەن ئۆلچەپ بېكىتىش ئەترىتى توقسۇ دالاسىدا ئانا زەيلىك ۋە ئوق زەيلىك، غول ئۆستەڭ، تارماق ئۆستەڭلەرگە ئىز سالدى. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 500 چاقىرىمدىن ئاشاتتى ھەمدە بىرقانچە يىل ئىچىدە سۇ بېشى قۇمتۇردىن توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئىچكىرىسىگە تارتىلاتتى. تېخنىك جۇ غەيزىڭ ئىدى. توڭلاپ بۇزۇلۇشقا قارشى تۇرالايدىغان قۇرۇلۇش ماتېرىيالىنى تېپىشقا جېلىل توختى مەسئۇل بولدى. قۇرۇلۇش ئاجايىپ ئۇلۇغۋار ئارزۇلار بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. ئەپسۇسكى، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلىنىپ توقسۇدا نۇرغۇن سۇ قۇرۇلۇشى خادىملىرى خىزمىتىنى ئىشلەشكە ئامالسىز قالدى. بۇ ئىشقا ھېچكىم ئارىلىشالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن توقسۇ سۇ قۇرۇلۇشى بىر مەزگىل توختاپ قالدى.

قۇدۇقلار تىنىپ سۇ تارتىش ئەسلىھەلىرى ئوغرى - يالغاننىڭ بولدى.

1978 - يىلى مەركىزىي كومىتېت شىنجاڭنىڭ سۇ قۇرۇلۇشىغا خېلى كۆپ پۇل ئاجراتتى. توقسۇ ناھىيىسى بۇ ياردەمدىن پايدىلىنىپ سىغىمى ئېقىنىنى توسۇپ سۇ ئامبىرىدىن يەنە بىرنى ياساشقا كىرىشىپ كەتتى. ياسىلىدىغان سۇ ئامبىرىنىڭ ئۇل قىسمى پۈتۈنلەي قارا شور بولۇپ، تۇز تەركىبى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. ئۇنداق تۇزغا سۇ تېگىپ كەتسىلا ئېرىپ سۈيۈلۈپ كېتەتتى. شۇنداق بولسىمۇ بۇ قۇرۇلۇش قىزغىنلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. دامبىغا ئېلىپ چىقىدىغان سېغىز توپا شۇ يەردىلا بولغاچقا ئامبار دامبىسى خۇددى كۆكلەۋاتقان جۇسەيگە ئوخشاش تېز ئۆسۈۋاتاتتى. دېھقانلار قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ تۇرغان دالادا، سايىدىغىدەك ھېچقانداق سايە يوق دالادا مىغىلداپ تۇرغان چىۋىنلەر بىلەن ئاش تالىشىپ 2 - سۇ ئامبىرىنى پۈتكۈزدى. ئۇلار بۇ سۇ ئامبىرىغا قىشلىق سۇ ئىچىۋىدى، ئېتىلىپ كەلگەن سۇ بۇ تەرەپتىن كىرىپ، ئۇ تەرەپتىن چىقىپ كەتتى. 1 - ماي سۇ ئامبىرىدىمۇ يار ئېلىش يۈز بەردى. باتۇر ئىمىن ئىدرىس نۆلدىن تۆۋەن 40 گرادۇسلۇق مۇزلۇق سۇغا ئۆزىنى ئېتىپ، سۇ خادىملىرىغا قانداق ئىشلەشنى كۆرسىتىپ قويىدى. يار ئېتىلگەن بولسىمۇ توقسۇ ناھىيىسى بۇ قېتىمقى سۇ ئامبىرى ياساش قۇرۇلۇشىدا ئېچىنىشلىق ھالدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قەدىمىنى قۇدۇق قېزىشقا تاشلىدى. قېزىلىدىغان قۇدۇقلار سۇغۇرۇش رايونىدا ئىدى. توقسۇ خەلقى قۇدۇقنى ئات - ئېشەك، ئادەم كۈچى بىلەن يايى چۆرۈپ قېزىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرى تەسۋىرلىگۈسىز ئىدى. ئۇلار قۇدۇقنى ھاياتلىق ئۈچۈن قېزىشقا تارتقان جاپاسىغا ئۆكۈنمەيتتى. سۇ ئىدارىسى قۇدۇقلارغا سۇ تارتىش ئەسلىھەلىرىنى تولۇقلاپ بەردى. كېيىنچە كەنتلەر (سۇ تارتىشقا ئادەم كۈچى ۋە ماددىي خىراجەت بەك كۆپ كېتىدىكەن، تارتىلغان سۇ زىرائەتلەرگە پايدا قىلمايدىكەن) دەپ قاراپ قۇدۇقلارغا سەل قارىدى. قادىر ئىدرىس بىلەن يەن يۈلۈك بۇ كۆزلەرنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ھەر بىر كۆز - قۇدۇقلارغا ئۆي سالدۇردى. شۇنداق بولسىمۇ كەنت، كومىتېتلار بۇ قۇدۇقلارغا ئىگە بولماسلىق سەۋەبىدىن نۇرغۇن قۇدۇقلار تىنىپ سۇ تارتىش ئەسلىھەلىرى ئوغرى - يالغاننىڭ بولۇپ كەتتى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)



# خىلۋەتتىكى ئۆي

(ھېكايە)

تۇرسۇنگۈل تۇردى

ئوڭ كۆزىڭىز قايسى،
سول كۆزىڭىز قايسى
ئاخشام بېرىپ تاپالمىدىم
ياتقان يېرىڭىز قايسى؟

تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئۇنىڭ خىيالىغا ئاشۇ ناخشا كېلىۋالاتتى. ئۆزىنىڭ بۇ ناخشىنى شۇ كۇنى ئاخشىمىدىن بۇيان سىغىنىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ياكى يېقىندىن بۇيان سىغىنىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئىشقىلىپ ئاشۇ ناخشا ئېسىگە كېلىشى بىلەنلا ئۇنىڭدا تاتلىق سېزىم پەيدا بولاتتى - دە، ئارقىسىدىنلا ھېلىقى سەت، بەتبەشىرە خوتۇن پىرقىراپ ئۇسسۇلغا چۈشەتتى. ئۇ ئاشۇ خوتۇنىنىڭ سەپكۈن باسقان يۈزى، تولۇمدەك ساڭگىلاپ تۇرىدىغان كۆكسى، بەدىنىنى كۆتۈرەلمىگەندەك ئېگىلىپ رەگەتكىگىلا ئوخشاپ قالغان پۇتلىرىغا قىزىقسىنىپ قارايتتى.

ئايالىنىڭ دائىم غودۇڭشۇپ يۈرۈپ ئىشقا بۇيرۇشى بىلەن بىر كۈنلۈك ئورۇنلاشتۇرۇشى ئۇنىڭ تاتلىق خىياللىرىنى بۇزۇۋېتەتتى. شۇ چاغدىلا ئۇ ئۆزىدە ئەزەلدىن بۇنداق يات بىر خىيالنىڭ پەيدا بولۇپ باقمىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئايالىغا ئىنتايىن سادىق ئەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتى - دە، ئىختىيارسىز ئايالى بىلەن ئۆتكۈزگەن يىگىرمە نەچچە يىللىق ئائىلە تۇرمۇشىدىن سۆيۈنەتتى.

ئۇنىڭ ئايالى چىرايلىق ھەم لاتاپەتلىك ئىدى. يەنە تېخى ئۇنىڭغا يولۋاستەك ئۈچ ئوغۇل تۇغۇپ بەرگەنىدى. ئۇ ئايالىنىڭ چىرايلىقلىقىدىن ئۆزىنى قالتىس ھېسابلايتتى. شۇڭا ئايالىنىڭ بۇيرۇقلىرى بەجانىدىل ئورۇندىلاتتى. قىسقىسى، ئۇ ئايالىغا سادىق بولۇپلا قالماي ئۇنىڭغا بويسۇناتتى. لېكىن قاچانكى ئاشۇ ئىش يۈز بەردى، ئۇ ئۆزىنى شۇ كۈندىن باشلاپ ئەيىبلەپ كەلدى. سۆزلىرى ئەسلىدىكىدىنمۇ مۇلايىملىشىپ ئېھتىياتچان بولۇپ كەتتى. ئاشۇ كۈندىكى ئىشلارنى قايتا سادىر قىلماسلىققا قەسەم قىلدى. لېكىن نېمىگىدۇر ئىچى سىقىلاتتى، ئۇيقۇسى قېچىپ بىر يەرلىرى ئاغرىغاندەك ھېس قىلاتتى. ئويلىماي دېگەنچە ئاشۇ كۈنى يۈز بەرگەن تېتىقسىز ئىشلار كۆز ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلايتتى.

بۇ ئىشقا ئۇنىڭ ئۇزۇن ۋاقىت كۆرۈشمىگەن ساۋاقدىشى سەۋەب بولدى. ئۇلار كوچىدا تويۇقسىز ئۇچرىشىپ قېلىپ ئىنتايىن خۇشال بولۇشتى. ئىككىسى ئاشپۇزۇلدا ئۆتكەن قىزىقارلىق ئىشلارنى سۆزلەشكەچ ئانچە - مۇنچە ئىچىشىپمۇ قويىدى. سۆز خەلقئارا تېمىدىن ھالقىپ ئاياللار - قىزلار، ئاخىرىدا ناخشا - مۇزىكىلاردا توختىدى. تۇرۇپلا ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرىدا ئاڭلايدىغان دۇتار ئاۋازىنى ئاڭلىغۇسى كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئاشۇ مۇزىكىلار ھەققىدە سۆزلەپ ئېغىر خۇرسىنىشلىرى ساۋاقدىشىنى خۇشال قىلىۋەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ سازەندە ئولپەتلىرى بار ئىدى. ئۇلار ئاشپۇزۇلدىن چىقىپ ساۋاقدىشىنىڭ ئولپەتلىرىنى ئىزلەپ ماڭدى.

ئۇ ئادەتتە ھاراق ئىچمەيتتى. شۇ كۈندىكى نەچچە رومكا ھاراق ئۇنىڭغا ئۆز كۈچىنى خېلىلا كۆرسەتكەنىدى. ئۇلار تاغدىن - باغدىن سۆزلىشىپ شەھەردىن چىقىشتى. ئۇلار بىر خالتا كوچىدىكى ئىشىكى ئاجراپ كېتەيلا دەپ قالغان ھويلىنىڭ ئالدىدا توختاپ ئىشىك چەكتى. ھويلىدىن چىققان ئەر ئۇنىڭ ساۋاقدىشىنىڭ

ئۇلپىتى بولسا كېرەك، قىزغىنلىق بىلەن ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدى. ئۇلار ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەر بىلەن تولغان ھويلىدىن ئۆتۈپ ساھىبخان باشلىغان ئۆيگە كىردى. ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىنىڭ سۇۋاقلىرى چۈشكەن، ئىسلىشىپ تامنىڭ رەڭگىمۇ پەرقلەندۈرگۈسىز بولۇپ كەتكەن ئىككى ئېغىزلىق ئۆينىڭ تاشقىرىسىدا تۆت - بەش ئەر ئۈستەلگە تۆكۈپ قويۇلغان گازىر - خاسىڭلارنى زاكۇسكا قىلىپ ئىچىشىۋاتاتتى. ئۇلار بۇ يېڭى ئۇلپەتلىرىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇشتى. تېخى ساۋاقداشىغا بىرنەچچە ئېغىز ھەزىل چاقچاقنىمۇ قىلىشقا ئۈلگۈردى. ئۇلار ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى. ساۋاقدىشى ئۇلارغا ئۇنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن تېخىمۇ جانلىنىپ كېتىشتى. تۇرۇپلا ئۇنىڭ نەزىرى ئۇلارغا چاي قۇيۇپ يۈرگەن ئايالغا چۈشۈپ قالدى. ئايال ئۇنىڭغا بىرقىسىملا كۆرۈندى. «دۇنيادىكى ئەڭ سەت ئايال بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى ئۇ ئايالنىڭ ئالا - بۇلىماچ قىلىۋالغان گىرىملىرى ھەم قىسقا قىلىپ كېسىۋالغان چېچىنىڭ كىرپىنىڭ تۈكىدەك دىردىيىپ تۇرۇشىغا قاراپ.

ئۇ يېڭى ئۇلپەتلىرى بىلەن تېزلا ئۆزلىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىككىسى خېلى ماھىر سازەندىلەر بولسا كېرەك، ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىپ خەلق ناخشىلىرىنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتتى. ئۇ ئۇسسۇلغا چۈشتى، ھېلىقى ئايالمۇ ئۇنىڭغا جور بولدى. ئايال سېمىز بولغىنى بىلەن ھەرىكىتى ناھايىتى چاققانىدى. ئۇ شۇ تەرىقىدە قانداقلارچە مەست بولۇپ قالغىنىنى تۇيمىدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا مۇزىكا ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى، ئۇسسۇل ئوينىغۇسىلا كېلەتتى.

قاتتىق خورەك ئاۋازى ئۇنىڭ شېرىن ئۇيقۇسىنى بۇزدى. ئۇ «ئۆيگە قانداق كەلگەندىمەن» دەپ ئويلاپ چىراغنىڭ يېپىنى ئىزلەشكە باشلىدى. ئۇ تامنى سىيلاشتۇرۇپ يېپنى زادىلا تاپالمىدى - دە، ئارقىسىنى قىلىپ خورەكنى بولۇشىغا تارتىپ ئۇخلاۋاتقان «دوستى» نى نوقۇشلىدى.

- پەقەت ئۇخلاتمىدىڭ ئادەمنى، خورەكنى بوشراق تارتساڭچۇ ئاداش!

- ۋىيەي، كىم سىزنىڭ ئادىشىڭىز كەن.

ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ لىپ قىلىپ چىراغ ياندى. ئۇ ھەيرانلىقتىن كەينىگە ئۈچۈپ كەتكىلى تاس قالدى. ناتونۇش بىر ئايال چىراغنىڭ يېپىنى تۇتقىنىچە ئىچ كىيىملىرى بىلەن يانپاشلىنىپ ياتاتتى. ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ ئايالغا سەپسېلىپ قارىدى. ئۇ ئاخشام ئۆزى بىلەن ئۇسسۇل ئوينىغان ئۆي ئىگىسى ئىدى.

- نېمە چەكچىيىپ قارايسىز. خۇددى ئايال كىشىنىڭ بىر يەرلىرىنى كۆرۈپ باقمىغاندەك.

ئۇ تەستە ئەسلىگە كەلدى.

- مەن... مەن بۇ يەردە...

- بىلمەس بولۇۋالماڭا تولا، ئاخشام سىز ئۇسسۇل ئوينايمەن دەپ پەقەت كەتكىلى ئۇنىمىدىڭىز، تېخى مېنىمۇ ئۇسسۇل ئوينايمىز دەپ خېلى ئاۋارە قىلدىڭىز، ئاندىن...

ئۇنىڭ قۇلاقلىرى غۇڭۇلداپ، يۈزلىرى قىزاردى. دەرھال يەردىكى كىيىملىرى ئارىسىدىن ئىشتىنىنى كىيىشكە تۇتۇندى. ئايالمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا ئىچ كىيىمنى كىيىپ كارىۋاتتىن چۈشتى.

- نېمە، شۇنچە بالدۇر كېتەمسىز؟

ئۇ ئايالنىڭ سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ كىيىملىرىنى كىيدى. يۈرەكلىرى باشقىچىلا ئەنسىز سوقاتتى. ھېلىلا باشقىلار باستۇرۇپ كىرىپ ئۆزىنى رەسۋا قىلىۋېتىدىغاندەك، «قاراڭلار، ياۋاش دېسە مۈڭگۈزى ئىچىدىكەن ئەمەسمۇ» دەپ مازاق قىلىشىدىغاندەك بىلىنىپ دەرھال ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

- مۇشۇنداقلا كېتەمسىز؟ چاي پۇلىغا چىقىشالمىغان ھالىڭىزغىمۇ ئەر كىشى دەپ يۈرىدىكەنسىزا ئۆزىڭىزنى.

ئۇ دەرھال ئېسىگە كەلدى - دە، يانچۇقىدىن يۈز يۈەننى چىقىرىپ ئايالغا تۇتقۇزدى. ئۇ تاكى ئۆز ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگۈچە يۈز بەرگەن شۇ ئىشنى - تۇنجى قېتىم يات بىر ئايال بىلەن بىللە بولۇپ قېلىشتەك ئەخمىقانە ئىشنى ئويلاپ ئۆزىنى ئەيىبلىدى. «ئاشۇ بەتبەشىرە خوتۇننى كۆزۈم كۆرمىسۇن» دەپ ئۆزىگە ۋەدىمۇ بەردى.

شۇنىڭدىن باشلاپ شۇ كۈندىكى ئىشلارنىڭ ئۇنى ئارامسىزلاندۇرغىنى ئازدەك ئۆزىدە نېمىگىدۇر تەقەززا بولۇشتەك بىر خىل غەيرىي ھېسسىياتنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى. قۇلاق تۈۋىدە ئاشۇ ئۆيدىكى يۈرەكنى تىترەتكۈچى ناخشىلار جاراڭلايتتى. ئاشۇ ئۆينىڭ بىر يەرلىرى ئىسسىق بىلىنىپ كۆڭلى تارتاتتى.

بۈگۈنمۇ ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى. ۋۇجۇدىدا

ئاستا - ئاستا پەيدا بولۇۋاتقان ھاياجانلىرى، تەقەززالىق تۇيغۇلىرى ئۇنى قىينايتتى. ئۇ ئاستا ئايالىغا يېقىنلاشتى، ئارقىسىنى قىلىپ ياتقان ئايالىنىڭ دۈمبىسىنى ئاستا سىيلىدى.

— ئوھۇش، بالىلىرىڭىز ئېڭىكىڭىزگە تاقاشقاندىمۇ ئىزا تارتىشنى بىلمەيدىكەنسىز.

ئايالى غۇدۇراپ كەتتى.

— ئۇلار ئايرىم ئۆيدە تۇرسا، ماقۇل دېسىڭىزچۇ؟

— مىجەزىم يوق. ئۇيقۇڭىزنى ئۇخلاڭ، بولدى.

ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتىپ ئۆرۈلدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە ئاشۇ ئاخشام پەيدا بولدى. ھېلىقى خوتۇن ئۇنىڭ قۇچىقىدا. ياق، ئۇنىڭ ۋىجىكىنە گەۋدىسى قاۋۇل ئايالىنىڭ قۇچىقىدا ئىدى.

ئۇ ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى. ئايالىنىڭ يېنىك پۇشۇلدىشى ئۇنىڭ ئىچىنى سىقىپ بىرقىسمىلا قىلىپ قويدى. ئورنىدىن تۇرۇپ ساپما كەشىنى كىيىپ ھويلىغا چىقتى. ساپ ھاۋادىن ئۇلۇغ نەپەس ئالدى. ئورۇندۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈشكە باشلىدى. خىيالىدا يەنىلا شۇ ئاخشام، ئاشۇ خوتۇن.

«تۇۋا، ئەقلىنى لال قىلغۇدەك نى - نى چىرايلىق قىز - ئاياللارنىڭ خىيالىمغا كىرگىنىنى بىلمەيمەن. توي قىلغاندىن بۇيانقى ئۆمرۈمدە ھېچقاچان خوتۇنۇمدىن ئۆزگە يەنە بىر ئايالغا كۆڭۈل بەرمەي كېلىپ، ئەمدىلىكتە ئاشۇ سەت خوتۇننىڭ ئەقلىمنى ئىگىلەپ كەتكىنى قىزىق. تۇۋا، بولدىلا ئۇ ئىشلارنى ئويلىماي، بەرىبىر مەستلىكتە ئۆتكەن بىر كەچقۇ ئۇ. مەستلىك پەسلىك دېگەن شۇدە!»

ئۇ ئاخىر كاللىسىدىكى ئاشۇ ئىشلارنى چىقىرىۋەتمەكچى بولدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇ ئىشلار ئۇنىڭ خىيالىدىن خېلى نېرى بولغاندەكمۇ قىلدى.

ئاۋغۇست ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. ئۇ ئىسسىقتىن زادىلا ئۇخلىيالمىدى. ھويلىسىدىكى بىر كىشىلىك كارىۋاتتا سوزۇلۇپ يېتىپ يۇلتۇزلارنى يېرىپ كېتىۋاتقان ئايغا قاراپ ئۇنى - بۇنى خىيال قىلدى.

ئىزدەپ بارسام مەلەڭگە
چىقمىدىڭغۇ، ئۆلدۈڭمۇ؟!

. . . . . .

كوچىدىن سوزۇپ ئېيتىلغان ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى. «بىچارە بايقۇش، ۋىسال ئىزلەپ چىقىپ تاقەتسىزلىنىپسەن - دە!»

ئۇ ئۆز خىيالىدىن كۈلۈمسىرەپ قويدى. ناخشا ئېيتقۇچى بىر يىگىت بولسا كېرەك، ئاۋازى جاراڭلىق ئىدى. ناخشىنىڭ قايتا - قايتا ئېيتىلىۋېرىشىدىن ئۇ يىگىتنىڭ قىزنىڭ چىقىشىغا تەقەززا بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئىختىيارسىز ئۇمۇ ياشلىقىنى ئويلاپ قالدى.

ئۇمۇ ياش چاغلىرىدا خۇددى ئاشۇ يىگىتتەك مەھەللىدىكى قىزلارنىڭ بىرقانچىسىگە ئېغىز ئاچالماي كەتكۈزۈپ قويغان. بەزىدە دەشنام يەپمۇ قالغانىدى. ئۇ ناخشا ئېيتالمايتتى. لېكىن ناخشا ئاڭلاشقا ھېرىس ئىدى. ئۇسسۇلنى خېلى ياخشى ئويناپ قوياتتى. تەڭتۇشلىرىدىن بىرقانچەيلەن دائىم مەھەللىدىكى ئايۇپ داپچىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ناخشا ئاڭلايتتى. ئۇنىڭ چىرايلىق قىزى ئۇسسۇلغا بەك ئۇستا ئىدى. ئۇ ئاشۇ قىزنى مارىلاپ كۈندە دېگۈدەك ناخشا ئاڭلاشنى باھانە قىلىپ ئۇلارنىڭكىگە باراتتى. ئايۇپ داپچىمۇ خۇشخۇي ئادەم ئىدى. ئۇ قىزغا كۆيۈپ يۈرگەن كۈنلەردە ئايۇپ داپچى يەنە بىر سازەندە ئاغىنىسىنىڭ ئوغلىغا قىزنى ياتلىق قىلدى. بۇ ئىش ئۇنى تولىمۇ قىينىدى. كېيىن ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا شەھەردىكى تۇغقىنىنىڭ قىزىنى تونۇشتۇردى. قىز ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىنمۇ چىرايلىق ئىدى. ئۇلار تاكى توي بولغۇچە بىرەر ئېغىز پاراڭلىشىپمۇ باقمىدى. تويدىن كېيىن ئۇلار ياخشى ئۆتتى. لېكىن ئۇنىڭدا ئايۇپ داپچىنىڭ قىزىنى كۆرگەندىكىدەك يۈرەك سوقۇش، تەمتىرەش ۋە قىيالماسلىقتەك ھېسسىياتلار قايتا پەيدا بولمىدى. ئايالى ئوماققىنە ئوغۇلنى تۇغقاندا چەكسىز شادلىققا چۆمدى. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ئايالىغا شەرتسىز بويسۇنۇپ قالدى. ئايالىنىڭ ئىشقا بۇيرۇشلىرىنى دەسلەپ ئېغىر ئالغان بولسا، كېيىن ئۇ بۇ خىل تۇرمۇشقا كۆنۈپ قالدى.

يىگىتنىڭ ناخشىنى قايتا باشلىشى ئۇنى خىيالدىن ئويغاتتى. «ياشلىق دېگەن شۇدە. بەلكىم مەشۇقىنىڭ ئانىسىنىڭ ئۇخلىشىنى كۈتۈپ تىتىلداۋاتقاندۇ. . .»

يىگىتنىڭ ناخشىسى ئاخىرلاشتى. لېكىن

ئۇنىڭ قولاق تۈۋىدە دۇتارنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. بارا - بارا ئاۋاز تېخىمۇ ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى. دەل ھېلىقى ئۆيدىكى ناخشىلار قايتا ئاڭلىنىۋاتاتتى. ئۇ ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. تۇرۇپلا ئاشۇ ئۆينى سېغىنىپ قالدى. ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇيان - بۇيان مېڭىپ باقتى. قانداقتۇر بىر كۈچ ئاياغلىرىنى سىرتقا سۆرەيتتى. ئۇ ئاخىر چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ سىرتقا چىقتى. ئىشىك ئالدىدا يەنە ئۇيان - بۇيان ماڭدى.

- پوش، پوش! قانداق خەق بۇ؟

كىمدۇر بىرىنىڭ ۋېلىسىپىت قوڭغۇرىقى بىلەن تەڭلا تۇۋلاپ ئۆزىدىن ئەگىپ ئۆتتۈشى ئۇنىڭ قەدەملىرىنى توختاتتى. ئەمدىلا ئېسىگە كەلگەندەك ئۆزىنىڭ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا قوزۇقتەك تۇرغىنىدىن ھودۇقتى.

«تونۇشلار بولۇپ قالسا نېمىدەپ كېتەر، مەنمۇ ساراڭدەك ئىشلارنى قىلىپ يۈرىمەنمۇ نېمە؟» ئۇ ئۆزىنى ئەيىبلىگىنىچە كەينىگە ياندى، ياندىيۇ، كاللىسىدا لىپ قىلىپ ھېلىقى ئۆي ھەم نېپىز ئۇخلاش كىيىمى بىلەن تۇرغان ئايال پەيدا بولۇپ يەنە توختاپ قالدى. «بۇ كېچىدە خەقنىڭ مەن بىلەن نېمە كارى، خەق مېنىڭ ئارقامدىن مارىلاپ يۈرمىگەندىكىن بىرىپ باقايچۇ قېنى، لېكىن ئۇنىڭ يېنىدا باشقا كىشى بار بولۇپ قالسىچۇ، بۈگۈن بارماي تۇرايمىكىن يا» .

ئۇ يا ئالدىغا مېڭىشنى، يا كەينىگە يېنىشنى بىلمەي بىر ھازا تۇرۇپ قالدى. ۋۇجۇدىدا ئاستا - ئاستا پەيدا بولۇۋاتقان بىر خىل شېرىن تۇيغۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترىتىپ ئارام بەرمەيتتى.

كېلىسەن، كېلىسەن، يارىم كېلىسەن
ئويناپلا كېلىسەن.
. . . . . .

يۈرەكنى ئوينىتىدىغان شوخ ناخشا ئاۋازى، ئاياللىنىڭ بەدەنلىرىنى تولغاپ ئوينىغان ئۇسسۇلى، يەنە تېخى ئۆزىگە مەنىلىك بېقىپ كۆز قىسىشلىرى. ئۇ ئەمدى قارار چىقىرىشقا ئامالسىز قالدى. ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشى تېزلەشتى. ئۇ ئەمدى يۈرەكلىك ھالدا قەدەم ئالدى. لېكىن قاياققا مېڭىشنى، ئۇ ئۆيگە قانداق بېرىشنى ئېسىگە ئالالمىدى.

«ئاپلا، ھېلىقى كۈنى مەستلىكتە گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۇ ئۆيگە قانداق بارغىنىمنى ھەم قانداق قايتىپ كەلگىنىمنى بىلمەيلا قاپتىمەن. ئۆيگە قايتىشىمدا كوچا ئېغىزىدا بىر چىراغ باردەك قىلغان. قايسى يول بىلەن ماڭىدىغان بولغىيتتى» .

ئۇ چوڭ كوچىغا چىقىپلا تەمتىرەپ قالدى. ئۇ ئاۋۋال چىراغلارنى نىشانلاپ ماڭدى. چوڭ تۈۋرۈكلەردە قاتار ئېسىلىپ تۇرغان چىراغلارنى كۆرۈپ مەڭدەپ قالدى. بىرىنچى چىراغ، ئىككىنچى چىراغ. . . ئۇ نۇرغۇن كوچا دوقمۇشلىرىدىكى چىراغلاردىن ئۆتتى. بەزى چىراغلار ئۇدۇلىدىكى كوچا ئەمەستەك بىلىندى، بەزى چىراغلار ئۇدۇلىدا كوچا يوق ئىدى.

مانا ئۇ ئاساسىي كوچىدىن ئۆتتى. ئۇمىدسىزلىك بىلەن باشقا كوچىلارنىمۇ ئايلىنىپ چىقتى. ئۇنىڭغا خۇددى ئۆزى ئەمەس، كوچىلار ئايلىنىۋاتقاندەك، چىراغلار ۋىل - ۋىل قىلىپ ئەتراپىدا ئۇچۇپ يۈرگەندەك بىلىنىشكە باشلىدى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى كوچا ئېغىزىدىلا بىردەم ئولتۇرۇپ دەم ئالدى. ئۇ قايتىشنى ئويلىدى، لېكىن ئاشۇ ئۆينى تېپىش ئىستىكى ئۇنى قايتقىلى قويمايتتى.

تۇيۇقسىز ئۇ ئۆزىدىن خېلى يىراقتىكى قاپقاراڭغۇ كوچىنىڭ بىر يەرلىرىدە چىراغ نۇرىنى كۆرگەندەك قىلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قەدىمىنى تېزلەتتى.

«ئەستا، بۇ ئەمەسمۇ نېمە؟ بۇنداق كوچىدا ماڭغاندەك قىلمايتتىم» . ئۇ ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە قەدىمىنى ئاستىلاتتى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا ناخشا ئاۋازلىرى بوش ئاڭلاندى. ئۇ يېقىنلاپ كېلىپ ھاردۇقى چىققاندەك بولدى. ئەنە دەل شۇ دوقمۇش. تېخى ئۇ قايتىشىدا ھودۇققىنىدىن پۇتلىشىپ كەتكەن دەرەخ كۆتىكىمۇ جايىدا. ئۇ يېنىك تىندى.

سول كۆزىڭىز قايسى،
ئوڭ كۆزىڭىز قايسى
ئاخشام بىرىپ تاپالمىدىم
ياتقان يېرىڭىز قايسى؟

ئەمدى ئۇ ئۆزىنى ناخشىچىلار ئارىسىدا تۇرغاندەك ھېس قىلدى. بارغانچە كۈچىيىۋاتقان ھاياجاندىن ئېغىر نەپەس ئالدى. «بەلكىم ئۇمۇ مېنى ساقلاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلىدى ئۇ دوقمۇشتىن قايرىلىۋېتىپ.

# ھىجران، سىناق نۇقتىلىرىدا

(چاتما نەسر)

## قاسىمجان ئوسمان

1

قارا، بۇ يەردە شامال چىقمىسىمۇ ياپراقلار ناز بىلەن تىترەپ تۇرىدۇ. ئۇ گويا تەشۋىشتىكى ئاشىق يۈرىكىدەك ئىزگۇ سىمانى ئەسلىتىدۇ. بۇ يەردىكى ھەربىر يۈرەك ھىجران رەڭگىدە بېزەلگەن. ئۇ، ھەرقانداق سىناقلاردىن ئۆتۈشكە ھامان تەييار تۇرىدۇ. . .

2

شۇ چاغ مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقماس دەيمەن: ئۇ چاغ مەن يا ھەسرەت، يا خۇشاللىقنىڭ نۇرلىرىنى بىلمەيتتىم. شۇنداقتىمۇ مەن تەقدىرگە بىر چاقچاق قىلغانمەن، بوپتۇ، ساڭا دەپ بېرەي: ئۇ ـ دەل مېنىڭ تۇغۇلۇشۇم ئىدى!

قۇلىقىڭنى يېقىن ئەكەل، بۇنى پەقەت سەندىن ئايرىلغان ئاشۇ ئەتىگەن بىلدىم.

3

مۇھەببەتلىك دۇنيانىڭ سەن بىلەن مۇناسىۋىتى يوقمۇ؟ ياق، چوقۇمكى بۇ دۇنيا سەن بىلەن مېنى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇنى. . . جۇملىدىن شۇنداق گۈزەل ئۆزئارا يارىتىلىشنى بەلگىلىگەن. ئەمما كىشىلەر دائىم بۇ قانۇنىيەتنى بۇزماقچى بولۇشىدۇ.

ۋەھالەنكى، دۇنيا شۇقەدەر تىنىمسىز. ئۇ دائىم ئۆزگىرىدۇ، ئاشىق ـ مەشۇقلار كەچكى سەيلىدە بۇنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قېلىشىدۇ.

4

سەن يۇلتۇزلار ئۆچمەيدىغان ماكانغا كېتىۋالدىڭ، مېنى ئۇزاق ـ ئۇزاق گەپ قىلىشقا زورلىدىڭ. ئەپسۇس، مەن گەپىڭنىڭ راستلىرىنى ئەمدىلا ئېيتىشقا باشلىغىنىمدا سەن ئۆزۈڭنى قايتۇرۇۋالدىڭ ـ دە، چوڭقۇر سۈكۈتتە ئويلاندىڭ. . .

مەن ساڭا تەلمۈرۈپ سۆزلەۋەردىم، سەنمۇ ئېتىراز بىلدۈرمەي ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتتىڭ. جان ـ جەھلىم بىلەن سورىغان قەلب سوئالىمنى مەجنۇنتال رەڭگىگە كىرگۈزۈپ ساڭا سۇندۇم. سەن يەنىلا سۈكۈتتە تۇرىۋەردىڭ.

مەن سۆزلىرىمنى يەنە بىر قېتىم باشتىن سۆزلىدىم. . .

5

سەن لەرزان خىيالىڭدىكى يۇلتۇز شولىسى چۈشكەن ھاياتىڭدا، ئادەملەرنىڭ ھاياتلىقنى ساھىل دەيدىغانلىقىنى ئويلان.

ئۇنداقتا، ئۇ قايسى دېڭىزنىڭ ساھىلى بولۇشى مۇمكىن؟! ئېنىقكى، ئۇ چوقۇم مۇھەببەت دېڭىزىنىڭ ساھىلى!

راستتىنلا شۇ بويىچە بولسا، مەنمۇ شۇ قىرغاقتىكى ساياھەتچى ياكى قاچان قايتىشىمنى بىلمەيدىغان سەيياھ ۋە ياكى ئۇيقۇسىدىن بىدار بولغان بېلىقچى. بىراق سەن پەقەت قەلب دېڭىزىمدىكى تەنھا بېلىق ئىكەنلىكىڭنى ئۇنتۇپ قالما، ئەزىزىم.

6

بىلىمەن، سەن چوڭقۇر خىيالغا باشقىدىن چۆكمەكتىسەن.

مەن يەنە ئازابلىق كۈندۈز، تەشۋىشلىك زۇلمەت كېچىلەردە سەن ئۈچۈن جان پىدا ئەيلەشنىمۇ بىلىمەن!

7

ھەر كۈن، ھەر كېچە يەنە شۇ سەن بار يىراق يۇلتۇزلار ماكانىنى خىيال قىلىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىنىڭ تىمتاس سۈكۈتلىرىڭدىن زېرىكمەن. بىراق، سىنىڭ ماڭا بولغان مەيلىڭنى يا كېچىلەر قوينىدىن تاپالمىدىم، يا چەكسىز تەپەككۇر دېڭىزلىرىدىن ئۇچرىتالمىدىم.

يەنىلا كۈتۈپ تۇراي، شۇنداق كۆڭلىرىم ۋە شۇنداق ئۇيقۇسىز تۈنلىرىم ئۆتتۈەرسۇن قېنى! ئىزلەپ كېلەمسەن.

**8**

ئالەمدىكى بارچە مەۋجۇتلۇقنى ئۆزگە مەھلىيا قىلىدىغان نەرسە يەنىلا مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى سەندىن ئايرىلىپ تەنها قالغان يامغۇرلۇق بىر سەھەردىكى چۈشۈمدە كۆردۈم.

ئويغىنىپ ئويلاندىم، خىيالچان كۆزلىرىمدە زىبا سىماھىڭ زاھىر بولدى: كۆزلىرىڭدە قەلبىڭ نامايان بولۇپ، خۇددى بىر دېڭىزغا ئايلاندى. مەن ئۇنى ئارمان قىلىپ شوڭغۇدۇم.

مەن ئۇنىڭغا قاچان شۇڭغۇدۇم، شۇنىڭدىن بېرى تا ھازىرغىچە ئۇنىڭدا ئۈزۈپ يۈرىمەن ھەم ئۇنىڭ ۋىسال ساھىلىنى ئىزدەيمەن. يا بىر يولىلا چۆكۈپ كەتمىدىم. ئۈزۈپ چىقىشىڭمۇ ئىمكانى يوق. ئەمدى بىلدىم! ئەسلىدە سەن مېنى ئۇزاقتىن - ئۇزاق سىنىماقچى ئىكەنسەن - دە. ھەي، مۇھەببەت. . .

**9**

سېنى تۇيۇقسىز يۇتتۇرۇپ قويغىنىمدەك سەن بىلەن تاسادىپەن ئۇچرىشىپ قېلىش مەن ئۈچۈن تولىمۇ شېرىن ئىكەن. ئەمما سەن مېنى دەپ خىيالمۇ سۈرەمدىغانسەن؟

سۆزلەۋەرسەم سېنى ئۇنتۇپ قالىمەن. ئەڭ ياخشىسى مۇنداق بىر مەخپىيەتلىكنى ساڭا ئېيتىپ بېرەي:

- شۇۋىرلاشلىرىمنى دەريانىڭ مۆگلىرىدىن تېپىۋال. بۇ سۆزلەرنى مەن ساڭا ئېيتالمىغان ھەم ھېچقاچان ئېيتمىغان. . .

**10**

ھەر كۈنى تىمتاس كېچە قوينىدا يىگانىمەن. سۈكۈتلىرىم بىلەن ئوينىشىپ، يەنىلا چەكسىز خىيالغا چۆكىمەن.

دېرىزەمدىن غۇۋا چىراغ يورۇقى چۈشۈپ تۇرىدۇ. مەن سىنىڭ دەل مۇشۇنداق پەيتتە كېلىشىڭنى، ئويلايمەن.

شۇ كېچە - غۇۋا چىراغ يورۇقى مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

**11**

كەچمىشلىرىمنىڭ ساڭا بېغىشلانغانلىقى ئېسىمدە دىلبىرىم. ئۇنىڭ ئەبەدىيلىك بەتلىرى كىشىلىك ھاياتنىڭ قىزىقارلىق نۇقتىسىدا جۇلالاناتتى. . .

ئۇنىڭدا ئېسىڭدىن كەچمىگەن، ئەمما سەن مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايدىغان يالغۇزلۇق ناخشىلىرىم مەۋج ئۇرماقتا. بىلىپ قال: ئۇ بەزەن قۇرۇقلۇقلاردا، بەزەن دېڭىزلاردا لەرزان لەيلەپ يۈرۈپ، ئاخىر سەن بىلەن مېنىڭ ئايرىلىقىمدا ئىككىنچى سامان يولىنى بەرپا قىلىدۇ.

**12**

تۇيغۇلىرىم ئۆزىنى يوقاتقاندا يول ماڭغۇم كېلىدۇ. بىراق يوللار مەن ساڭا بەكمۇ ئۆچ! سەن ئاخىرلاشماس قەدەملىرىڭ بىلەن دىل كۆكىمدىكى دىلدارىمنى يىراق - يىراقلارغا ئېلىپ كەتتىڭ. رەنجىپ قالدىڭمۇ؟ بىز ئىككىمىز ھېچقاچان رەنجىشمىگەن، بىز مەڭگۈ رەنجىشەلمەيمىز، شۇنداقمۇ ئامرىقىم؟!

كەل نىگارىم، تەپەككۇر قۇچىقىمدا بىخارامان يات. مۆڭلارغا تولغان سۆيگۈ قەسىدىلىرىمگە قۇلاق سال. مەن تاتلىق ئازابقا تولغان ئاھاڭلىرىمنى مەڭگۈ يوقىتىپ قويۇشنى خالىمايمەن. چۈنكى بۇ ئازاب مەندىكى چەكسىز ئۈمىدنى ئۈزلۈكسىز ئۇزۇق بىلەن بەھرىلەندۈرىدۇ.

خەير دىلبىرىم، سەن كەتكەن بۇ يولدا مەن سېنى كۈتمەكتىمەن. سەن سەپىرىڭنى داۋام ئېتىۋەر، مەن سېنى يىراقتىن كۆرۈپ تۇراي، ئىككىمىز سۆيۈشكەن گۈزەل چاغلاردا ماڭا بەرگەن سۈرەتلىرىڭنى ئەبەدىي سۆيۈپ قوياي. مۇمكىنسىز سۈكۈتلىرىم تېخىچە ماڭا ھەقىقىي سېنى ئېرىشتۈرەلمىدى.

دىلىمدىكى تىنىمسىز ئارمانلار چىراغ نۇرلىرىدىن يىپ تارتىپ قۇياشقا تۇتاشتى.

مەۋجۇتسىز بوشلۇقتىكى رەڭدار خىياللىرىم بىرنەچچە رەت ۋىسال قەترىلىرىنى سوۋغا قىلدى.

ھىم ئېتىلگەن ئىشىك ئاخىر ئېچىلدى. سەھرايىمدەك سەممىمىي يۈرىكىم ئاۋۋالقىدەكلا قاتتىق سوقۇپ كەتتى. تەھقىقكى، كىرىپ كەلگەن چوقۇم سەن ئىدىڭ.



# ئاكام ئەركىنجان ئەمەتنى ئەسلەيمەن

ئەسئەت ئەمەت

مېھىر - شەپقەتلىك، مۇلايىم ئاشۇ ئاكامنىڭ قىرغىزىستاندا يۈز بەرگەن «27 - مارت پاجىئەسى»گە ئۇچراپ بىزنى مەڭگۈ ئويغانقىلى بولمايدىغان دەھشەتلىك چۈش ئىچىگە تاشلاپ كەتكىنىگە ئەسلا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. ئاكام ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كەم ئۇچرايدىغان ئەستايىدىل يازغۇچى ئىدى. ئائىلىدە مەسئۇلىيەتچان ئوغۇل، ئاكا ۋە ئۇستاز ئىدى. مېنىڭ بولسا قېرىندىشىم، دوستۇم، ھېچكىم ئورنىنى باسالمايدىغان پىكىرداشىم ھەم ئۇستازىم ئىدى. ئىنسانىيەت دۇنياسىدا كەم ئۇچرايدىغان بۇ ۋەھشىيلىك ئاكامنىڭ تېخى 38 ياشقا كىرمىگەن ياش ھاياتىنى ئېلىپ كەتتى. ئەگەر ئاكام داۋاملىق ياشاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنمىغان بولسا ئۆز پەرزەنتىنى (سەككىز ياشلىق ئوغلى بابۇرجاننى) خۇددى ئۆز ئۇكىلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىگەندەك تەربىيىلىگەن، كېسەلچان ئانىسىغا كۆيۈمچان ئوغۇللۇق مېھىر - شەپقىتىنى داۋاملىق يەتكۈزگەن، كىچىكلا دادىدىن يېتىم قالغان ئۇكىلىرىغا دادىسىنىڭ ئورنىنى بېسىپ ئائىلە باشلىقلىق يۈكىنى داۋاملىق ئۈستىگە ئالغان، يەنە نۇرغۇن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت بايلىقىنى بېيىتقان، تەرەققىپەرۋەر ياشلارنىڭ ۋە مېنىڭ پىكىر قىلىش ۋە يېزىش ئىستىلىمغا داۋاملىق تەسىر كۆرسەتكەن بولاتتى.

ئاكامنىڭ ۋاپاتى ئائىلىمىز ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئەستايىدىل زىيالىيغا ئىنتايىن موھتاج ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۈچۈنمۇ زور يوقىتىش بولدى. ئاكام 1965 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تۇغۇلغان بولۇپ، ئۆيدە ئالتە بالىنىڭ چوڭى ئىدى. مەن ئاكامنى ئاكام سۈپىدا مېنى ئەركىلىتىپ بېشىمغا بېشىنى تەگكۈزۈپ ئويناۋاتقان ھالدا تۇنجى ھېس قىلغانىدىم. ئۇ چاغدا مەن ئىككى ياشلاردا بولسام كېرەك. بىزنىڭ يېشىمىز دەل بىر يېرىم ياش پەرقلىنەتتى. ئانام ئاكامنىڭ بالىلىق دەۋرىنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاكاڭلار كىچىكىدىن مىجەزى تىنچ ئىدى. زادى خاپا قىلمايتتى، بۇنداق بالىدىن ئونى بولسىمۇ ئاتا - ئانىغا ھېچقانچە ئېغىرچىلىق چۈشمەيتتى. ھەر بىرىڭلار تۇغۇلغاندا ئاكاڭلار قاتتىق خۇش بولۇپ كېتەتتى. بىز خىزمەتكە چىقىپ كەتكەندە سىلەرنى مەسئۇلىيەتچان چوڭ ئادەملەردەك كۆڭۈل قويۇپ باقاتتى ھەم ‹ئانا ماڭا يەنە ئۇكا تۇغۇپ بەر› دەپ كىچىك تۇرۇپلا ئۇكىلىرىنىڭ ئاۋارىچىلىقىنى تارتىۋاتقىنىغا قارىماي يەنە بىر ئۇكىلىق بولۇشقا تەقەززا بولاتتى. مەن بەش بالىلىق بولغاندا ئەمدى يەنە بالىلىق بولۇشقا سالامەتلىكىم يار بەرمەيدۇ دەپ قاراپ، بولدى قىلاي دېگەندە ئاكاڭلار يەنە شۇ ئەستايىدىللىقى ۋە مۇلايىملىقى بىلەن ‹يەنە بىر ئۇكا تۇغۇپ بەر،

بۇدۇ بىرنى تۇغۇپ بەرسەڭ سېنى ھەرگىز خاپا قىلمايمەن)، دەپ يىلىنىپ ۋەدە بەرگەن. ئاكاڭلارنىڭ تەلپىنىشى يەردە قويغۇم كەلمەي كىچىك ئۇكاڭلارنى تۇغقان». كىچىك ئۇكام تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۇنى بېقىش ئاكامدىن ئاشمايتتى. ئاكام بىزدەك ئويۇن - تاماشاغا بېرىلمەي كۈن بويى كىچىك ئۇكامنى بويىنىغا مىندۈرۈپ ھەر يەردە ئويناتىپ يۈرەتتى. كىچىك ئۇكام ئازراق بىرنەرسە چۈشىنىدىغان بولغاندا ئاكام ئۇنىڭغا ئۆزى توقىغان ياكى دادام ئېيتىپ بەرگەن لەتىپە، چۆچەكلەرنى ئاددىيلاشتۇرۇپ سۆزلەپ بېرەتتى. دادام ئۆلۈپ كەتكەندە بۇ كىچىك ئۇكام تۆت ياشتا بولۇپ، ئاكام ئۇنى تاكى ئالىي مەكتەپكە يولغا سالغۇچە ئۆزى بىر قوللۇق تەربىيىلىگەنىدى. خۇددى دادام بىزگە قىلغاندەك ئۇكامنىڭ دەرستىن سىرت ئوقۇيدىغان كىتابىنى ئۆكسىتىپ قويمىغان ھەم ئۇكام تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىلا ئۇنى ئىنگلىز تىلى ئۆگەن دەپ ھەيدەكچىلىك قىلغان ھەم شارائىت يارىتىپ بەرگەنىدى. ئۇكامنىڭ ئوقۇشتىن يارانقان نەتىجىسىنى (ئۇ ھازىر ماگىستىرلىق ئاسپىرانتى) ئاكامنىڭ تەربىيىسىنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ. ئاكامنىڭ شۇنچە كۆپ چۆچەك، لەتىپىلەرنى نەلەردە ئاڭلاپ ئەستە تۇتۇۋالغىنىغا ئەقلىم ھەيران بولاتتى. تېخى بۇ چۆچەكلەر تەكرارلانمايتتى. تەكرارلانسىمۇ ئالدىنقى قېتىمغا تامامەن ئوخشىمايدىغان نەتىجە بىلەن ئاخىرلىشاتتى ھەم ئۇ چۆچەكلەر شۇنداق قىزىقارلىق، ئەھمىيەتلىك ھەتتا زېھىن سىناش تۈسىنى ئالغان بولۇپ، بىز ياكى كىچىك ئۇكام ھېچقاچان زېرىكىپ قالمايتتۇق. ئۇنىڭدەك قىزىقارلىق تەپسىلاتلارنى توقۇيالمايتتىم. مەن چۆچەك ئېيتسام ئۇكىلىرىمنىڭ چىرايىدىن زېرىككىنىنى، كۆڭلۈمنى ئاياپ ئاڭلاۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋېلىشقىنىنى بايقاپ قالاتتىم - دە، چۆچىكىم تېخىمۇ قولاشماي قالاتتى. ئاكام ھېچقانچە كۈچىمەيلا بىمالال ئېيتىۋېرەتتى. ئاكامنىڭ بۇ خىل ھېكايە توقۇش ئىقتىدارى كېيىن يېزىقچىلىقىدا تېخىمۇ ئېنىق نامايان بولغانىدى.

دادام خىزمەت ئېھتىياجى سەۋەبىدىن دائىم ئالدىراش يۈرەتتى ياكى سەرتلارغا، يېزىلارغا كېتىپ قالاتتى. ئاكام بولسا ئۆيدە ئانامنىڭ گېپ ئاڭلايدىغان ياخشى بالىسى ئىدى. كىچىكلەر چوڭلارنى دورايدىغان ئادەت بويىچە ھەممىمىز ئاكىمىزدەك بولۇشقا تىرىشاتتۇق. ئانامنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، «ئۇ شۇنداق ياخشى تەربىيە كۆرگەندەك ئەدەپلىك، ھەرقانداق شارائىتتا ئۆزىنى قانداق تۇتۇشنى بىلىدىغان بالا ئىدى. بىز ئەزەلدىن ئۇنىڭغا بىر ئېغىز نەسىھەت قىلىپ باقمايتتۇق، ئۇ ھەر خىل مىجەزدىكى باللار بىلەن چىقىشىپ ئۆتەلەيتتى. ئۇرۇشۇپ قالمايتتى». ئاكامنىڭ بۇ خىل ئېغىر - بېسىق، ھەممىلا ئادەمگە ئورتاق قارايدىغان ئادىتى ئىجادىيىتىگە ئالاھىدە كۈچ قوشقانىدى.

دادام ئائىلە ئىقتىسادىمىزنىڭ ناچار بولۇشىغا قارىماي ئۇيغۇر تىلىدا چىققان ھەرقانداق كىتابنى ئېلىپ بېرەتتى. ئۇ كىتابلارنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ چىقىدىغان يەنىلا ئاكام ئىدى. ئاندىن ئۆزى ياخشى دەپ قارىغان ئەسەرلەرنى بىزگە ئوقۇپ بېرەتتى. كىتاب ئوقۇش ئائىلىمىزنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى بولۇپ، بۇ ئالاھىدىلىكنىڭ يېتىلىشىدە دادامدىن قالسىلا ئاكامنىڭ ھەسسىسى كۆپ ئىدى. ئانام بىزنىڭ «كىتاب خالتىسى» بولۇپ قېلىپ، جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ قېلىشىمىزنى خالىمايتتى. شۇڭا ئانام «ئويناپ كىرىڭلار» دەپ سىرتقا قوغلىسا بىز قىرائەتخانىغا بېرىۋالاتتۇق. قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدىكى شۇ قىرائەتخانا شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرىمۇ، كېچىلىرىمۇ داۋاملىق ئوچۇق بولاتتى. كىتابلىرى كۆپ، ئىچى ناھايىتى كەڭ، ئازادە ئىدى. ھەتتا ھازىرمۇ ئۇنداق ياخشى باشقۇرۇلغان، كىشىلەرگە ھەقسىز نەپ بېرىدىغان قىرائەتخانا چوڭ شەھەرلەردىمۇ كەم ئۇچرايدۇ. قىرائەتخانا كىتابلىرىنى سىرتقا ئىجارىگىمۇ بېرەتتى. دادام ئالدىراشلىقىغا قارىماي بىز سېتىۋالالمىغان ياكى بۇرۇن چىققان كىتابلارنى داۋاملىق ئىجارىگە ئېلىپ بېرەتتى ۋە كىچىكتۇرمەي ئالماشتۇرۇپ بېرەتتى. ئاكام ئىككىمىزنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرى شۇ قىرائەتخانىدا ئۆتكەنىدى. قىرائەتخانا تازىلىق ياكى يىغىن سەۋەبىدىن ئېچىلماي قالسا نەگە بېرىشىمىزنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالاتتۇق. مەن تاكى 1984 - يىلى ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا

كەتكىچە كېچە - كۈندۈز بىللە ئىدۇق. ئۆيدە ئاكا - ئۇكا، سىرتتا يېقىن دوست ئىدۇق. ھەۋەسلىرىمىزمۇ، پىكىر قىلىش ئۇسۇلىمىزمۇ ئوخشاش ئىدى. 1982 - يىلى 8 - ئايدا دادام ئالەمدىن ئۆتتى. ئانام 37 يېشىدا ئالتە بالا بىلەن تۇل قالدى. بالىلارنىڭ چوڭى ئاكام 17 ياشتا، كىچىك ئۇكام تۆت ياشتا ئىدى. ئاكام شۇ يىلى دادامنىڭ ئورنىغا خىزمەتكە چىقىپ ئۆينىڭ دەردىنى ئانام بىلەن تارتىشقا كىرىشتى. ئاكامنىڭ ئالىي مەكتەپتە مۇنتىزىم تەربىيە كۆرۈش ئارزۇسى بولسىمۇ دادامنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ئالىي مەكتەپكە قايتا ئىمتىھان بېرىش (تۇنجى يىلى ئۆتەلمىگەن، مەكتەپنىڭ نەتىجىسى ئومۇميۈزلۈك تۆۋەن بولۇپ قالغان) ئارزۇسىدىن ۋاز كېچىپ، خۇددى چوڭلاردەك ئائىلىنى قامداش ھەلەكچىلىكىگە چۈشۈپ كەتتى. ئاكام تاكى پاجىئەگە ئۇچرىغۇچە بىرەر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ مۇنتىزىم بىلىم ئاساسى ھازىرلاش نىيىتىدىن ۋاز كەچمىگەنىدى. 2000 - يىلى شىئەندىكى بىر ئالىي مەكتەپتە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى ئالاقىلىشىپ ئۆيدىكىلەر بىلەن پىكىر بىرلىكىگە كېلەلمەي بارالمىغانىدى. مەن تەسەللى بېرىپ «ئالىي مەكتەپتە ياخشى ئوقۇغانلارمۇ جىق ئۆگەنسە سەنچىلىك ئۆگىنىدۇ» دېسەم، ئاكام «خوتۇن - بالىنىڭ، دوست - بۇرادەر ۋە زۆرۈرىيەتسىز باردى - كەلدى مۇئامىلىلەرنىڭ كاشىلىسىغا ئۇچرىماي ئۈچ - تۆت يىل ۋاقىتنى ئۆگىنىشكە قارىتىۋالسام سەۋىيەممۇ ئۆسۈپ قالاتتى، كاللاممۇ ئارام تېپىپ قالاتتى» دېگەنىدى. ئاكام ناھىيىلىك پاختا زاۋۇتىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان بولۇپ، ئورنى ناھىيە سىرتىدا ئىدى. ئاكام خىزمىتى قانچە جاپالىق، ئالدىراش بولسىمۇ كىتابنى قولدىن چۈشۈرمەيتتى. كېيىن دادام خىزمەت قىلغان ئەمگەك - كادىرلار ئىدارىسىغا قاراشلىق ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىگە يۆتكەپ قويۇلدى. ئاكام شۇ چاغلاردا ئۆزلۈكىدىن خەنزۇچە ئۆگىنىپ، خەنزۇچە كىتاب ئوقۇشقا كىرىشكەن ھەم خەنزۇ مەتبۇئاتلىرىدا تونۇشتۇرۇلۇشقا باشلىغان غەرب پەلسەپىسىگە قىزىقىپ قالغانىدى. ئاكام ماڭا فرانسىيە پەيلاسوپى كامۇس (ئۇيغۇرچىغا كىماس دەپ تەرجىمە قىلىنغان) نىڭ «سىشفىس ئەپسانىسى» دېگەن ئەسىرىدىن ھېس قىلغانلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن ۋە ئۇيغۇر تىلىدا توختىماي نەشر قىلىنىپ تۇرىدىغان، ۋاقتى ئۆتكەن پىكىر قىلىش ئۇسۇلىدا يېزىلغان، ئادەمنىڭ تەپەككۇرىغا ھېچقانداق يېڭىلىق ئېلىپ كەلمەيدىغان كىتابلار دۆۋىسى ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشىمغا زور ياردەم بەرگەنىدى. ئاكام يەنە سارتىر، شوپىنخائۇئېر، نىتزى قاتارلىق پەيلاسوپلارنىڭ ئىدىيىلىرىنى تونۇشتۇرغان ماقالىلەرنى ئوقۇپ ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىزدەشكە كىرىشكەن. ئۇ چاغلاردا خەنزۇچە مەتبۇئاتلاردىمۇ ئۇلارنىڭ مەخسۇس ئەسىرىنى تېپىش تەس بولۇپ، قەشقەردىن تېپىش تېخىمۇ مۇشكۇل ئىدى (بۇنداق كىتابلارنى ھازىر ناھىيىلەردىمۇ تولۇق تاپقىلى بولىدۇ. ئۆگىنىش ئىرادىسى بولسىلا شارائىت ھازىر بۇرۇنقىدىن كۆپ ياخشى). مەن ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەندىن كېيىن بىر تەتىلدە ئاكامغا شوپىنخائۇئېرنىڭ «مۇھەببەت ۋە ھاياتنىڭ دەرد - ئەلىمى» دېگەن ئەسىرىنى، نىتزىنىڭ بىر پارچە شېئىرلار توپلىمىنى ئالغاچ بارغان. ئاكام مەن خۇددى گۆھەر ئالغاچ بارغاندەك ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ كىتابلارنى ئوقۇپ تەسىراتلارنى سۆزلەپ بېرەتتى، مۇھىم دەپ قارىغان يەرلىرىنى ئوقۇپ بېرەتتى (مەن گەرچە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بولسامۇ خەنزۇچە سەۋىيەم ئاكامدىن كۆپ تۆۋەن ئىدى). مەن ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغلاردىلا يازغۇچى بولۇش كويىدا تىمىسقىلاپ يېزىش مەشىقى قىلاتتىم، يازغانلىرىمنى ئاكامغا كۆرسەتسەم، ئاكام «ھېكايىگە ئوخشاپتۇ» دەپ قوياتتى. ھازىر ئويلىسام خىلمۇ خىل ۋەقەلەرنى قوغلىشىپ يازغان، پىكىر ياكى يېزىش ئۇسۇلىدا ھېچقانداق ئۆزگىچىلىك يوق، ئىجادىيەت دېگىلى بولمايدىغان (ئىجادىيەت دېگەن سۆز يېڭى بولۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى) ئۇ ئەسەرلەر تولىمۇ كۈلكىلىك ئىدى. ھەتتا 1984 - يىلى يازغان، 1989 - يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا كۈتمىگەندە ئېلان قىلىنىپ كەتكەن (بۇنداق دېيىشىم، ئۇ ئەسەرنى 1985 - يىلى ئۇرۇمچىدىكى بىر تونۇشىمىز بىرەر ژۇرنالدا ئېلان قىلدۇرۇپ بەرمەكچى بولۇپ ئېلىپ قېلىپ تۆت يىلدىن كېيىن، مەن ئۇنتۇپ قالغاندا تويۇقسىز ئېلان

قىلىنىپ كەتكەن) «قەلەندەرنىڭ سەدىقىسى» ناملىق ھېكايەمنى ئاكامنىڭ ياراتمىغىنى ئۈچۈن نەچچە يىل ئىچىمدە نارازى بولۇپ يۈرگەنىدىم. ئاكامغا ئۇ ھېكايىنى ئوقۇپ بەرسەم، ئاكام «ۋەقە بازاري دېسەڭ ۋەقە دېگەن كوچىدا جىق، يولىنىڭ ئاسىنىنى تېپىۋالدىڭمۇ نېمە؟» دەپ تەنە قىلغانىدى. ئاكامنىڭ بىر ئىشلارغا ئىزاھات بەرمەيدىغان ئادىتى كۆپ ھاللاردا ئارىمىزدا ئۇقۇشماسلىق كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. ئەمما كۆپ ھالدا ئۇنىڭ دېگىنى توغرا چىقاتتى. ھېچقانچە ئۆگەنمەيلا ۋەقە توقۇش، پېرسوناژ تەسۋىرلەشنىلا بىلىۋېلىپ ھېكايە، پوۋېست يېزىپ كەتكەن ھەم يازغان شۇ نەرسىلىرىمنى ھاياجان بىلەن باشقىلارغا ئوقۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئالقىش ياغدۇرۇشىنى تەمە قىلىپ ئۆتكۈزگەن شۇ يىللاردا ھېچقاچان ھېكايىلىرىمغا ئاكامدىن ياخشى باھاغا ئېرىشىپ باقمىغانىدىم. شۇڭىمۇ ئاكامغا كەمدىن - كەم ئەسەر ئوقۇپ بېرەتتىم. كۆپرەك ئاكامنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئولتۇراتتىم. ئىچىمدە ئاكام پەلسەپىگە قىزىقىدۇ، ئەدەبىياتتىن خەۋىرى يوق دەپ ئويلايتتىم، ئەمەلىيەتتە پەلسەپەنىڭ تۇرمۇشنى، جەمئىيەتنى چۈشىنىشنىڭ ئاچقۇچى ئىكەنلىكىنى، تۇرمۇشنى، جەمئىيەتنى چۈشەنمەي ھەقىقىي يازغۇچى بولماق دېيىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى يەنىلا ئاكامدىن ئۆگەنگەنىدىم. ئاكامنىڭ بىلىمى كۆزقارىشىمغا، ئىجادىيىتىمگە كۆپ تەسىر كۆرسەتكەن، ئەسەرلىرىمگە بۇرۇنقىدىن قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئاز يازىدىغان، كۆپرەك ئۆگىنىدىغان بولغانىدىم.

ئاكامنى ياش زىيالىيلار ئارىسىدا غەرب مەدەنىيىتى بىلەن ئەڭ بالدۇر ئۇچراشقانلارنىڭ بىرى دېيىشكە بولاتتى. ئاكام مەدەنىيەتتە ئالغا كەتكەنلەرنىڭ بىلىمىنى ئۆگىنىش ئارقىلىقلا بېكىنمە، ئار ھالەتتىكى يەرلىك مەدەنىيەتنى يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئېرىشتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى خېلى بۇرۇن ھېس قىلغانىدى. ئەمما ئاكام بىر ئۆمۈر خۇددى ھېچنەرسە بىلمەيدىغان ئوقۇغۇچىدەكلا كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەندى. بىلىمدانلىق قىلىدىغان سورۇنلاردىن ئۆزىنى تارتىپ كەلدى.

1984 - يىلى ۋە 1985 - يىلى چوڭ سىڭلىم ئىككىمىز ئىلگىرى - كېيىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا ئۆتتۇق. بۇنىڭ بىلەن ئائىلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي يۈكى تېخىمۇ ئاشتى. ئانامنىڭ دېيىشىچە، تا بىز ئوقۇش پۈتتۈرگەن 1989 - يىلغىچە ئاكام مائاشىنى ئانامغا تولۇق تاپشۇرۇپ، بىر پۇڭىنىمۇ ئىسراپ قىلماي، ئۆزى يوقسۇز ياشاپ كەلگەنىكەن. ئەمما بىر قېتىممۇ مىننەت قىلىپ باقمىغان. مىننەت قىلماسلىق ئاكامنىڭ ئەڭ ياخشى پەزىلەتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بىز ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چىققاندىن كېيىنمۇ تاكى توي قىلىپ ئۆي ئايرىغىچە ئاكامنىڭ مائاشى ھېچقاچان ئاكامنىڭ ئۆزىنىڭ شەخسىي مۈلكى بولۇپ باققان ئەمەس ئىدى.

بىز ئالىي مەكتەپكە كەتكەن يىلى ئائىلىمىز قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدىن ئاتۇشقا كۆچۈپ كەلگەنىدۇق. ئاكام شۇ يىلى قەشقەرلىك بىر قىز بىلەن مۇھەببەتلەشكەن، ئۇلار بىر - بىرىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈشكەنىدى. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇلارنىڭ سۈرۈشۈپ يۈرۈشىنى ياقتۇرماي «توي قىلمىسا قىزىمىزنى ئاۋارە قىلمىسۇن» دېگەن پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۇ چاغ ئائىلىمىز ئاتۇشقا يۆتكىلىپ، ئانام يۆتكەلگەن سىفەن مەكتەپنىڭ ئۆيى بولمىغاچقا، ئانام شەخسىي ئۆي سېلىشقا كىرىشكەن، ئانام بىلەن ئاكامنىڭ مائاشى ئۆي سېلىش ۋە سىڭلىم ئىككىمىزنى ئوقۇتۇش ۋە باشقا بەش جان بار ئائىلىنى قامداشقا يەتمەي نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلغان بولغاچقا، ئانام توي قىلىپ بېرىشكە چارىسىز قالغان، ئاكاممۇ ئانامنى خىجىل قىلمىغان، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرگەنىدى. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى شۇ يىلى قىزنى باشقا ئائىلىگە ياتلىق قىلماقچى بولغان، قىز ئاتا - ئانىسىغا ھەرقانچە قارشىلىق كۆرسىتىپمۇ ئاتا - ئانىسىنى قايىل قىلالمىغان. ئانام كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ بۇ تۈنجى زەربىسىدىن ئاكامنى ساقلاپ قېلىشقا بارلىق تىرىشچانلىقىنى كۆرسەتكەن، ھەرقانچە قىيىنچىلىق بولسىمۇ ئۇلارنىڭ تويىنى قىلىش نىيىتىگە كېلىپ ئەلچى بولۇپ بېرىپ نۇرغۇن ۋەدە بەرگەن، ئەمما قىزنى ئاتا - ئانىسى «قىزىمىزنى ئاتۇشقا ياتلىق قىلمايمىز، جاپا تارتىپ قالىدۇ، قىزىمىز كىچىك بولغاچ بىلەلمەيۋاتىدۇ، ئەگەر ئەركىنجاننى قەشقەرگە يۆتكەپ قويساڭلار، بۇ تويغا قوشۇلاتتۇق» دېگەن شەرتنى قويغان، ئاكام ئانامنىڭ ۋە

ئائىلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە روھىي يۆلەنچۈكى (چوڭ سىڭلىم ئىككىمىز ئالىي مەكتەپتە يەنە تۆت يىل ئوقۇيتتۇق) بولۇپ، ئانامغا ھەمراھ بولمىسا بولمايتتى. شۇنداقتىمۇ ئانام دادامنىڭ خىزمەتداشلىرى ئارقىلىق يول ماڭغان، ئەمما ئاكام ئائىلە ئەھۋالىمىزنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇ ئىشنى خىيالىدا يوقتەكلا بولدى قىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن قىزنىڭ ئائىلىسى قىزنى ئۆزلىرى خالىغان ئائىلىگە ياتلىق قىلىۋەتكەن. قىز شۇ چاغدا ئۆلۈۋالىمەن دەپ ماشىنىنىڭ ئالدىغىمۇ ئۆزىنى تاشلىغانىكەن.

ئانام «ئاكاڭ بىلەن مىجەزى شۇنچە چىقىشىدىغان، ئاكاڭنىڭ بىر ئىشلارغا ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان ئارتۇقچىلىقىنى ھۆرمەت قىلىدىغان، ئاجىزلىقىدىن پايدىلانمايدىغان ئۇنداق قىزدىن يەنە بىرنى كۆرمىدىم» دېگەنىدى. ئانام ئۇ قىزنى ئاكامغا ئېلىپ بېرەلمىگىنى، دەسلەپ قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى توي قىلىۋېتىش تەلىپىنى قويغاندا ئىقتىساد سەۋەبىدىن دەرھال ماقۇل دېيەلمىگىنى، بولۇپمۇ ئاكامنىڭ تاللىشىغا قاراپ ئولتۇرماي ئاكامنى قەشقەرگە يۆتكەپلا توينى قىلىۋەتمىگىنى ئۈچۈن ئۆزىنى كۆپ ئەيىبلىگەنىدى. ئاكام ئۇ ئىشنى ئانامنى خىجىل قىلماسلىق ئۈچۈن ئوڭايلا بولدى قىلغانىكەن، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنىڭ يىلتىزى ناھايىتى چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى بىز كېيىنچە بىلگەنىدۇق. ئۇ قىز توي قىلىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇزۇن يىللارغىچە ئاكام ئۇ قىزنى يوقلاپ تۇراتتى. ئاكامنىڭ ئۇ قىزنى يوقلىشىدا باشقىچە نىيەت يوق بولۇپ قىزنىڭ بەختسىزلىكىگە تەسەللىي بېرىشنى مەقسەت قىلغانىدى. شۇ ئىشتىن ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن بىر تەتىلدە ئاكام بىلەن قەشقەرگە كىرگەنىدۇق (ئاكام قەشقەرگە ئاساسەن كىتابخانىغا يېڭى كىتاب چىققان - چىقمىغىنىنى بىلىش ئۈچۈن كىرەتتى). ئاكام ئۇ قىزنى يوقلاپ ئۆتمەكچى بولدى. مەن سىرتتا ناھايىتى ئۇزۇن ساقلىدىم، ئاكام چىققاندىن كېيىن يولدا كېتىۋېتىپ ئاكامنىڭ ئۆزىنى ھەرقانچە بېسىۋېلىشقا تىرىشىپمۇ كۆز يېشىنى تۇتۇۋالالمىغىنىنى كۆرۈپ نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالغانىدىم. ئاكام ئۇ قىزنى بىر ئۆمۈر ئۇنتۇيالمىغان بولسىمۇ، ھېچقاچان ئانامغا «مەن ھەرقايسىڭ ئۈچۈن بەختىمنى قۇربان قىلغان» دەپ مىننەت قىلىپ باقمىغان. ئائىلىنىڭ ئېغىر يۈكى ئاكام 17 ياش چاغدىلا زىممىسىگە چۈشكەچكە تۇرمۇش غېمى ئاكامنى ھەممىمىزدىن ئېغىر - بېسىق، جىمغۇر قىلىۋەتكەنىدى. ئاكام كۆپ ئادەم بىلەن ئارىلاشماي بارلىق ۋاقتىنى كىتاب ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشكە قاراتقانىدى. مەن تەتىلدە ئالغاچ كەلگەن ياكى ئۆزى ئىزدەپ تاپقان كىتابلار ئارقىلىق دۇنيانىڭ ئەڭ يېڭى ئەقىل - پاراسىتى ۋە ئەدەبىيات - سەنئىتى بىلەن داۋاملىق ئۇچرىشىپ تۇرغان. ياخشى كىتابلارنى ئوقۇيالىغىنى ئۈچۈن ئۆزىنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلغانىدى. ئاكام فرانسىيە سىمۋولىزمچى شائىرلىرىدىن بودلېر، رىمبو (ئۇلار دۇنيا ئەدەبىياتىغا دەۋر بۆلگۈچ تەسىر كۆرسەتكەن شائىرلار بولۇپ، ئاكام شېئىر يازمىسىمۇ ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇيتتى) قاتارلىقلارنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرىنى يادلىۋالغان، دۇنيا پروزىچىلىقىدىكى روبې - گرىللى، ناباكوف، بورخېس، جون خوكس قاتارلىق ئەدەبىيات ئۇستازلىرىنىڭ رومانلىرى ۋە نەزەرىيە ئەسەرلىرىنى قايتا - قايتا ئوقۇغان، نۇسخا ئېلىش ئاپپاراتى يوق شۇ يىللاردا ئارىيەت ئالغان كىتابلاردىن نەچچە يۈز بەتلەپ ماتېرىياللارنى قولى بىلەن كۆچۈرۈپ خاتىرە قالدۇرغانىدى. ئاكام چارچاپ كەتكەن ياكى قولى ھېچ ئىشقا بارمىغان چاغلاردا دۇنيا كلاسسىك مۇزىكىلىرىنى ئاڭلايتتى. ئاكام 1983 - يىللاردىلا دادامدىن قالغان پاتېفون تەخسىلىرىنى پاتېفون تېپىپ كېلىپ ئاڭلاپ مۇزات، بىتخوۋېننىڭ ۋە مەن ئاڭلاپ باقمىغان مۇزىكانتلارنىڭ مۇزىكىلىرىغا ئىشتىياق باغلاپ قالغان. مۇزىكىدىن ھوزۇرلىنىش ئاكامنىڭ ئەڭ راھەتلىك تۇرمۇشى ئىدى.

ئاكام تۇنجى ھېكايىسىنى 1987 - يىلى ماڭا كۆرۈپ باق دەپ ئەۋەتىپ بەرگەن. ھېكايىنىڭ ماۋزۇسى «غورا تەمى» («تارىم» ژۇرنىلىدا «قايتا ئۇچراشقاندا» دېگەن نامدا ئېلان قىلىنغان) ئىدى. شۇ چاغقىچە ئاكام ماڭا بىرەر پارچە ئەسەر كۆرسىتىپ باقمىغان ھەم بىلىشىمچە تېخى ئەسەر يېزىشىمۇ مۇشۇ ئىدى. مەن يېزىشقا دەۋەت

www.uyghurkitap.com

قىلسام «قاملاشمىغان بىرەر نەرسە يېزىپ سېلىپ نومۇسقا قالماي دەيمەن» دېگەنىدى. ئاكامنىڭ بۇ خىل ئېھتىياتچانلىقى ئاكامنىڭ ئاز يېزىپ كۆپ ئۆگىنىش، ھەرقانداق ئەھۋالدا بىلمىدانلىق قىلماسلىقىنى بەلگىلىگەن. يازغانلىرىنىمۇ كۆپ پىششىقلايتتىكى، ئېلان قىلىشقا ھەرگىز ئالدىراپ كەتمەيتتى. كىملەرنىڭدۇ بىلىم سەۋىيىسى يېتىشمىسىمۇ جەمئىيەتتىكى ئەستايىدىللىق ۋە مەلۇم سەۋىيە تەلەپ قىلىدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە يەڭگىللىك بىلەن تەھلىل يۈرگۈزۈپ كەتكەن ماقالىلەرنى كۆرسە «ئۇ ھەجەپ قاپ يۈرەككەن، نومۇسقا قېلىشتىن قورقمامدىغاندۇ» دەپ ھەيران قالاتتى. ئاكام ھەممە ئىشتا نومۇسنى مۇھىم ئورۇنغا قوياتتى. ئاكامنىڭ تۇنجى ھېكايىسىدىلا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى - بايانلىرى پۇختا، ئېنىق بولغان، ئۇشۇق تەپسىلات، ئارتۇق سۆز - جۈملە ياكى يەڭگىلتەكلىكتىن ساقلانغان سەنئەتكارغا خاس ئىجادىيەت ئىستىلىنى نامايان قىلغان بولۇپ، بۇ بارلىق ئەسەرلىرىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولۇپ داۋاملاشتى ھەم ئەسەرلىرى ۋاقىتسېرى يۇقىرى سىغىمچانلىقتا، جەمئىيەت ۋە سەنئەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت ۋە كۈچلۈك ئەستايىدىللىقتا قاراپ تەرەققىي قىلدى.

ئاكام 1991 - يىلى يازدا ماڭا «مازار چاشقىنى» ناملىق ھېكايىسىنى كۆرۈپ باق دەپ بەرگەنىدى. ئاكام ھېكايىنى بىر يىل بۇرۇن يازغان بولسىمۇ قانداق يېزىلغىنىغا ھۆكۈم قىلالماي ئىككىلىنىپ يۈرۈپ ئاخىر ماڭا كۆرسىتىش نىيىتىگە كەلگەنىكەن. مەن ئوقۇشقا ئۈلگۈرمەيلا «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىرى، شائىر ئارسلاننىڭ ئاتۇشقا تۇغقان يوقلاشقا كېلىپ قايتىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ ئەسەرنى كۆرۈپ بېقىشقا بەرگەن. ئاكام مېنىڭ كۆرۈپ باقمايلا بېرىۋەتكىنىمدىن ئاغرىنغانىدى. ئاكامنىڭ داۋلىسى «ئەسەر ياخشى چىقمىغان بولسا تاسادىپىي ئېلان قىلىنىپ كەتسە خەق يا مېنى ئەيىبلەيدۇ ياكى مەسخىرە قىلىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. مەن ئاكامنىڭ كۆپ كىتاب كۆرگەن ھەم ئۆزىنىڭ ئەستايىدىل ئىكەنلىكى ئۈچۈنلا ئەسەرنى ئىككىلەنمەيلا بېرىۋەتكەنلىكىمنى چۈشەندۈرسەم، ئاكام مېنىڭ ھەرىكىتىمنى يەنىلا

ئانچە خالاپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئاكامدا ئەسەرنىڭ ئېلان قىلىنىشىغا كۆپ ئىككىلىنىۋاتقانلىقىنى سەزگەنىدىم.

ئاكامنىڭ جاھاندا ياشاپ جاھاننىڭ ھېچ خوۋلىقىنى كۆرمىگەن، ئاجىز، يارامسىز قاڭقى مەمەتنىڭ مومىسىنىڭ ھوشۇقىنى قولتۇقىغا تىقىۋېلىپ راۋاج تاپقانلىقى ۋە مومىسىنىڭ ھېچقانچە كۈچ كەتمەيدىغان ئۈمىدىنى ئۇنتۇپ قېلىپ مومىسىنىڭ ئەرۋاھى تەرىپىدىن يەنە تاشلىۋېتىلگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن بۇ سىرلىق ھېكايىسى خۇددى قاڭقى مەمەت قولتۇقىغا تىقىۋالغان، پاش بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ يوشۇرۇپ يۈرگەن ئاشۇ قورقۇنچلۇق ھوشۇقتەك ئاكامنى دەككە - دۈككىگە سېلىپ قويغاندەك، بۇ ھېكايە ئېلان قىلىنىپ كەتسە قاڭقى مەمەتنىڭ ئەپتى - بەشىرىسى ئېچىلىپ قېلىپ نەس باسقان قاڭقى مەمەتكە ئۇۋال قىلىپ قويىدىغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالغاندەك ئىدى. ئەسەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن مەن ئەسەرنى قايتا - قايتا ئوقۇپ ئاكامنىڭ غەيرەت - شىجائىتى، پىكىر قىلىشتىكى دادىللىقىدىن كۆپ ئېپتىخارلانغاندىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئاكام يىلدا بىرقانچە ياكى نەچچە يىلدا بىرەر دېگۈدەك ئەسەر ئېلان قىلغان بولۇپ، ئاكامنىڭ ئاز يېزىشىدىن كۆپ ئېچىم پۇشقانىدى. ئاكام ئائىلە شارائىتىنىڭ كىتاب ئوقۇش ۋە يېزىشقا ماس كەلمەي قالغانلىقىدىن كۆپ ئەپسۇسلانغان، ئاندىن بانكىنىڭ مۇنتىزىم ئىش تۈزۈمى قوشۇلۇپ كىتاب كۆرۈش ۋە يېزىقچىلىققا پۇرسەت ئاز چىقاتتى.

ئەقىل - پاراسەت ۋە ئىلغار مەدەنىيەت ئاساسى ئاجىز ئۇيغۇرلار جەمئىيىتى ئىقتىسادىي ئىسلاھات يولغا قويۇلغان شارائىتتا دەل يۇقىرىقى ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن، پۇلنىڭ رولىنى زىيادە كۆپتۈرۈۋەتتى. پۇلنىڭ قىزىقتۇرۇشى ھەممىنى بېسىپ كەتكەندەك قىلاتتى. ھەممىلا ئادەم قولىدىن نېمىلا كەلسۇن شۇنى نەق ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئايلاندۇرۇش نىيىتىگە چۈشكەن، قولىدىن كېلىدىغان ئىشى نەق پۇلغا يارىمىسا يارامسىز سانىلىدىغان، «زىيالىي دېگەننى ئىككى تەڭگىگە سېتىۋالغىلى بولىدۇ» دېگەن سۆز ھېچكىمنى ئەجەبلەندۈرمەيدىغان بولدى. باشقا مىللەتلەردە ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ بۇنداق

كەمسىتىلىشى مۇشۇ زاماندا ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان ھادىسە بولسا، ئۇيغۇرلاردا ئەسلىدىن شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك كەيپىيات شەكىللەندى. زىيالىيلارنىڭ ئۆز ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاپ، خەلقنىڭ روھىي بايلىقى ۋە ئەقلىگە تەسىر كۆرسىتىشنى نىيەت قىلىپ ياشىشى كۈلكىلىك سانىلىدىغان بولغاچقا، بۇ خىل نىيەتتە ياشايدىغانلار بارغانچە ئازايدى ھەم ئىقتىسادنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى نۇرغۇن سالاپەتلىك زىيالىيلارنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى ئاشكارىلىۋەتتى. ھەممىلا ئادەم پۇلغا بېرىلگەن مۇشۇنداق بىر جەمئىيەتتە نەق ئىقتىسادىي ئۇنۇمى يوق (يەنە تېخى ئاكام ھاياتىدا يېزىقچىلىق قىلىپ قەلەم ھەققى ئېلىپ باقمىغان دېسىمۇ بولاتتى. ئاكام قەلەم ھەققىلىرىنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئۇكامغا ياكى داۋالىنىش خىراجىتى قىلىشىمغا بۆيرۇپ بەرگەن، ئەڭ قىيىن ئەھۋاللىرىدىمۇ بۇنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەندى). سەنئەتكارلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ئادەمدىن كۆپ غەيرەت، شىجائەت ھەم مەنىستىمەسلىك ۋە تاپا - تەنە قىلىشلارغا ئالاھىدە بەرداشلىق ئىقتىدارى تەلەپ قىلاتتى، ئاكامدەك كۆڭۈل ئاغرىيدىغان، جېدەل خالىمايدىغان ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ روھىي ئېھتىياجى ئۈچۈن ياشىشى ۋە بۇنىڭغا كۆپلەپ ئىقتىساد، ۋاقىت ئاجرىتىشى تېخىمۇ كۆپ سىناقتا دۇچ كەلگەندى.

1998 - يىلى ئاكام ئۆزى بىر ئۆمۈر شۇغۇللىنىشنى نىيەت قىلغان يېزىقچىلىققا پۇرسەت يارىتىشتىن ئىبارەت دەۋرىمىز ئۈچۈن «ئىنتايىن ساددا بىر ئىستەك» بىلەن خىزمەت ئىستاژىنى سېتىپ خىزمەتتىن چېكىنىپ چىققان. ئاندىن تۇنجى قەدەمدە ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ بىرىدە ئىنگلىز تىلى ئۆگەنگەچ قولىقى تىنچ ھالدا ئۈچ - تۆت يىل كىتاب كۆرۈپ، يېزىقچىلىقنى قىلماقچى بولغان، ئاكام ماڭا «چەت ئەلدە يازغۇچىلار يىلىغا يۈزدىن ئارتۇق كىتاب ئوقۇيدىكەن. مەن بولسام يىلىغا بىرنەچچىمۇ كىتاب ئوقۇيالمايۋاتىمەن. ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغان يېزىقچىلىقىمنى تاشلىۋېتەي دېسەم، مۇشۇ ئىشنى قىلسىلا ئۆزۈمنى ياشاۋاتقاندەك سېزىمەن، يېشىممۇ بىر يەرگە بېرىپتۇ (شۇ چاغدا 33 ياشتا ئىدى)، كەسكىنرەك بىر چارە قىلمىسام بولمىدى» دېگەندى. ئەمما ئاز ئۆتمەي ئاكام قىزىقىشىغا، مىجەزىگە پۈتۈنلەي ماس كەلمەيدىغان تىجارەت يولىغا كىرىپ قالدى. ئاكام بىر قېتىم ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئاتۇشقا نەچچە كۈن مال سالغان، چارچاپ ھالى قالمىغان، «بۇرۇن ئۆزۈم خالىمىغان ئىشنى بىرەر سائەت قىلىشقىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيتتىم، ھازىر قارىسام ئادەم دېگەن كۆپ چىدامىلىق بولىدىكەن» دېگەندى. ئاكام تىجارەتنى «يارامسىز» ئوبرازىنى ئۆزگەرتىش ۋە بۇنىڭدىن كېيىن خاتىرجەم يېزىقچىلىققا شارائىت يارىتىشتىن ئىبارەت مۇرەككەپ خىياللار ئىچىدە داۋاملاشتۇرغانىدى. مەن ئاكامنىڭ تىجارەتنى دەپ ئۆتكۈزۈۋېتىپ بارغان قىممەتلىك ۋاقىتلىرى ئۈچۈن كۆپ ئازابلانغانىدىم. ئاكامنىڭ - بىر ئەستايىدىل، ھەقىقىي سەنئەت ئىستىلىغا ئىگە بىر سەنئەتكارنىڭ ۋاقتى مېنىڭ نەزىرىمدە ئىنتايىن قىممەتلىك بولۇپ ھەم ئاكاممۇ مۇشۇ خىل ۋاقىت ئىچىدىلا ھايات ئىدى. ئاكام ھەرقانچە كۆپ پۇل تاپسىمۇ بۇ پۇلنىڭ خۇشاللىقى ھەرگىزمۇ ياخشى بىر پارچە كىتاب ئوقۇغاندىن، ياخشى بىر پارچە ئەسەر يازغاندىن كەلگەن خۇشاللىقنى بېسىپ كېتەلمەيتتى. كۆڭۈلچەك ئاكام تولىمۇ كۈچەپ، بەرداشلىق بېرىپ بەش يىل تىجارەت قىلدى ھەم دەل مۇشۇ يولدا ھاياتىدىن ئايرىلدى. ئۆز ۋاقتىدا چوڭ ئۇكام قىرغىزىستاندىن قايتقان بىر تىجارەتچىدىن ئاكامنىڭ ئەھۋالىنى سورىغاندا ئۇ مۇنداق دېگەنىكەن: «ئاكاڭدەك بوش، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان ئادەمنى مەن ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان، ئاكاڭمۇ ئۆز خىيالىدا بۇ دۇنيادا ياشاۋېتىپتۇ». بۇ سۆزنى قىلغۇچى يېشى ئوتتۇزدىن ئاشقان، تېخىچە يېزىق ساۋاتى چىقمىغان، كۆپ پۇل تاپقان بىرى بولۇپ، ئاكام نەچچە يىلنى مۇشۇنداق پىكىر قىلىدىغان، ئىنسان قىممىتىگە بولغان تونۇشى پۈتۈنلەي ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن كىشىلەر ئارىسىدا ئۆتكۈزگەنىدى (لېكىن قولىدىن كىتاب ۋە قەلەم - قەغەز چۈشمىگەن، گەرچە بۇنىڭغا ئىنتايىن ئاز پۇرسەت چىقسىمۇ). «مەن بۇ يولغا كىرىپ جەمئىيەتكە بولغان چۈشەنچەم تېخىمۇ ئاشتى» دەپ ئىسراپ بولۇپ كەتكەن ۋاقىتلىرى

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن ئۆزىگە ئاشۇنداق تەسەللى بەرگەندى.

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئاكامنىڭ «مازار چاشقىنى» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىنى 1997 - يىللىق نەشر پىلانىغا كىرگۈزگەن بولسىمۇ، مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن يەتتە يىلغىچە نەشردىن چىقالمىغان، ئاكام ھاياتلىقىدا بۇ كىتابىنى كۆرۈشكە شۇقەدەر تەقەززا بولغانىدى. كىتابنى ئالىقىنىغا ئېلىۋېلىپ ئاكا - ئۇكا ئىككىمىزگە ئۆزىنى تونۇتۇپ قويۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن دوستلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ قولىدىكى بۇ «كوزىر»نى ئالدىراپ قولدىن چىقىرىۋېتىشكە قىيماي كەلگەندى. ئاكام دۇنيادىكى ئەستايىدىل يازغۇچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەتلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلىشقا ئۇلگۇرگەن ئاپتورلارنىڭ بىرسى ئىدى. ئۆزى قەيەردە، قانداق خەلقنىڭ ئارىسىدا ياشاۋاتقان بولسۇن ئۆزىنىڭ ئەسلى كېلىپ چىقىشىنى يوشۇرمايدىغان ھەم كېلىپ چىقىشىدىن تانمايدىغان، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ يۇرتىغا ھۆرمەت بىلدۈرىدىغان پەزىلەتنى بويىچە كىتابىنىڭ تەرجىمىھالىغا «دادىسىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئەنجانلىق ئىدى» دېگەن پاكىتنى يازغانلىقى سەۋەبتىن بەزى دوستلىرىمىزنى بىئارام قىلىپ قويىدى. ئاكام دۇنيادىكى بارلىق ئەستايىدىل يازغۇچىلارنىڭ ئۆزى ئۆسۈپ يېتىلگەن زېمىنىنىڭ، ئۆزىنى پەرۋىش قىلغان خەلقنىڭ ئالدىدىكى ۋىجدانىي مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىدىغان پەزىلەتنى بويىچە ياشاپ كەلگەن، خەلققە يۈز كېلەلمەيدىغان ھېچ ئىش قىلمىغان، ئەكسىچە مۇشۇ يۇرتنىڭ ئەڭ ۋاپادار ئوغۇللىرىدىن قېلىشمىغۇدەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشۇپ كەلگەندى.

ئاكام ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ تەنتەك، نادان، مەۋقەسىز، رەھىمسىز ۋە بىلەرمەنلىكىدىن قاتتىق بىزار بولغان. ساۋاتى بار، بىر ئىشنى يۈزەكى بولسىمۇ چۈشىنەلەيدىغان، بىر ئىشلارغا نورمال ئىنكاس قايتۇرالىسىمۇ ئىشنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتمەيدىغان ئادەملەرنى مىللەتنىڭ كەم ئۇچرايدىغان بايلىقى ئىكەن، دېگەن تونۇشقا كەلگەندى. ھەتتا «بىز مەدەنىيەتنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپتۇق، دادام بىزگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ تەربىيىلىگەچكە بىز جامائەتتىن كۆپ چەتنەپ كېتىپتۇق، دادام بىزنى بۇنداق تەربىيىلىمىگەن بولسا بىزگە جامائەت ئارىسىدا كۈن ئېلىش بۇنچە مۈشكۈل توختىمىغان، بىر ئىشلارنىڭ ھەق - ناھەقىنى، ئالدى - كەينىنى، ئىنسانچىلىققا ماس كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقىنى، ئەقىلگە ماس كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقىنى كۆپ ئويلاپ ئولتۇرماي ئۆز ئىشىمىزنى پۇختىلاپ بەھۇزۇر ياشاۋەرگەن بولاتتۇق» دەپ ئاغرىنغان چاغلىرىمۇ كۆپ بولغانىدى. لېكىن ئاكام يەنە ئۇلارنى نورمال تەربىيىلىنىش مۇھىتىغا ئېرىشەلمىگەچكە شۇنداق دەپ ئۇلارنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاۋارىچىلىقى ۋە روھىي بېسىمىنى قورسىقىدىن چىقىرىۋېتىشكە تىرىشاتتى ھەم شۇنداق قىلالىغانىدى. شۇڭىمۇ يېزىقچىلىقىدا ئۇلارغا چەكسىز ھېسداشلىق ئەكس ئەتكەندى. ئوغرى، قىمارۋاز ۋە يولدىن چىققان ئاياللارمۇ ئاكامنىڭ قەلىمى ئاستىدا رېئاللىقنىڭ قۇربانلىقى بولۇپ، ئۇلارنىڭ شۇنداق بولۇپ قېلىشى ناچار تۇرمۇش ياكى تەربىيىسىز قېلىشتىن دەپ قاراپ، ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلغانىدى. بىر قېتىم مەن دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغاندا قوشنا ياتاقتا بىر جىنايەتچى داۋالىنىۋاتاتتى. ئۇ قېچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز كارىۋاتقا باغلاپ قويۇلاتتى، ساقچىلار نازارەت قىلاتتى. سالامەتلىك ئەھۋالىمۇ ناچار ئىدى. ئاكام مېنىڭ يېنىمغا كەلگەندە ئۇنىمۇ قوغۇن - تاۋۇز بىلەن يوقلاپ قويىاتتى ھەم سۆھبەتلىشەتتى. لېكىن ئۇنىڭغا پەندى - نەسىھەت قىلمايتتى. «ئۇنىڭ جىنايىتىنى قانۇن سۈرۈشتۈرىدۇ، لېكىن ئۇمۇ ئادەم سۈپىتىدە قانۇن سىرتىدىكى كىشىلەرنىڭ قانۇن ئىجرا قىلغۇچى بولۇۋېلىشىغا ئەمەس، بەلكى رەھىم - شەپقەت قىلىشىغا موھتاج. ھەرقانداق بىر زىيانداش ئادەمنىڭ ئاقلىغىلى بولىدىغان بىر ئارقا كۆرۈنۈشى بولىدۇ» دېگەنىدى ئاكام. ئۇ مەسىلىلەرگە شۇنداق سوغۇققان مۇئامىلە قىلاتتى. ھەرگىزمۇ تەنتەكلىك بىلەن ۋەزىيەتنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتمەيتتى. ئاكامنىڭ كېيىن يازغان «دۈم يېتىپ سۇ ئىچىش» ناملىق ھېكايىسىدە بىر جىنايەتچىنىڭ ھاياتىغا كۈچلۈك ھېسداشلىق ئەكس ئەتكەن. ئۇ جىنايەتچى جەمئىيەتكە نۇرغۇن زىيان سالغان، ئۆزىمۇ

ئىنتايىن مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن، ئۇنىڭ ھاياتى ۋە روھىي دۇنياسىنى ئاكام ئىنچىكە سۈرەتلەپ جىنايەتچىنى ئەيىبلەش ئاساسىمىزنى تەۋرىتىپ قويغانىدى. ئەمما ئۇلار قىلمىشى ئۈچۈن قانۇننىڭ تېگىشلىك جازاسىغا ئۇچرايدۇ. بۇ ئەلۋەتتە جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ ئېھتىياجى، ئاكام ھەم بۇنىمۇ ئىنكار قىلمىغان. ئاكامنىڭ بۇ ھېكايىسى ئاپتور بىلەن پېرسوناژنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەرگەن بولۇپ، ئاكامنىڭ ئەسەردىكى سوغۇققان، ئەستايىدىل پوزىتسىيىسى مېنىڭ يېزىقچىلىقىمغا خېلى كۆپ ساۋاق بەرگەنىدى. ئەسەردە جىنايەتچى ئاخىر خوتۇنىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئۇ كۆپ يىل ئايالى بىلەن جەم بولۇش ئۈمىدى بىلەن تۈرمە ئازابىنى يېڭىدۇ، ئاخىر بۇ كۆپۈككە ئايلىنىدۇ، ئۇنىڭ تراگېدىيىلىك تەقدىرى دىلىمىزنى ئېزىدۇ، جەمئىيەتنىڭ قەلبىنى زۇلمەت قاپلىغان كىشىلەرنىڭمۇ نازۇك ھېس - تۇيغۇلىرى، مېھىر - مۇھەببىتى، ئىنسانىي ئىستەكلىرى، ئىززەت - ھۆرمەت تۇيغۇسى بولىدىغانلىقىنى ئېسىمىزگە سالىدۇ.

ئاكام ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئېلان قىلغان يېزىش ماھارىتى، مەزمۇن سىغىمچانلىقى ۋە چىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن «قۇيۇن دۆڭ» ناملىق ئەسىرىدە خەلقنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن ئاكامنىڭ يۈرىكىدىن قان تامغان دېسىمۇ بولاتتى. ئاكام بۇ ئەسىرىدە خەلقنىڭ جاراھەت قاپلىغان باغرىنى، ئۆزىنىڭ خەلق ئۈچۈن ئېزىلگەن يۈرىكىنى خۇددى قاسساپنىڭ تېرە ئۈستىگە تىزىپ قويغىنىدەكلا ئېنىق كۆرسەتكەنىدى.

ئاكامنىڭ ئۆمرىدە يازغان ئەسەرلىرىنى خۇلاسىلىغاندا ئاكام 30 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە، بىر پوۋېست، بىر ئوپېرا يازغان بولۇپ، بۇ ئەسەرلەر ئاكامنىڭ ھەقىقىي سەنئەتكارغا خاس ئىستىلىنى ئەڭ ياخشى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. ئاكامنىڭ ئەسەرلىرىدە دۇنيا ئەدەبىياتىدا رېئاللىقنى ئەڭ ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈستىدە ئىزدىنىش داۋامىدا بارلىققا كەلگەن ئاڭ ئېقىمى، سېھرىي رېئالىزم، بىمەنىچىلىك، قارا يۇمۇر، ھالقىما رېئالىزم قاتارلىق يېزىقچىلىق ئۇسلۇبلىرى جانلىق قوللىنىلغان بولۇپ، بۇ ھال ئاكامنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆزگىچە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىققا ۋە يۇقىرى بەدىئىي قىممەتكە ئىگە قىلغان. بۇ ئەسەرلەر ۋاقتى ئۆتكەن پىكىر قىلىش ۋە يېزىش ئۇسلۇبىغا ئادەتلىنىپ قالغان كىشىلەرگە يوچۇن تۇيۇلسىمۇ، ھەقىقىي ئەھمىيىتى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئەسەرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقىي رېئاللىقى ئەڭ چىن ئىپادىسىنى تاپقان. ئاكامنىڭ «مازار چاشقىنى»، «مېنىڭ قۇياشىم»، «باقىنىڭ كۈنلىرى»، «ئۇ خەلقلەر»، «قاغدام»، «يەڭگىلتەك ئادەم»، «قۇيۇن دۆڭ» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئاكام شۇ قەدەر سۆيگەن ئۇيغۇرلارنىڭ سەنئەت خەزىنىسىگە ئالاھىدە ھۆسن قوشقۇسى.

ئاكام ئىنسانىيەت تارىخىدا ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان ۋەھشىيلىكنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى. بۇ ۋەقە تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلار ئۆز رېئاللىقىنىڭ ئېغىر - بېسىق، ئەستايىدىل كۆزەتچىسى، ئەكس ئەتتۈرگۈچىسى ۋە تەسىر كۆرسەتكۈچىسى، ئەڭ مۇۋاپىق ئۇسۇلدا دەرد - ئەھۋالىغا يەتكۈچىسى، تىلى بىلەن ھەرىكىتىنىڭ بىردەكلىكى جەھەتتە ئىنتايىن كەم ئۇچرايدىغان يازغۇچىسىدىن ئايرىلىپ قالدى.

ئاكا، سەن بۇ دۇنيادا ھەقىقىي بىر ئىنسانلىق سۈپىتىڭ بىلەن ياشىدىڭ، ئۆزۈڭ تۇتقان قەلەمگە، ئۆزۈڭ شۇغۇللانغان سەنئەتكە، سېنى پەرۋىش قىلغان خەلققە يۈز كېلەلمەيدىغان ھېچ ئىش قىلمىدىڭ ھەم بارلىق يۈرەك قېنىڭنى سەرپ قىلدىڭ، ئائىلىدە چوڭ ئوغۇل بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن ئانىمىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، ئۇكىلىرىڭنى پەرۋىش قىلىپ تەربىيىلەش، ئۆز پەرزەنتىڭگە ئاتىلىق مېھرىڭنى يەتكۈزۈش ھەم تەربىيىلەش ئىشىغا ھېسابسىز زېھنىڭنى سەرپ قىلدىڭ. مۇلايىم، سىلىق - سىپايە، مەدەنىيەتلىك، تەقۋادار، نەزىرى ئۈستۈن ياشاپ، دۇنيادىكى ئەڭ ئىپلاس، ئەڭ ۋەھشىي قاتىللار سادىر قىلغان دۇنيادا ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان پاجىئەگە ئۇچراپ ئالەمدىن ئۆتتۈڭ. بىز سەن يوق بۇ دۇنياغا قانداق يۈزلىنىشكە، سەن ئۇچرىغان ئاشۇ دەھشەتلىك پاجىئەنى قانداق ئۇنتۇشقا پۈتۈنلەي چارىسىز قالغان مۇشۇ پەيتتە سېنىڭ پاك، سەممىي ئۆتكەن ھاياتىڭ بىزگە زور تەسەللى بېرىدۇ ۋە بىزنى سېنىڭدەك پاك، سەممىي ياشاشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.



# ئىككى ھېكايە

ئەركىنجان ئەمەت

## سەن يەنە كېلىسەن

بۇ سوۋغىنى ئېلىپ قويغىنىمغا خېلى ئۇزۇن بولدى. بىراق ئۇ يەرگە بېرىش - بارماسلىق توغرىسىدا كۆپ كاللا قاتۇرۇپ ئاخىر بارىدىغان بولدۇم. سوۋغىمۇ ئاددىي - بىرى چوڭ، بىرى كىچىك خالتىدا گۈلە - قاق، خالاس. مۇنداق دېلىغۇل بولۇپ بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۆتكەنكى خېتىدە خۇددى مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئاجرىشىپ كەتكەندەك بىر مەنە باردەك تۇراتتى. ئىشقىلىپ ئۆزۈمچە بىر يوقلاپ قويۇش مەجبۇرىيىتىم بار دەپ ئويلايتتىم. ئەلۋەتتە، مەن بۇرۇن ئۇنىڭغا «ئاجرىشىپ كەتسەڭ مەن ئالىمەن» دېگەن. بىراق ئۇ توي قىلغاندىن كېيىن بالىلىق بولۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ نىيىتىمدىنمۇ ياندىم. ئۆزۈمچە «ئۇ ئۇزۇن ئۆي تۇتۇپ كەتتى» دەپ قارايتتىم. ئىشقىلىپ ھازىر ئۇنى ئېلىش نىيىتىم يوق. مۇنداق قىلسام بەك چوڭ بەدەل تۆلىشىدىغاندەك تۇراتتىم. ئاپتوبۇستا بىر ئۇخلاپ ئويغانسام كېلىپمۇ قاپتۇق. مەن ھامان ئۆزۈمنى ئۇيقۇغا زورلايتتىم. ئەمدىكى ئىش باشقا يەرگە بارماي ئۇنىڭ قېشىغا بېرىش ئىدى. بولمىسا تېلېفون ئۇرسامىمۇ بولاتتى. يول بويىدىكى بىر ئىدارىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم، تەكەللۇپ بىلەن: «تېلېفون ئۇرۇۋالسام بولامدۇ؟» دەپ سورىدىم. ياخشى «بولىدۇ» دەپ قالدى. تېلېفون دەپتىرىنى ۋاراقلاپ نومۇرىنىمۇ تاپتىم. ئۆزۈمچە بۇ قىسقا سەپەر خېلى ئوڭۇشلۇق بولغاندەك تۇراتتى. ماشىنىغا چىقىشتىن تارتىپ، ئورۇندۇق ئىگىلەش، ماشىنىنىڭ بۇزۇلماي كېلىشى... تېلېفوننى ئېلىپ ئۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندەك يۈرىكىم ئىختىيارسىز ئېغىر سوقۇپ كەتتى.

- مەن، مەن تۆرەم، ياخشىمۇسەن؟ - دېدىم.

ئۇ ماڭا بۇرۇن شۇنداق ئىسىم قويۇۋالغانىدى. بۇ ئەلۋەتتە بۇرۇنقى ئىش. قارشى تەرەپتىن خېلىغىچە ئاۋاز چىقمىدى. مەن يۈرەك سوققاندەك ئاۋازنى ئاڭلىدىم. تۇرۇپكىنى مەيدىسىگە يېقىۋالغان ئوخشايدۇ. قارىغاندا ئۇنىڭمۇ يۈرىكى سوقۇۋاتسا كېرەك.

- تۆرەم، قاچان كەلدىڭ، ياخشىمۇسەن؟
- ياخشى، تېخى ھازىر كېلىشىم.
- مەندە بىرەر ئىشىڭ بارمىدى؟
- ...
- ۋۇي، نېمانداق گەپ قىلمايسەن. بىرەر ئىش بىلەن كەلگەنمىدىڭ؟
- سېنى كۆرگىلى كەلگەنىدىم.
- ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ.
- شۇنداقمۇ؟ قانداقراق كېتىۋاتىسەن؟
- يامان ئەمەس.
- بالاڭ قانداقراق، چوڭ بولۇۋاتامدۇ؟
- ياخشى، ئانام قاراۋاتىدۇ. مېنى ئاچا دەيدۇ.
- ئۇ چىرايلىقمۇ؟
- ئۇ بەك چىرايلىق، كۆرسەڭ ئامراق بولۇپ قالىسەن.
- ساڭا ئوخشامدۇ؟
- ياق، ئۇ ساڭا ئوخشايدىغاندەك.

- نېمە؟ !
- ساڭا ئوخشايدىغاندەك، بۇرۇنلىرى، كۆزلىرى، ئىشقىلىپ ساڭىلا ئوخشايدۇ.
- دېمەكچى بولغىنىڭ. . .
- مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەسمەن، بىراق كىمنىڭ بالىسى مەنمۇ تازا ئۇقالمايمەن.

«غوژژىدە» بولۇپ پۈتۈن بەدىنىمدىن ئاچچىق تەر چىقىپ كەتتى. بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۆزۈمچە دەر گۇماندا قالدىم.

- بۇ قانداقسىگە مۇمكىن بولسۇن؟
- ئۆزۈڭ ئويلاپ باقمامسەن.
- باشقا گەپنى كېيىن دېيىشەيلى، ۋاقتىڭ بارمۇ؟
- بار. سەن هازىر نەدە؟
- قۇمكۆل ماگىزىنى قېشىدىكى ئىدارىدە.
- ئەمىسە، ماگىزىن ئالدىدا تۇرۇپ تۇرغىن بولامدۇ؟
- بولىدۇ.

ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ ئالدىمغا كەلدى. قارىماققا سەمرىپىمۇ قاپتۇ، ئاقىرىپتۇ. بەك چىرايلىق كىيىنىۋالغاندى. مەن پۇتۇم توڭغاچ توختىماي پۇتۇمنى يەرگە ئۇراتتىم. ئۇ يېقىن كەلگەندە گىرىمنى زىيادە ئىشلەتىدىغانلىقىنى سەزدىم.

- ياخشىمۇسەن؟
- ياخشىمۇسەن؟ ئۇزاق بولدى كۆرۈشمىگىلى.
- شۇنداق، سەنمۇ بۇ تەرەپلەرگە كەلمەي قويدۇڭ.

تۇيۇقسىز بىر ئايال ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ چېچىدىن تارتىپ ئوڭدىسىغا يىقىتىۋەتتى ۋە ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاشقا باشلىدى. مەن داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم ۋە دەرهال ئاخشام كۆرگەن چۈشلىرىمنى ئەسلىدىم. بۇ ئىشتىن هېچقانداق بېشارەت تاپالمىدىم. نېمە ئىش قىلىش كېرەكلىكىنى بىلمەيلا قالدىم. ئۇمۇ بوش ئەمەس ئىكەن، ئىرغىپ قوپۇپ ئۇ ئايالغا ئىككى - ئۈچ مۇشت سېلىۋەتتى. پوملاقلىشىپ كەتتى. بىرى «ئېرىمنى بۇزدۇڭ جالاپ» دېسە، بىرسى «چىدا، نوچى بولساڭ سەنمۇ قىل» دەيتتى. هەيران بولغىنىم - ئۇنىڭ بۇ يامان ئېغىزى قاچانلاردا مۇنداق سەت تىللارنى ئۆگەنگەن بولغىيتتى؟ بىر دەمدە ئادەم ئولىشىپ كەتتى. بىر ئايال مېنىڭ تۇرقۇمغا قاراپ «ئۇ ئايالىڭىزمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن بويۇنلىرىمغىچە قىزىرىپ كەتتىم. توغرا، ئۇنى مەن ئالغان بولسام، خەقنىڭ ئۆيىنى بۇزىمەن دەپ يۈرسە، باشقىلار بىلەن ئاشنا بولۇۋالسا - هە. . . مەن جاۋاب بەرمەي باشقا ياققا قارىۋالدىم. ئۇلارنى باشقىلار ئاجرىتىۋەتكەندىن كېيىن، قارىسام ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇق. بايامقى گۈزەللىكى، گىرىملىرى يوقاپ كېتىپتۇ، كۆڭلۈم بىرقىسما بولۇپ كەتتى. مېنى بىر خىل خورلۇق تۇيغۇسى قاپلىۋالدى. ئۇ باشقا ئادەم بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئاغزى بېسىلماي تىللىشىۋاتاتتى. مۇنداق سەت تىلنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، ئۇنىڭ كۆزىدىن ياشمۇ چىقمىدى. مەن تىكىۋېتىش خىيالىدا بولدۇم. لېكىن مىدىرلىيالمىدىم. ئېغىر كەلگەن خالتىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. باشقىلار ئۇلارنىڭ كىيىمىدىكى توپىلارنى قېقىشتۇرۇپ، كىيىملىرىنى تۈزەپ قويدى ۋە تارقاپ كەتتى. كېيىن قارىسام يالغۇز قاپتۇق. ئۇ هېچ نەرسە دېمىدى. مەن گاراڭلىقتا ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرەلمىدىم هەم بايا پوملاقلىشىپ كەتكەن ۋاقىتتا ئاجرىتىپمۇ قويمىدىم.

ئۇ ئۆزىنى تۈزەشتۈرگەچ ماڭاتتى. مەن ئۇنىڭ يېنىدا ئۈن - تىنسىز ماڭدىم. ئوي - پىكرىم بەك مالىماتاڭ. خىيالىمغا پەقەت ئۇنىڭ بۇرۇنقى هالىتى كېلەتتى. ئەپسۇسلىناتتىم. نېمە دېيىشىمنى پەقەت بىلەلمەيتتىم. شۇ تۇرقىدا، ئالاهەزەل بىر سائەت يول مېڭىپتۇق ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ماڭغاندۇق، ئىشقىلىپ كۆرگەن ئادەملەر، ماڭغان يوللارنىڭ كاللامدا هېچقانداق تەسىرى قالمىغانىدى.

- راستىڭنى دېگىنە، ئۇ زادى كىم؟ نېمىشقا مۇنداق قىلىدۇ؟
- . . .
- گەپ قىلساڭچۇ!
- مۇنداق گەپ، ئۇ ئايالنىڭ ئېرى مېنىڭ ئوقۇغۇچۇم ئىدى. خېلى ياخشى ئۆتەتتۇق. خوتۇنى ئۆزىچىلاتىن كۆنلەپ. . . بۇنىڭ بىلەن نەچچە قېتىم بولدى يولدا توسۇپ تىللىغىلى، ئىدارىگىمۇ تېلېفون بېرىپتۇ. بەك ئەسكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خوتۇن، ئۆزىنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرى يادىدا يوق، ئېرىدىن كۈنلەپ يۈرىدۇ.

— بىر ئەر ئاساسى بولمىسا ئۇنداق قىلىشى ناتايىن، سەن شۇ دەرىجىگە يەتتىڭمۇ؟ راست گەپ قىل، ئىشقىلىپ ماڭا بەرىبىر. دەۋەرگىن.

— ئەمدى سەنمۇ ماڭا ئىشەنمەمسەن؟

— مەن قانداق ئىشىنەي، يەنە بۇنىڭ نېمە ھاجىتى، راستىنى دەۋەرسەڭ بولمامدۇ؟ ئىشقىلىپ سېنىڭ مېنىڭ ئالدىمدا ھېچقانداق مەسئۇلىيىتىڭ يوق. زادى يوق، نېمە قىلساڭ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى!

— تۆرەم، گېپىمنى تولۇق ئاڭلىمىدىڭ. ھېچقانداق يەردە ئۇنداق ئىش يوق، كاللام ئېلىشىۋاتقاندا نىمانداق گېپىمگە ئىشەنمەيسەن، يوق دېگەندىكىن يوق.

مەن باشقا گەپ قىلمىدىم. كاللام ئىشلىمەيلا قويغاندەك قېتىپ تۇراتتى، قانداقلا بولمىسۇن، ئۇنى كۆرۈۋالدىم. ھازىر ئۆزۈمنىڭ ئۇنى شۇنداق ئارمان قىلىپ كەتكەنلىكىمدىن ھەيران بولدۇم. ئۇنى ئەسلىسەم بەزىدە ئۇ شۇنداق چىرايلىق، ۋاپادار، مېھرىبانلىق كۆرۈنەتتى. ئەمدى كوچىدىكى ئاياللىرىدىن پەرقى قالمىغاندەك، بۇرۇن ئۇنى «تېگى پەس» دېسە چاتىقىم بولماپتىكەن.

ھازىر مەن تونۇيدىغان «ئۇ» ئىككىگە ئايرىلىپ كەتتى. بىرسى ھازىرقىسى، ئەمەلىيەتتە مەن ئۈچۈن ھەر ئىككىسى بەرىبىردەك ئىدى.

— كاللام بەك ئېلىشىپ كەتتى. مەن بىلەن بىردەم بىرگە بولساڭ باشقا ئالدىراش ئىشىڭ يوقتۇ؟

— ھە، باشقا ئىشىم يوق.

— ئەمىسە، باغچا تەرەپلەرگە بارايلى، كەينى ئىشكىتىن چىقىپ كەتسەك بولىدۇ.

— مەيلى ئىختىيارىڭ، ماڭا بەرىبىر.

— سەنمۇ ئۆزگىرىپسەن، گەپلىرىڭ بەك سوغۇق.

— سوغۇق بولسا نېمە بوپتۇ، ئىشقىلىپ مەينەت ئەمەس.

— نېمە دېگىنىڭ؟!

— ھېچنېمە...

— ئۆزگىرىپسەن دېسەم، يەنە بىر تەرەپتىن تېخى پەقەت ئۆزگەرمەپسەن، تۇرمۇشنى... دېمەكچى تۇرمۇشتىكى ئىسسىق - سوغۇقنى كۆرمىدىڭ. بۇرۇنقى سادا پېتىڭ قاپسەن، ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، ھەي، جىق ئىشلارنى كۆردۈم. بەزىدە ئۆزۈمنىڭمۇ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ.

ئۇ ئەمدى ئېغىر - بېسىق، تەمكىن بولۇپ قالدى. قارىماققا ھازىر ئۇ مەندىن چوڭ كۆرۈنەتتى. ئەمدى ئۆزۈمنى ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئاز قىسىلىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. كەيپىياتىممۇ تېز ئەسلىگە كەلدى. مەن ھەيران بولاتتىم.

— ئۆتمۈش قايتىلانمايدۇ، شۇنداقمۇ؟ - دەپ سوراپ قالدى ئۇ.

— ئەلۋەتتە، قايتىلانمايدۇ. ئۆتمۈش توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىغىنىڭنىڭ تۈزۈك. شۇ ئاغزىڭدىن ئۇ گەپلەرنىڭ چىقىشىنى خالىمايمەن.

— تۆرەم، سەن نىمانداق سوغۇق گەپ قىلىسەن، بۇرۇن شۇنداق چىرايلىق گەپ قىلاتتىڭ. سەن كەتكەندە بولسا سېنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزۈڭنى سېنى دوراپ يادلايتتىم. سۆرە يادلىغاندەك دائىم ئۇيقۇم قاچقاندا پىچىرلاپ چىقاتتىم. قىزىق، سەن خىيالىمدا پەرىشتىگە ئايلىنىپ كېتەتتىڭ، نەچچە قېتىم ئۇيقۇلۇق سۆزلەپ سىلىپ جېدەلگە قالغانىدىم. بىر قېتىم، ئۇنىڭغا خېلى بولدى، سېنىڭ خېتىڭنى ئوقۇپ ئۇخلاپ قاپتىمەن، ئويغانسام ئۇ ئېلىۋاپتۇ. ئۆزى ئۇيغۇرچە كۆرەلمەيتتى، ئاچىسىغا كۆرسىتىپتۇ، ئاندىن مېنى كۆپ ئۇردى. ئاچىسى خەتنى كۆرۈپ يىغلاپ كەتتى. مەن خىجىل بولدۇم، ھەيران قالدىم. ئۇنىڭ ئاچىسى «ئۇكام، مۇنداق ئىش مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن، ئىشقىلىپ كۆرسەتمىگىن» دېدى. ئىككىمىز كۆپ يىغلىدۇق. ھازىر ئويلىسام شۇ ئىشلىرىمغا كۈلگۈم كېلىدۇ.

— ئادەمنى بىئارام قىلىپ ئۇ گەپلەرنى دېمىسەڭچۇ.

— ئۇ چاغدا، راست بىر قېتىم، ئاپتوبۇستا ئاتا - ئانام بىلەن قېشىمدا ئۇچرىشىپ قالدىڭ، چۈشەي دېسەم، ئۇلار بار. چۈشمەي دېسەم خېلى ئۇزۇن بوپتىكەن سېنى كۆرمىگىلى. شۇ چاغدا

جىلە بولۇپ يىغلاپ تاشلىغانىدىم. كېيىن سەن كەتتىڭ، ئۇلارنى ئاپتوبۇستا ئازدۇرۇپ قېچىپ كەلدىم. سېنى كۆرگۈچە ئۆلۈپ قالىدىغاندەك يول بويى سېنى بىر كۆرۈۋېلىشقا خۇدادىن مەدەت تىلەپ كەلدىم...

— ئۇ چاغدا سەن كېلىپ ئەينەككە قاراپ ئاندىن يول بويى يىغلاپ كەلگەنلىكىڭنى بىلگەنىدىڭ. ئۇ چاغدا سەن قانداق سۆيۈملۈكتىڭ. يۇزلىرىڭ قىزىرىپ كەتكەن، چاقنان، جۇشقۇن، ئىشقىلىپ بىز هارغۇچە قۇچاقلاشقانىدۇق. ئۆي بەك ئىسسىق ئىدى، تەرلىرىمنى سۈرتۈپ قوياتتىڭ، بۇرۇتۇمنى دائىم سەن ياساپ قوياتتىڭ، چېچىمنى تاراپ قوياتتىڭ، ئىشقىلىپ بەك مېهرىبان ئىدىڭ. ئويلىسام، مېنىڭ هازىرغىچە توي قىلماسلىقىم شۇنىڭ سەۋەبىدىن بولسا كېرەك. هېچقايسىسى سەندەك ئەتراپلىق ئەمەس، هامان ئۇلارنىڭ ماڭا ئامراق بولۇشىدىن گۇمانلىناتتىم، هامان ئىشەنمەيتتىم، ئاخىر ئايرىلىپ كەتتىم نەچچە بىلەن. سەن ھەتتا مېنىڭ ئىسمىمنىمۇ ئۇنتۇپ قالدىڭ. مەن يېڭى كىيىم كىيسەم سەن شۇنداق خۇشال بولۇپ كېتەتتىڭ، ئېسىمدە قېلىشىچە، هازىرغىچە مېنىڭ كىيگەن كىيىمىمنى سەندەك ماختاپ باققان ئادەم يوق، هېچكىم يوق. سەن تۇزەشتۇرۇپ كېتەتتىڭ.

مەن ئۆزۈممۇ ئۇقالمايلا هاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتىم. ئەسلى مۇنداق بولمىسا بولاتتى. ئۆزۈم ھەقىقىي ياشاپ كېلىۋاتقان، ئۇ بېشىدىن كەچۈرگەن بۇرۇنقى ئىشلار يوقاپ، ھەممىسى بىر خىيالدەك ياكى چۈشتەك تۇيۇلدى. خۇددى ئەزەلدىن ئايرىلىپ باقمىغاندەك، پەرقى ئۇ بەك تەمكىن تۇراتتى. بۇرۇنقىدەك ئالدىمدا، يېنىمدا چىشىمنى قېرىشتۇرۇپ قىيغىتىپ، سەكرەپ يۈرمەيتتى.

باغچىنى غۇۋا گۇگۇملۇق باستى. دېمىسىمۇ قىش كۈنى قىسقا، ئۆزۈممۇ ئۇقماي تاش ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ مۇزلاپ كەتكەن قوللىرىنى ئىسسىتتىم. ئورۇندۇقتىن مۇز چىقاتتى. مەن ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئىسسىتىپ ئاندىن ئۇنى ئولتۇرغۇزدۇم، بىر ئازدىن كېيىن ئۇمۇ شوخلىشىپ كەتتى. بىراق ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ئەمەس. ئادەم شالاڭلاپ كەتكەندە مەن ئۇنى سۆيۈۋالدىم. ئۇمۇ مېنى چىڭ قۇچاقلاپ قويدى. بىراق ئۇنىڭ ئېغىزىدىن بۇرۇنقى تەمنىڭ يوقلۇقىنى هېس قىلدىم. بىراق بۇرۇنقى تەمنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى تازا ئېسىمگە ئالالمىدىم، ئېھتىمال، ئۇمۇ شۇنداق ئويلىسا كېرەك. بىز ئارقا ئىشىككە بارغاندا بىرئاز توختاپ قالدۇق. مەن ئۇنىڭغا ئۇزاق قارىدىم. دەرۋازا سىرتىدا ئادەملەر مىغىلدىشاتتى. شۇندىلا بايا چىرايلىق بىر چۈش كۆرگەنلىكىمنى هېس قىلدىم. ئۇ مېنى ئۆز جىسمىدىن پۈتۈنلەي ئايرىۋەتكەنىدى.

— تۆرەم، مۇنداق ئىش. سېنىڭ قولۇڭ خېلى ئەپلىك، ماڭا بىر ئەرز يېزىپ بەرگىن. چوقۇم بۈگۈن كەچتە.

— نېمە قىلىسەن؟

— ئەرز قىلىمەن. ئۇ مېنى چوڭ كوچىدىلا هاقارەت قىلدى، ئۇردى، بوھتان چاپلىدى. مەن ئەرز قىلمىسام بولمايدۇ.

— ئۆتكەنكى خېتىڭدىن بىر خىل مەنە چىقىپ تۇرغانىدى. ئىشقىلىپ مېنىڭ هازىر سەن بىلەن توي قىلىش نىيىتىم يوق، چۈنكى بۇرۇنقىدىن بەك يىراقلاپ كېتىپسەن، مەن ئۇقالمىدىم. ماقۇل يېزىپ بېرەي، بىراق سەن مېنىڭ خاتىرەمنى قايتۇرۇپ بەرگىن، بولامدۇ؟

— بولىدۇ. كەچ بولۇپ كەتتى. ئەتە ئەتىگەندە ئىشقا چىقىشقا ئون مىنۇت قالغاندا مېنى يول ئېغىزىدا ساقلاپ تۇرغىن، خاپا بولمىغىن، كۆڭلۈڭنى ئالالمىدىم...

— نېمە دېگىنىڭ؟ بىلمىدىم. هاجىتى يوق، بوپتۇ. كەچتە يېزىپ قوياي، تەپسىلىيرەك دەپ بەرگىن.

ئۇ كەتتى، مەن سوۋغامنى ئۇنىڭغا بەردىم. رەھمەتمۇ دەپ قويمىدى. ئەمدى كاللام ئېلىشىپلا كەتتى. بۇ ئىشلار شۇنداق ئېغىر بېسىم بولۇپ، بەك هارغىن بولۇپ قالدىم، ئويلايتتىم، ئىشەنگۈم كەلمەيتتى، ئىشقىلىپ ئۇ مېنى تولىمۇ قايمۇقتۇرۇۋەتتى، ئۇ توغرۇلۇق قىلغان خىياللىرىم، ئارزۇلىرىمنىڭ ھەممىسى يوققا چىقتى. ئەمدى ئۇنىڭغا ئەرز يېزىپ بېرىمەن. قارىغاندا ئۇ ھەقىقەتەن ئۇۋالغا ئۇچراۋاتسا كېرەك. ئالدىرىماي بىر ئاغىنەمنىڭ ئۆيىگە

www.uyghurkitap.com



كىردىم. ئۇ بەك خۇشال بولۇپ كەتتى. پاراڭلىشىپ ئۇزاق ئولتۇردۇق، ئۇ كەيپىمنىڭ بەك چاغ تۇرغانلىقىنى سېزىپ سوراپ قالدى. مەن ھېچ ئىش بولمىغانلىقىنى دەپ تۇرىۋالدىم. ئاندىن كوچا ئايلىنىپ تاماق يېدۇق، بىر قاۋاقخانىغا كىرىپ بىر بوتۇلكا هاراقنى پاراڭ بىلەن ئىچىپ بولدۇق. بىز بالىلىق ۋاقتىمىزدىكى ئەسلىمىلەرنى سۆزلەپ كۆپ ھۇزۇرلاندۇق. چالما سوقۇشى ئوينىغانلىرىمىزنى سۆزلەپ قالدۇق، ئاندىن بىر - بىرىمىز، ئۆز قوشۇنلىرىمىزنى ماختاپ سەل قىزىرىشىپ قالدۇق. كېيىن «كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇق» دەپ بىر - بىرىمىزگە تەسەللى بېرىپ قايتىپ كەلدۇق. ئۇ كىرىپلا ئۇخلاپ قالدى. مەن قەلەمنى قولۇمغا ئېلىپ «مەنكى XX ئىدارىسىدە ئىشلەپ تۇرغۇچى XX شۇ توغرۇلۇق مەھكىمەڭلارگە ئەرز سۇنىمەنكى. . . » دەپ باشلىدىم. يېزىپ بولغۇچە كۆزلىرىم تىقىلىپ ئاغرىپ بەك قىينىلىپ كەتتىم، ئاندىن بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەسلەپ بەك تەستە ئۇخلاپ قاپتىمەن. چۈشۈمدە ئۇ شۇ بۇرۇنقى ياتاقتا تۇرارمىش. ياتاق بىر قەۋەت توپا ئاستىدا قاپتىمىش. ئۇ تۇرۇپا ئالدىدا ئولتۇرۇپ مەينەت قاچا - قۇچىلارنى يۇيۇۋاتقۇدەك. مەن: «يۇيۇپمۇ بولالمايسەن، تازىلاپمۇ بولالمايسەن» دېگۈدەكمەن. ئۇ: «يۇيۇپ بولالايمەن، تازىلاپ بولالايمەن» دېگۈدەك، قالغانلىرىنى ئەسلەپ بولالمىدىم. ئىشقىلىپ چالما سوقۇشتا ئاغىنەمنىڭ مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چۇۋۇۋېتىپ چۈشەپ قاپتىمەن. قىزىق، ئەتىگەن سەھەردە قوپتۇم. كاللام بەك ئېغىر، هاراق تۇتۇۋالغان ئوخشايدۇ. ئۇمۇ ئىشقا چىقىشقا تەرەددۇت قىلدى. مەن دېيىشىپ قويغان يەرگە باردىم. يېرىم سائەت بالدۇر بېرىۋالغان ئوخشايمەن. كىشىلەر ھەر تەرەپكە ئالدىراش كېتىشىپ باراتتى. مەن، پەقەت مەن ئۇ يەردە سوكۇتتە كۈتۈپ تۇراتتىم. ئۆزۈمنى شۇنداق يالغۇز، غېرىب ھېس قىلاتتىم. ئادەملىرى شۇنداق يات، يىگىرمە مىنۇت شۇنداق تەستە ئۆتتى. پەلتويىمنى چىڭ ئورىۋالدىم. پۇتۇمنى يەرگە ئۇرۇپ تۇراتتىم. پۇتۇمنىڭ بارماقلىرى سىيرىمنى يوقاتقاندەك تۇراتتى. سوغۇقمۇ خېلى

بولۇۋاتاتتى. بەزىلەر مېنىڭ بۇنداق سوغۇق ئەتىگەندە يول بويىدا تۇرغانلىقىمغا ھەيران بولغاندەك قاراپ قوياتتى.

ئۇ ئاخىر كەلدى. ماسكا ئۇنىڭ كۆزىدىن باشقا يەرلىرىنى ھەم يېپىپ تۇراتتى. شارپىنى مەھكەم ئورىۋالغانىدى. قارىغاندا كىيىملىرى تۇنۇگۈنكى ئەمەس تۇراتتى. ئۇ ماسكىنىڭ بىر تەرىپىنى ئېلىۋەتتى، رەڭگى بىرئاز تاتىراڭغۇ ئىدى. ئۇمۇ تازا ياخشى ئۇخلىيالمىغان بولسا كېرەك. مەن ئۇنىڭغا يازغان ئەرزنى بەردىم. ئۇ قولىغا ئېلىپ ئىتتىك كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى.

– مەن ھازىر بېرىپ بۇنى قايتا كۆچۈرۈپ چىقىمەن.

– مەن خېلى تولۇق يازغانىدىمغۇ؟

– ئۆزۈمنى ئاقلىمىسام بولمايدۇ. ئاندىن «بىر ھالقام، بىر ئۈزۈكۈم يوقاپ كەتتى» دەپ تولۇقلايمەن.

– نېمىشقا ئەمدى. يۈتمىگەن نەرسىنى يۈتتى دەپ يېزىپ، نېمە پايدىسى.

– ئۇنىڭ تازا بىر ئەدىپىنى بېرىپ قويمىسام، ئېرى بولسا خېلى ياخشى، بۇ قېتىم قويۇۋېتىشى مۇمكىن.

– مەقسىتىڭ خەقنىڭ ئۆيىنى بۇزۇۋېتىشمۇ؟

– ياقەي، ئۇنداق دېگىلى بولمايدۇ، ئالدى بىلەن ئۇ مېنى ھاقارەتلىدى - دە.

ئۇ سومكىسىدىن خاتىرىنى ئېلىپ بەردى. مەن ئۇنى مەقسەتسىزلا ۋاراقلاپ قويدۇم. بىز ئۇن - تىنسىزلا ماڭدۇق. خاتىرە ئارىسىدا بىر پارچە خەت تۇراتتى. يولدا ئۇنىڭ بىر تونۇشى ئۇچراپ قېلىپ پاراڭلىشىپ قالدى. مەن ئاستا ماڭغاچ بۇ خەتنى ئېچىپ ئوقۇدۇم. بۇرۇن ماڭا يازغان خەتنىڭ ئەندىزىسى ئىدى. بىر ۋاراق ئوقۇغاندىن كېيىن خەتتە شۇ خەت تەگمەكچى بولغان ئادەمگە ئۆزىنىڭ ئاجرىشىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى ئارتىدىغاندەك مەنە تۇراتتى. شۈبھىسىزكى، بۇ تۇنۇگۈن ئۇرۇشقان ھېلىقى ئايالنىڭ ئېرىگە يازغان خەت ئىدى. بىراق نېمە سەۋەبتىندۇر ئەۋەتەلمەپتۇ. خەت ھەم چۈشكۈن، ھەم ئۈمىدۋار، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى

شۇ كىشىگە ئارتماي، تەقدىرگە ئارتىپ رېئالىزمچىلارنىڭ بەختسىزلىككە بەرگەن تەبىرىنى بېرىپتۇ. ئېسىمدە، مەندىمۇ ئۇنىڭ شۇنداق بىر خېتى بولىدىغان، بەدىنىم تىترەپ كەتتى. ئۇ مۇشۇنداق خەتنى مېنىڭ خاتىرەم ئىچىگە سېلىپ قويسا - ھە!

ئۇ بىردەمدىن كېيىن يېتىۋالدى. مەن بىرئاز ھاياجانلىنىپ ئاخىر يەنىلا ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم. خەتنى ئۇنىڭ قولىغا بېرىش - بەرمەسلىك توغرۇلۇق كۆپ ئويلاندىم. سېلىپ قويۇپ، ئۇنتۇپ قالغاندەك تۇراتتى. مەن خەتنى ئۇنىڭ قولىغا بەردىم. ئۇ ۋاراقلاپ بېقىپ يانچۇقىغا سالدى ۋە بېشىنى باشقا تەرەپكە بۇرۇۋالدى. گەپ قىلماي مېڭىۋەردۇق. يولدا ئادەملەر ئاۋۋالقىدىن شالاڭلاپ قالغانىدى.

- مەن ئەمدى كەلمەيمەن.

- . . .

- بۇ ئاخىرقى قېتىم، ئېھتىمال، يىراق يەرگە يۆتكىلىپ كېتىشىم مۇمكىن.

- . . .

- خەير خوش.

- سەن چوقۇم كېلىسەن، مېنىڭ تۆرەم. چۈنكى سەن مېنى ياخشى كۆرسەن، مەنمۇ شۇنداق. خوش. . .

# يەڭگىلەك ئادەم

ئۇ ئاخىر بىر پۇرسەتتە يەنە قېچىشقا ئۇرۇندى. «ئۆزىچە بۇ قېتىم چوقۇم قېچىپ كېتىمەن» دەپ ئويلىدى. ھويلىغا چىققاندا ئېسەنكىرەپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنىڭ ئىرادىسىدىن گۇمانلانمىدى. ئەتراپ قىشنىڭ سوغۇق ھەم ئېغىر ئاي نۇرى ئاستىدا جىمجىت ياتاتتى. ھويلىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئېرىقتا سۇ ئېغىر ھالسىراپ ئېقىۋاتاتتى. ئېرىق بويىدىكى دوك جىگدىلەر كېرىلەلمەي بىئارام بولۇۋاتقاندەك مۈكچىيىپ تۇراتتى. چوڭ قېيىنانىسى - پىرخون موماي كولۇۋالالمىغان جىگدە يىلمىلىرى ئاي نۇرىدا كۆز يېشىدەك پارقىراپ تۇراتتى. ئالدىدا كۆۋرۈكنىڭ ئۇ تەرىپىدە شالىلىرى تۆكۈلۈپ كەتكەن چوڭ دەرۋازا، ئۇنىڭ قېشىدا ئەبجەق تراكتور قېرى مويسىپىت كىشىدەك تۇراتتى. پەقەت مۇشۇ قورۇق ئىشىكتىن چىقىپ كەتسىلا بولاتتى. ئارىلىق پەقەت ئىشىكتىن چىقىپ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كەتسىلا بولغىنى، پەقەت شۇنچىلىك ئىش. ئۇ نەچچە قېتىم چىقىپ كېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئىشەنچىسىنى يوقاتقانىدى. ئۇ ئارقىسىغا بىر قاراپ قويدى. بۇ ئۆلارنىڭ قەدىم جايى ئىدى. ئۇ شۇ تاپ بىر ئۇھ تارتىۋېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. قورۇقنىڭ ئەگرى - بۈگرى ئەنجان تېمى سوزۇلۇپ ياتاتتى. تەكشى يەرلىرى ئاي نۇرىدا ئاقىرىپ غايەت زور ئېكراندەك كۆرۈنەتتى. بۇ قورۇق تۇنجى قېتىم ھاسىراپ قېرىپ قالغاندەك كۆرۈندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى بىر ئاز يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلدى. مېڭىپ كۆۋرۈككە قەدەم باستى. بىردىنلا شامال چىقىپ ئېرىق بويىدىكى جىگدىلەر شاراقشىغان ئاۋاز چىقىرىۋەتتى. ئۆي ئىچىدىن چۇقان - سۈرەن ئاۋازى كۆتۈرۈلدى. ئۇ بىردىنلا بوشىشىپ كەتتى. ئايالى ئىچ كىيىمى بىلەنلا بالىنى سۆرەپ چىقتى. ئارقىدىن قېيىنانىسى قىزىنى باشلاپ چىقتى. ئۇنىڭدىن كېيىن چوڭ قېيىنانىسى ھاسىمۇ ئىشلەتمەي ئالچاڭلاپ چىقتى. ئايالى ۋارقىراپ تىللاپ كەتتى:

- ھەي جۇۋاينىمەك، لامزەللە، بىچارە بالىلىرىڭغا قارىماسەن! ساڭا بۇ يەردە نېمە كەم؟ ھۇ، تېگى پەس، شۇ يېشىڭدىمۇ قېچىشقا ئۇرۇنامسەن؟ بۇ يەر سېنىڭ، ئاتا - بوۋاڭ سەنچىلىك كۈن كۆرەلمىگەن. ئەمدى ساڭا نېمە زىيان قىلدى؟ ھۇ تۈز كور.

ئۇ بالىسىنى ئۇرۇشقا باشلىدى. بالا ھازىر تاياققا پىسەنت قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. قانچە ئۇرسىمۇ يەنە مۈگدەپ تۇراتتى. بىر قولى چاتىرىقىدا ئىدى. ئۇنى قانچە ئۇرسۇن غىڭ قىلىپ قويمايتتى.

www.uyghurkitap.com



- ھەي دىلپارەم، ئۇنداق قىلمىغىن، ساڭا بۇ يەردە نېمە كەم، بالاڭنى، قىزىڭنى ئويلىغىن.

ئەمدى ئالداش باشلىنىپ كەتتى. بۇ ئىشلار بىرنەچچە قېتىم تەكرارلانغان، قانداق قىلمىسۇن ئورۇنۇشلىرى بىكار كەتتى. كونا ئەنجان تامدىن غەلىتە سۈرەتلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى. سوپىلار نالە - پەرياد كۆتۈرەتتى. ئېسىل كىيىنگەن خوتۇنلار ناز - كەرەشمە بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتكەن. ئايالى، گۈمۈش بالىسى ۋە باشقىلار شاھانە تونلارغا ئورىلىپ ئولتۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن قورۇقنىڭ ئىچىنى شاۋقۇن - سۈرەن قاپلاپ كەتتى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنى بەكنى كۆپ چېكىپ قويغاندەك ھېس قىلدى. سېيدىلەردىن ئالمىلار تۆكۈلۈپ چۈشەتتى. قوي - كالىلار بىر - بىرىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشۋاتاتتى. تاللاردا ئۈزۈم پىشىپ مەي بولۇپ كەتكەن، ھەرىلەر ئۇچۇپ يۈرگەن. ئېرىقتا سۇ پورۇقلاپ قايناپ، بېلىقلارنىڭ ئازابلىق نالىسى ئاڭلاندى. چوڭ قېينانىسى چېكىدىغان چىلىمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. بالىسى ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويدى. ئۇ ئانىسىنىڭ قولىنى بىرلا چىشلىۋىدى، ئايالى چىررىدە چىرقىراپ، ئۇنىڭ ئۆسكىلەڭ چېچىدىن قولىنى بوشاتتى. بالا يۈگۈرۈپ ئۆزىنى ئۆستەڭگە ئاتتى. ئۇ يا پىشىپ قالدى ياكى قېچىپ قۇتۇلدى. ئۇ ئەمدى بالىسىنىڭ پۈتۈنلەي گۈمۈش بولۇپ قالمىغانلىقىنى ئۇقتى. ئۇنى ھېچ كىشى قوغلاپ قويمىدى. ھويلا بىراقلا جىمىپ كەتتى. ئىشىك تۈۋىدە كونا تراكتور مەغرۇر تۇراتتى. ئۇ تراكتورنى ئۆزىدىن نورمال ھېس قىلاتتى. پەقەت ئۇنىڭ قۇلىقىنى يارغۇدەك چىقىدىغان ئاۋازىلا ئۇنى بۇ غەۋغا، ئوي - پىكىرلەردىن خالاس قىلالايتتى.

ئۇ بۇ تراكتور بىلەن ئۇزۇن يىل بولدى بىللە ئۆتكىلى، ئۇ چاغدا تراكتور يېڭى، ئۆزىمۇ ياش ئىدى، يەر ھەيدەيتتى. ئاۋازى بۇلبۇلنىڭكىدىن چىرايلىق ئاڭلىناتتى. كىشىلەر ھەۋەس بىلەن قاراپ كېتەتتى. ئەمدى ئۇ قېرىدى، ئۇمۇ قېرىدى. بۇ نەس باسقان قورۇدا ئۆلگۈچە بىللە ئۆتۈۋاتىدۇ. ئايالى ئۇنىڭغا تەگكەندىن كېيىن قېينانىسى كەلدى. ئارقىدىن چوڭ قېينانىسى كەلدى، ئىككى بالا بولدى. ئەمدى ئۇ بۇ ئۆيدە پەقەت مالاي بولۇپ قالدى. ئايالى ئۇنى ياخشى كۆرگەندەك قىلاتتى. چوڭ قېينانىسى كېلىپ بۇ ئۆينى جىن ئۇۋىسىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. كېچە - كۈندۈز كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئۇ كونا ئۆيدە بىر توپ چاشقان بىلەن بىللە ئۆتەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ ئۆيدىلا تۇراتتى. كۆرگەن ئادەمنىڭ تېنىگە تىترەك ئولىشىپ كېتەتتى. ئۇ كونا تراكتورنى سېغىنىۋالدى. تۇرقى شۇنچە ئەبجەق بولغانلىقىغا قارىماي مېڭىشلىرى شۇنداق سالاپەتلىك. بۇ يۇرتتا ئۇ ئاغدۇرمىغان يەر قالمىدى. نەچچە يۈز يىللىق بىر قەبرىستانلىقنى بىر قىزىل لاتا ئېسىپ قويسا ھەيدەپ سالالاشقان ئېتىز قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ مېڭىشلىرى شۇنداق سالاپەتلىك، ئېگىز دۆڭ، پەس ئويمانلاردا بەخۇدۇك يۈرۈۋېرىدۇ. باشقا تراكتورلار ئاللىقاچان ۋەيران بولدى. پەقەت ئۆزىنىڭ شۇ تراكتورى يەنىلا مەھەللە ئىچىنى پاتىپاراق قىلىپ كىشىلەرنىڭ قارغاشلىرىغا پىسەنت قىلماي، ئايالى ئاچقان بوز يەرگە قاراپ ماڭىدۇ.

گۈمۈش بالىسى يوق بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن قىزى مومىسىنىڭ ھۈنىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن چاشقانلار ئارىسىدا تۇرىدىغان بولدى. ئۇنىڭ قېچىپ كەتكۈسى بار ئىدى. لېكىن قاچالمىدى. ئۆزىنىڭ ئىرادىسىدىن گۇمانلاندى. ئويلاپ ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن باشقا چىقىش يولىنىمۇ ھېچ تاپالمىدى. شۇنداقتىمۇ قېچىش دېگەن ئۇقۇم ئۇنىڭ كاللىسىغا مەھكەم ئورنىشىۋالدى. ئۇ تراكتورغا چىقسىلا بولدى، ئۇنىڭ قاتتىق ئاۋازى ئۇنى باشقىچە ئادەم قىلىپ قوياتتى. ھېچ نەرسە ئويلىمايتتى. نېمىگە بۇيرۇسا شۇنى قىلاتتى. كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. ئۆيىگە قايتسا ئايالى ئالدىغا چىقاتتى. تاماقنى تويغۇدەك يەپ قېينانىسى بىلەن بەكنى ئوبدان چېكىشىۋالاتتى. ئۇ بارلىق ئوي - پىكىرلەردىن خالاس بولۇپ بەخت ئىچىدە ئۇيقۇغا كېتەتتى. پەقەت شۇنداق بىر كۈنلىرى قوپۇپ كېتىپ قېچىشقا ئۇرۇناتتى. موماي بەزىدە بىر خىل تىلدا گەپ قىلىپ كېتەتتى. ئۇ رادىئونى تولا ئاڭلاپ ۋە ئاختۇرۇپمۇ ئوخشاپ


كېتىدىغان بىرەر تىل تاپالمىدى. شۇنداق راۋان ھۆزۈرلىنىپ بىر نېمىلەرنى ئوقۇپ كېتەتتى. بۇ چاغدا بۇ قەدىمىي قورۇقنىڭ بىكار يېرى قالمايتتى. قىن - قىنىغا پاتمىغان دىۋە - پەرىلەر، ئەڭ ئېسىل مۇقام ناۋاسىدا شوخ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتكەن، ھاياسىز قىلىقلارنى قىلىۋاتقان قاينام - تاشقىنلىق قاپلاپ كېتەتتى. مۇشۇنداق بىر كېچىسى قېينانىسىنىڭ يوتقىنىدىن قويۇپ قاتتىق ساراسىمىگە چۈشتى. بەزىدە چوڭ قېينانىسىنىڭ كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ ئۇسسۇلغا تارتىپ قوياتتى. ئۇ ئېچىگە ياتاق ئۇنۇپ قالغاندەك بىئارام بولۇپ كېتەتتى. ئۇ پەقەت بۇ ئۆيدىكى بىر ئويۇنچۇق. ئۇ كونا تراكتورنى پاقىلدىتىپ ھەيدەپ چىققاندىلا ئاندىن ئارام تاپاتتى. لېكىن قېچىپ كېتەلمەيتتى. ئەسلى قېچىپ كەتسە بولاتتى، لېكىن قېچىپ كېتەلمىدى. ئۆزىمۇ جاۋابىنى تاپالمىدى. پەقەت شۇنداق بىر كېچىلىرى ئويغىنىپ قويۇپ ئۇرۇنۇپ باقاتتى. ئوغلى مۇۋەپپەق بولدى. ئۇ ھازىر يوق. ئۇ ئەسلى گۇمۇش ئەمەسكەن. ئۇ ئالدىدا ئۇزۇن يىل گۇمۇش بولۇۋالدى. ئايالىنىڭ ئۆزىنى قويۇپ بېرىشىنى كۆپ ئىلتىماس قىلدى. دۇمبالىدى، يالۋۇردى، قاچتى. مەيلى قانداق قىلسۇن مۇشۇ يوغان قورۇق ئىچىدە، ئۇ يەر - بۇ يەردىكى نەچچە يۇرۇش كونا ئۆيلەرنىڭ ئارىسىدا قاتراپ يۈردى. ئۇنىڭ باشقا يەرگە بارغۇسى، بالىسىنى ئىزدەپ باققۇسى كېلەتتى. ئۆزىنى بۇ يەردە ئەرمۇ، قۇلمۇ، ئۆي ئىگىسىمۇ زادى نېمە؟ ئۇقالماي قالدى.

- تۇزكور، قارا! بۇ دېگەن جەننەت. سېنىڭ نېمەڭ كەم. ئاتا - بوۋاڭ سەنچىلىك كۈن كۆرەلمىگەن. شۇنچە مال دۇنيا، شۇنچە چوڭ قورۇ، قارا دۆت ئېشەك، سېنىڭ نېمىشقا كۆيۈمىڭ يوق. باشقىلار سەنچىلىك كۈن كۆرەلمەيدۇ. شۇ يەرلەرگە بېرىپ نېمە كۆرەرسەن. كۆكلەپ كەتكىنىڭنى مەن بىر كۆرەي.

ئۇ ئىچىدە بۇ يەردىن باشقا دوزاخ بولسىمۇ بولاتتى دەپ ئويلايتتى. «باشقا يەردە نېمە كۆرسەم كۆرەي، بۇ لەنىتى يەردىن ئايرىلسام بولدى» دەپ ئارزۇ قىلاتتى. بەزىدە ئايالىنىڭ گەپلىرىگە قايىل بولۇپ ئىشىنىپ قالاتتى. مەيلى نېمە بولسۇن مۇشۇ باشقىچە ياشىدى.

بۇ كۈنى ئۇ ئىشتىن ھېرىپ كېلىپ بالدۇرلا ئۇخلاپ قالدى. يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ كەتتى. بۇ ئەتىياز بولۇپ قالاي دېگەن ۋاقىت بولسىمۇ، تالادا يەنە خېلى سوغۇق بولۇۋاتاتتى. ئەتراپ ئۇنىڭغا ئادەتتىكىدىنمۇ يوغان ھەم باياۋان كۆرۈندى. ئۆستەڭ دەريادەك كەڭ ھەم ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتاتتى. كۆۋرۈك قوناق غازىڭى قويۇپ قويغاندەك تىترەپ تۇراتتى. قېرى جىگدىلەر پەقەت قومۇش پۆپۈكىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ قېچىپ كېتىشى تەستەك تۇراتتى. ئۈمىدسىزلىك ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش چىقىرىۋەتتى. قىيا - چىيا ئاۋاز، ئايالىنىڭ چالۋاقاشلىرى يوق. لېكىن يەنىلا قاچالمايدىغاندەك تۇراتتى.

ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر ئوي كىرىپ قالدى. بۇنى بۇرۇن نېمىشقا ئويلاپ باقمىغاندۇ؟ نېمىشقا قېچىشى كېرەك. ياق قاچماسلىقى كېرەك. ئالدى بىلەن بۇ جىن - شەيتانلارنى قوغلاش كېرەك. ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ قېرى موماي تۇرىدىغان كەپىنىڭ قېشىغا كېلىپ چەللە باراڭغا ئوت يېقىۋەتتى. قۇرۇپ كەتكەن چەللە قاراسلاپ كۆيۈپ بىردەمدە پۈتۈن قورۇقنى يورۇتۇۋەتتى. چاشقانلار چىرقىراپ قاچاتتى. پوڭ - پوڭ يېرىلاتتى. ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ ئاۋازى بوغۇلۇپ كەتتى. دىۋە - پەرىلەرنىڭ داد - پەريادىمۇ ئاڭلانمىدى. ئۇنىڭ ئەمدى ھاردۇقى چىقتى. ئەمدى ئۇ نەگە بارىمەن دېسە بارالايدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئەمدى بەربىر. ئۇ جايىدىلا ئۇخلاپ قالدى. تاڭ سەھەردە ئويغىنىپ قارىسا، كونا كەپىنىڭ ساپساقلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق ساراسىمىگە چۈشتى. ئۈمىدسىزلەندى. ئۇنىڭ مېڭىسىگە قان قۇيۇلۇپ دومىلاپ چۈشتى.



# دىدار تەشنالىقى جىسمىم

**مۇھەممەت خېۋىر**

## 1

ھەر جاۋاب نەزمەمدە زاھىر مىڭ سوئال قەددىمدەدۇر،
ھەر تاۋاپ ھىجراندا زاھىر مىڭ ئازاب قەلبىمدەدۇر.
باغلىنىپ يىپسىز ئۇدۇمغا يۈرگىنىم مۇزدەك سۈكۈت،
ۋە لېكىن ئىشقى بايانلار ئوقتىدۇر ـ تەپتىمدەدۇر،
ئىلتىپات قاقتى سېنىڭدە، سوۋۇماي كەلدىم تېخى،
ۋە لېكىن شەيتان قاچانكى تەۋرىسەم تەختىمدەدۇر.
بىمەسەل نەزمەم ئۈزۈلمەس سېغىنىشتىن تامچە بىل،
ۋەسلى ئىمكان ـ مىسلى چۆچەك، چۈشتىكى بەختىمدەدۇر.
ھەر سوئال قىيناقلىرىدىن گۈمبىزى كۆك تۆكتى ياش،
دىلرەبا زېھنىڭنى يىغ، پەريادلىرىم ئەرزىمدەدۇر.
ھەر ئازابقا سەن بىلەن تاپتىم كېسەلچان بەزلىنىش،
ۋە لېكىن ئەھدۇ ساداقەت ھەرقاچان پەرزىمدەدۇر.
ھەر تاۋاپقا مەككىدۇرسەن، قالدى مەككە ئۇنتۇلۇپ،
پاكىز تەقۋا دىلىمدا، تىۋىنىش ئەركىمدەدۇر.
ھەر ساۋاپ پىنھانغا بىر جان ئۇ سېنىڭ مۈلكىڭدەدۇر،
ھەر كاۋاپ بەلكىم مېنىڭدە ئۇيقۇلار تەركىمدەدۇر.

## 2

دىدار تەشنالىقى جىسمىم، كۆزۈم يوللاردا سەرساندۇر،
ۋىسال سەۋدالىقى ئىسمىم، ھېجىر يىللاردا چەنداندۇر.
چېچەكلەر چىقتى شاخلارغا، لېكىن سەن ئۆيدە مەستۇرە،
شۇ بۇ ھالىڭغا مەن ھەيران، چېچەكلەر ھەمدە ھەيراندۇر.
سېنى بۇ ھالغا مەھكۇم قىلىپ ئازابتا قويدى كىم ـ كىملەر،
بىدار تۈنلەردىكى ناخشام بېكىك ھالىڭغا ئىسياندۇر.
سېنىڭ يادىڭدا ئالبومدىن شاھانە رەڭدە جاي بارمۇ؟
سۈكۈتلۈك مەجنۇنى ھالىم سېنى ئويلاشقا جەرياندۇر.
قولۇمدىن ئال بۇ دەردلەرنى، بۇ دەردلەر يىلتىزى سەن ـ سەن،
ئىنايەت بولسا ھۆر تەقدىر، ئەكس مەۋقەدە ۋەيراندۇر.
ۋىسالنامەمگە ئىسپات بول، يەنە دەرد چەكمىسۇن كۆكلەم،
ئۇ ھالسىز يۈرىكىم ياشلىق، كۆزۈمدىن ئاققىنى قاندۇر.
سالاملارنى ئېلىپ كەتتى شامماللار تاڭنى ئەسكەندە،
يۈزۈمدە زاھىرى كۈلكە، لېكىن دەرد ھالى پىنھاندۇر.

3

ئۇزۇلمەي دولقۇنۇڭ كەلدى، ئۇزۇلدى ۋە لېكىن ۋەسلىڭ،
دىلىمدا كۆكلىدى كۆكلەم، يولۇمدا توڭلىدى پەسلىڭ.
مۇھەببەت لەززىتىن بىلمەي سوغۇق زەنجىردە كەلگەن كىم؟
كۆڭۈلدىن چاقنىغان نۇرنى يىپىپ كەلدى ئەزىز نەسلىڭ.
ھېلىھەم چىرقىراپ دەھشەت تىلەيدۇ چارچىغان يوللار،
لېكىن ئادەم ئاتا دەيدۇ: مۇھەببەتتىن سىنىڭ ئەسلىڭ.
ئۇزۇلمەي دولقۇنۇڭ كەلدى، سۇزۇلدى ۋەسۋەسە مەندە،
ھىدىم ئۇنتۇلدى ئۇنتۇلماي تۇرۇپ قەلبىمدە شاھ قەسرىڭ.
چىمەن ئۇزرە كۆچەر قۇملار، قۇرۇپ ھەتتاكى دەريامۇ،
لېكىن ئۆچمەيدۇ ئاتەشلىك دىلىمدا قوزغىغان لەرزىڭ.
يىزىلدى مەڭگۈلۈك قىسمەت بولۇپ پىنھانغا تەنھالىق،
ئۇزۇلمەي دولقۇنۇڭ كەلدى، ئۇلانماي زەنجىرى ۋەسلىڭ.

4

جىلۋىسىز يۈرگەنلىرىڭدە كۈن يۈزى كۆيگەنمىدى؟
قىبلىسىز كۆيگەنلىرىڭدە تۈن ئۆزى سۆيگەنمىدى؟
بۇ سوئال قەلبىمدە مەرغۇل، ھېچ جاۋاب مەقبۇل ئەمەس،
تەمتىرەپ يۈرگەنلىرىڭدە يول قاپاق تۇرگەنمىدى؟
سەزمىسەڭ ھېكمەتنى يولدىن يوق ۋەھىينىڭ قىممىتى،
بولمىسا ھەييام قاۋاقتا مەي تىلەپ يۈرگەنمىدى؟
مەن خىيال چاتقاللىرىدا، يوللىرىم ئۇزدى پايان،
ياكى شەيتان دىل ئۆيۈڭگە پىر بولۇپ كىرگەنمىدى؟
ۋەسلىمىز ئالبوملىرىدىن يوللىرىم ئوتلۇق سالام،
ئاشۇ چاغدا ئىتىلىرىڭ ئالجىپ ماڭا ھۇرگەنمىدى؟
ياكى پارلاق مۇنبىرىمدىن يۈرگىنىڭدە شەكلىنىپ،
رەزگى شەيتان ساڭا مايىل رەم ئېچىپ بەرگەنمىدى؟
ئۆتتى كەچمىش، ئۆتتى سەھۋەن، ئۆتتى ئىشلار ھەممىسى،
ۋە لېكىن سىرنى ئىلاھلار ئۆزلىرى كۆمگەنمىدى؟
نە ئۈچۈنكىن بۇ سوئاللار قالدى پىنھان قەلبىدە،
تۈن ھۆكۈم سۈرگەن چېغىدا كۈن يۈزى كۆيگەنمىدى؟

# ئۈچ شېئىر

**ياسىن ئىسمايىل**

## ۋۇجۇدۇڭنى يۈيۈپ تۇرمىساڭ...

دۈشمىنىڭگە يېڭىلمەي دېسەڭ،
ئالدى بىلەن ئۆزۈڭنى چۈشەن.

ۋۇجۇدۇڭنى يۈيۈپ تۇرمىساڭ،
پۇت - قولۇڭنى چۈشەيدۇ كىشەن.
تەمەننادا تۇرسىمۇ تاغلار،
ئۇنى يېرىپ ياشار گۈل - چىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



### ھەقىقەت

قىز مېھرىدەك قىلىسەن شەيدا،
مىڭ گۈزەلنىڭ جىلۋىسى سەندە.
زىكرى قىلىپ ئۆتتۈم نامىڭنى،
سايرىغاندەك بۇلبۇل چىمەندە.
يەتكۈزمەستىن ۋەسلىڭگە مېنى،
ئۆتەرسەنمۇ قىلىپ قۇل - بەندە؟!

### ئانا

ئىللىق مېھرىڭ ئارتۇق قۇياش تەپتىدىن،
جامالىڭدا سانسىز باھار جىلۋىسى.
كۈندە مىڭ رەت ساڭا سەجدە قىلىمەن،
چۈنكى ئۆزۈڭ يۈرىكىمنىڭ قىبلىسى.

# ئىككى شېئىر

## ئادىل چاۋار

### ئانامغا

جان ئانا ھە بۈگۈن باقسام كۆزۈڭگە،
يۈرىكىم ئۆرتىنىپ بولدىغۇ پارە.
بۇ بېشىم پەلەككە تاقىشار ئىدى،
قەددىڭنى تۈزلەشكە تاپسام گەر چارە.

ئېسىمدە بىر چاغلار كەچكۈز سوغ شامال،
تۈگمەنگە ئۇگۈتنى يۈدۈپ بارغىنىڭ.
ئېتىزنىڭ ئىشىدىن يانغاندا ئۆيگە،
سۇ توشۇپ، پالتىدا ئوتۇن يارغىنىڭ.

چىقمايدۇ ئۇ كۈنلەر، چىقمايدۇ ئەستىن،
سەن ئىدىڭ بىز ئۈچۈن دادا ھەم ئانا.
چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشقۇچە بىزنى،
ئۆتكۈزدۈڭ بېشىڭدىن ھېسابسىز جاپا.

قارىسام قۇندۇزدەك چاچلىرىڭمۇ ھەم،
كۈمۈشتەك ئاقارغان يۈزۈڭدە قورۇق.
شەمشاددەك قەددىڭمۇ ئېگىلگەن يادەك،
پۇت - قولۇڭ قورايدەك شۇڭقەدەر ئورۇق.

مىجەزىڭ بەك ياۋاش، غىزارىڭمۇ كەم،
گەپ - سۆزۈڭ كېتىپتۇ تېخىمۇ ئازلاپ.
ئوق تەگكەن كېيىكتەك چېكىمەن ئازاب،
ئۆمىلەپ سۈيىغا چىقساڭ ئاۋايلاپ.

دەيمەنكى، ئۆزارتىش ھايات مەلھىمى،
«بار ئىكەن» دېسە گەر مۇشۇ جاھاندا.
قېنىمنى، جېنىمنى سېتىپ بولسىمۇ،
ئەپ بەرگەن بولاتتىم شۇنىڭدىن ئانا.

### پەرىشتە


ھايات، تۇرمۇش ئاتەش ئوچىقى،
چېنىقتۇرۇپ تاۋلىدى بىزنى.
سەن يېنىمدا بولغاچقا يۆلەك،
تىك ياشىدىم، ئەگمىدىم تىزنى.

تۇرمۇشىمىز بولسىمۇ مۇشكۈل،
كەلدىڭ چىداپ لېۋىڭنى چىشلەپ.
كېچە - كۈندۈز تاپمىدىڭ تىنىم،
ئۆيدە ھەمدە ئېتىزدا ئىشلەپ.

كۈنلەر ئۆتۈپ كۈلدى نۇر قۇياش،
ئەجرىمىزدىن ئېچىلدى چېچەك.
كۈتۈۋالدى بىزنىمۇ ئاخىر،
قۇچاق ئېچىپ گۈزەل كېلەچەك.

ھاياجاندا باقسام كۆزۈڭگە،
كۆرۈنىسەن گۈزەل پەرىشتە.
ۋاپادارلىق بابىدا نامىڭ،
يەردە ئەمەس، بەلكى ئەرشتە.

# ئىبلىس ساقلاپ ياتقان جەسەتلەر



(خاتىرە)

F . بىرگمان (شۋېتسىيە)
ئەخمەت راخمان تەرجىمىسى

## قەدىمكى قەبرىلەرنى ئىزدەش

1934 - يىلى 4 -، 5 - ئايلاردا، سۋېن ھېدىن ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ قىسمەن ئەزالىرى بىلەن چاپما قېيىققا ئولتۇرۇپ كونچى ۋە قۇم دەريالىرى ئارقىلىق لوپنۇر كۆلىگە بارغانىدى. مەن شۇ قېتىم پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شۇ ئەتراپتا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم. بۇ خىزمەتلەر ئاساسلىق سۋېن ھېدىننىڭ قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ مەنبەسىنى بېكىتىش پىلانىنى يېڭى دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت ئىدى.

شۇ قېتىمقى دەريا سەپىرىدە سۋېن ھېدىن بىر چاغلاردىكى كونا مالىيى ئۆردەكنى يوقلاپ ئۆتتى ھەم ئۇنىڭدىن قۇم دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى قۇملۇقتا (مۆلچەرىمچە ياردائىبۇلاقنىڭ دەل جەنۇبىغا توغرا كېلەتتى) كىشىلەرگە تېخى مەلۇم بولمىغان قەبرىستانلىقنى بايقىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. ئۆردەك بىزگە يول باشلىغۇچى بولدى، ئارىمىزدا يەنە خېلى شىجائەتلىك سانىلىدىغان شىڭ رۇيخېنمۇ بار ئىدى.

29 - ئاپرېل سۋېن ھېدىن ئېكسپېدىتسىيە گۇرۇپپىسىنى باشلاپ 70 - نومۇرلۇق قونالغۇدىن ئايرىلىپ چاپما قېيىق بىلەن دەريا سەپىرىنى داۋاملاشتۇردى. 70 - نومۇرلۇق قونالغۇ ئاپتوموبىل ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى چۈشكۈن قىلغان قۇم دەرياسى بويىدىكى چوڭراق قونالغۇ بولۇپ، ياردائىبۇلاققا يېقىن ئىدى. ئىككىنچى كۈنى گۇرۇپپىمىز چاپما قېيىق بىلەن دەريانىڭ تۆۋەندىكى قىسمىغا، يەنى ياردائىبۇلاقنىڭ تۆۋەنكى قىسمىغا ناھايىتى يىراق بولغان جايغىچە بېرىپ توختىدۇق. ئۆردەك ھېلىقى خېلىلا چوڭ دائىرىگە جايلاشقان قەدىمي قەبرە توپىنى ئىزدەپ تاپماقچى بولدى. ئۇنىڭ خاتىرىسىدە قېلىشىچە، قەبرىستانلىق قۇملۇقنىڭ جەنۇبىغا 30 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا ئىكەن، لېكىن ئۇ ئۈچ كۈن ئىزدەپمۇ قەبرىستانلىقنى تاپالمىدى. ئۇنىڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇ يەرگە بارغىنىغىمۇ ئاز كەم 15 يىل بولۇپ قالغانىكەن. ئەينى چاغدا ئۇ باشقا بىر يۆنىلىشتىن قەبرىستانلىققا كەلگەنىكەن، ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئۇ تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەندىكى ئېقىنىنىڭ شەرقىي ھاۋزىسىدىكى قۇرۇپ كەتكەن بولۇڭكۆلدىن يولغا چىققان. لېكىن ھازىر ئۆردەك ئېيتقان قەبرىستانلىق ئەگەر ھەقىقەتەن قونالغۇنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدىغان 100 كىلومېتىرلىق دائىرىدە بولىدىغان بولسا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇنداقتا بۇ قەبرىلەر بىر چوڭ كۆلنىڭ ئاستىدا قالغان بولىدۇ. مەن قەبرىستانلىقنىڭ كۆل ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتىم. چۈنكى يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان سۇ بېسىپ كېتىشتەك ئاپەت خاراكتېرلىك ۋەقەدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قەبرىستانلىقنىڭ ئادەتتە ئېگىزرەك جايلاردا بولىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتىم. بىراق مەن يەنىلا بۇ يەرگە بېرىپ كۆلنىڭ زادى قانداق تىپقا كىرىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ بېقىش نىيىتىگە كەلدىم. ئەمما بۇرۇن تۈزۈلگەن خەرىتىلەردە كۆلنىڭ ئورنىنى ئېنىقلاپ بېرىدىغان ھېچقانداق بەلگە يوق ئىدى.

بىز شىددەتلىك شەرقىي شىمال بورىنى تۈپەيلى «61B» قونالغۇدا بىر كۈن تۇرۇپ قالدۇق. ئەتىسى مەن دەريانىڭ جەنۇبىي ھاۋزىسىدىن جەنۇبقا، يەنى غەربىي جەنۇب يۆنىلىشىنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتىم، شۇنداق قىلىپ دەريادىن خېلىلا يىراقلاپ كەتتىم. ماڭغانسېرى يەر يۈزىنىڭ تەكشى كەتكەنلىكىنى، تۈپرىقىنىڭ تاقىرلىشىپ كەتكەن سىغىز توپىلىق يەر ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. بۇ يەردە تېخى شالاڭ يۇلغۇنلۇق ۋە قۇرۇپ كەتمىگەن چاتقاللارنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. يەر يۈزىدە يەنە شالاڭ قەدىمىي ياردائىلىقلار تارقالغان بولۇپ ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر ئەتراپىدا كېلەتتى. ئاقما قۇم ناھايىتى ئاز ئۇچرايتتى. دەريانىڭ جەنۇبىي ھاۋزىسىغا يىراقراق جايدا قۇرۇپ كەتكەن دەرەخلەردىن باشقا قۇرۇپ كەتكەن بىرنەچچە توپ يۇلغۇن كۆچىتىنىمۇ كۆرگىلى بولاتتى. قونالغۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى دەريانىڭ ئەگرى - توقاي مەنزىلىنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن سىغىز تۇپراقتىن بىر ساپال پارچىسىنى تېپىۋالدىم. بۇنى دەريانىڭ شىمالىي ھاۋزىسىدا تېپىلغان ساپال پارچىلىرى بىلەن ئوخشاش دەپ بېكىتىشكە بولاتتى. مۆلچەرىمچە، بۇ ساپال پارچىلىرى تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ ئىدى.

5 - ماي بىز قونالغۇ ئەسلىھەلىرى بىلەن ئات - ئۇلاغلارنى دەريادىن ئۆتكۈزمەكچى بولدۇق. ئىككى چاپما قېيىقنى بىر - بىرىگە چېتىپ، ئات - ئۇلاغلارنى قېيىققا چىقىرىپ پۇتلىرىنى چۈشىدۇق. ئېكسپېدىتسىيە گورۇپپىسى دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن ماڭماقچى بولدى، مەن جەنۇب تەرەپتىن ئايلىنىپ بىرشىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىقتىم. مەن ناھايىتى تېزلا تاش قورال دەۋرىگە ئائىت كىچىكرەك ئولتۇراق رايوندىن ئايلىنىپ ئۆتتۈم. چاقماق تېشى بىلەن ساپال پارچىلىرىنىڭ قالدۇقلىرى ياردائىلىقلارنىڭ ئۈستى، شۇنىڭدەك ياردائىلىقلار ئارىلىقىدىكى ئىككى مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى ئويمانلاردا ساقلانغان بولۇپ، ئۆتكۈر تىغلىق ئوقيا بېشى بىلەن سىڭىر تاشتىن ئىشلەنگەن ئوقيا بېشىنىڭ دەۋرى ماس كېلەتتى.

مەن قۇرۇپ كەتكەن دەرەخلەر توپىدىن ئۆتتۈم. ئاللىقاچان قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن بۇ دەرەخلەردىن بۇ جاينىڭ ئىلگىرىكى سەلتەنىتىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ھازىر بۇ يەرلەر تامام تاقىرلىشىپ كەتكەنىدى. قۇرۇپ كەتكەن يۇلغۇنلار چوقچىيىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ شاخلىرىنى بوران ئۇچۇرۇپ تۈگەتكەنىدى. تاقىر سىغىز توپىلىق يەر ۋە قۇملۇقتا تەخمىنەن بىر مېتىر چوڭقۇرلۇقتا بىرنەچچە تەكشى ئازگال پەيدا بولغانىكەن. بەزى ئازگال، يېرىقلارنىڭ ئاستى ئۈستىدىن خېلىلا كەڭ ئىدى. جەنۇبىي قىسمى - تۆپىلىكنىڭ چەت جايلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، يېرىقتىن ھاسىل بولغان تەبىئىي چۆنەكلەردە سۇ سىرغىپ تۇراتتى. بۇ شامالدا يېمىرىلىشتىن شەكىللەنگەن تېپىك ئازگال، چۆنەكلەر ئىدى. تەخمىنەن سەككىز مېتىر ئېگىزلىكتىكى تۆپىلىكنىڭ يانباغرىدا كىچىكرەك ئىككى تۈز كۆلى بولۇپ، بەكمۇ يېگانە كۆرۈنەتتى. بۇ كۆلگە بىر قاراپلا ئۇنىڭ دەريانىڭ بۇرۇنقى قىنى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. سازلىقتا مۇشۇ خىل كۆلگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىرنەچچە كىچىك كۆلچەكلەر بار ئىدى. ئادەم ئاياغ باسمىغان بۇ چۆل شۇنچە سۈكۈناتتا ياتقانكى، قۇرۇپ كەتكەن دەرەخلەر، چاتقاللار، سازلىقلار، ئاللىقاچان قۇرۇپ كۆتەككە ئايلىنىپ كەتكەن يۇلغۇنلار ئاشۇ كۆلچەكلەردىكى تۈز سۈيىنىڭ دىماغنى يارغۇدەك ئاچچىق پۇرىقى بىلەن بىرلىشىپ كىشىگە كۆڭۈلسىز تەسىرات بېرەتتى.

مەن تاسادىپىي بەش دانە مىس ياماقنى تېپىۋالدىم، ئەپسۇسكى، ياماقنىڭ يۈزىدىكى

خەتلەر ئۇپراپ كەتكەچكە ئېنىقلاش مۇمكىن بولمىدى، لېكىن ئۇنى تىپىك خەن دەۋرىگە ئائىت بۇيۇم دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سىلىندىر شەكىللىك بىر مىس ھەميان بولۇپ، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ پۇل سېلىشقا مۇۋاپىق كېلەتتى. ئەگەر بۇ راستتىنلا ھەميانىڭ ئۆزى دېيىلسە، ئۇنداقتا ئۇنى كىرورەن دەۋرىدىكى نامەلۇم شور پېشانە ساياھەتچى چۈشۈرۈپ قويغان بولۇپ چىقىدۇ.

6 - ماي ئاسماننى قويۇق بۇلۇت قاپلىغان بولۇپ، ھاۋا ناھايىتى سالقىن ئىدى. مەن ئالدىنقى كۈندىكىگە ئوخشاش جەنۇبقا قاراپ يولغا چىقتىم، ئېكسپېدىتسىيە گۇرۇپپىسى چاپما قېيىق بىلەن دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا قاراپ 20 كىلومېتىردەك ئۈزۈپ باردى. مەن يارداڭلار ئارىلىقىدىكى سازلىقلاردىن تاش قورال دەۋرىگە ئائىت بەزى قالدۇق نەرسىلەرنى تاپتىم ھەم قۇرۇپ كەتكەن توغراقلىق ئوراپ تۇرغان چوڭقۇر سازلىقتىكى كىچىكرەك تۇزلۇق كۆلگە يېقىنلاشتىم. شېغىل رويخېن بىلەن جاۋ كېدۇنمۇ ئاشۇ يۇرۇشىدە خەن سۇلالىسىگە ۋە تاش قورال دەۋرىگە ئائىت ساپال پارچىلىرىنى تېپىپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى، يامغۇر قاتتىق يېغىپ كەتتى. ئۆردەك قونالغۇدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا كۆل ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان قەبرىستانلىق بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلاتتى. ئۇ كۆلگە بېرىش ئۈچۈن 50 كىلومېتىر يول يۈرۈشكە توغرا كەلسە كېرەك، دەپ قارايتتى. لېكىن ئېكسپېدىتسىيە گۇرۇپپىسىنى باشلاپ بەش كىلومېتىر ماڭا - ماڭمايلا تونۇگۈن مەن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇچراتقان كۆل بىلەن دەريانى تۇتاشتۇرغان يەرگە يېتىپ كەلدۇق. ئۇ «بۇ كۆلنىڭ سۈيى تۇزلۇق، بوۋىلارنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئەڭ ئاخىرقى كۆلگە بېرىش ئۈچۈن جەنۇب يۆنىلىشىنى بويلاپ داۋاملىق مېڭىش كېرەك» دېدى. ئۇ گاڭگىراپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. بىز كۆلنىڭ راستتىنلا بار - يوقلۇقىدىن شۈبھىلەنگەنىدۇق. جاۋ كېدۇن ئۆردەك بىلەن خەنزۇچە پاراڭلاشتى. ئۇلارنىڭ ئەپچىل ئىما - ئىشارەت، ئاددىي سۆزلىرىدىن شۇنى بىلدۇقكى، ئۆردەك قەبرىستانلىقنىڭ ئورنى شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشتە دېگەندە چىڭ تۇردى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۇ يەردە ئېبلىس (ئالۋاستى) بارمىش، ئۇ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بولۇپ، بىزنى ئۇ يەرگە باشلاپ بېرىشقا پېتىنالماسمىش. ئۆردەك 15 يىل بۇرۇن ئۇ يەرگە بىر ھەمراھى بىلەن بارغانىكەن، شۇ چاغدا ئۇنىڭ ھەمراھى كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغاچقا كېچىنى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەپتۇ. ئۇ يېرىم كېچە بولغاندا تۇيۇقسىز يامان چۈش كۆرگەندەك ئويغىنىپ كېتىپتۇ - دە، ناھايىتى بەتبەشىرە ئەرۋاھنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قاپتۇ.

لېكىن، ئۆردەك ئەتىسى قېيىقچى، لوپنۇرلۇق تاھىر دېگەن كىشى بىلەن ئاتلىق ئۇ يەرگە بېرىشقا ماقۇل بولدى. ئەمما ئۇ مىلتىق ئېلىۋېلىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. چۈنكى ئالۋاستى مىلتىقتىن بەكمۇ قورقارمىش. مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بارماقچى بولۇپ قايتا - قايتا ئۆتۈنگەندىن كېيىنلا ئۆردەك بىرگە بېرىشىمغا قوشۇلدى.

8 - ماي ئەتىگەن سائەت 6 دە، ئۈچىمىز يولغا چىقتۇق. ھاۋامۇ ناھايىتى سالقىن ئىدى. ئۈچ ئادەم ئىككى ئاتقا مىنگەنىدۇق. غەربىي جەنۇب يۆنىلىشىنى بويلاپ بىر قەۋەت تېيىز ئاقما قۇملۇقتىن ئۆتۈپ كۆلگە يېقىنلاشتۇق. ئۇ يەردە خېلىلا ئايىنىغان يۇلغۇنلۇق بار ئىكەن. لېكىن قۇملۇققا ئىچكىرىلەپ كىرگىنىمىزدە ئېگىز قۇم بارخانلىرىدا قۇرۇپ كەتكەن يۇلغۇن، توغراقلار- نى ئۇچراتتۇق. بىز يېرىم سائەت يول يۈرگەندىن كېيىنلا يارداڭلىقلاردا قەد كۆتۈرۈپ سايە تاشلاپ تۇرغان توغراقلىقتىن ئۆتتۇق. يەنىمۇ ئالغا قاراپ مېڭىۋىدۇق، كىچىك قۇم بارخانلىرى بارغانچە كۆپەيدى - دە، بىپايان چۆللۈككە چىقىپ قالدۇق. ئالاھەزەل بىر سائەتتىن كېيىن قۇم بارخانلىرى ئېگىزلەپ ئىككى مېتىرگە يەتتى. مەن بوران يالاپ كەتكەن تاقىر يەردە تاش قورال دەۋرىگە ئائىت ساپال پارچىلىرىنى ئۇچراتتىم. ماڭغانچە قۇم بارخانلىرىمۇ ئېگىزلەپ باراتتى، مەن يەنە بىر پارچە تۆمۈرنى تېپىۋالدىم. شۈبھىسىزكى، تاش قورال دەۋرىدىن بۇرۇن ئىنسانلارنىڭ بۇ جايلاردا ئولتۇراقلاشقانلىقىنى جەزم قىلغىلى بولاتتى. بەزى جايلار كرورەن

دەۋرىدىن بالدۇر بولۇپ، قالدۇق بۇيۇملار قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا قالغانىكەن. ئىنسانلار بۇ جايلاردا ياشاشقا ئىمكانىيەت قالمىغاندا تاشلاپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، نۇرغۇن قالدۇق بۇيۇملار ئاشۇ قۇم بارخانلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغاندەك قىلاتتى.

تەخمىنەن سائەت 10 لاردا، بىر - ئىككى تۇپ كۆكۈرۈپ تۇرغان يۇلغۇننى ئايلىنىپ ئۆتكىنىمىزدە، قۇم بارخانلىرى ئېگىزلەپ ئون مېتىرغا يەتتى. ئاپتاپ قىزدۇرۇپ چىدىغۇسىز هالغا كەلدۇق. بىز ئاتتىن چۈشۈپ ئۇسسۇلۇق ئىچىپ 40 مىنۇتتەك دەم ئالدۇق. ئەتراپىمىزدا دۆۋە - دۆۋە قۇم بارخانلىرى ياتاتتى. تا بۈگۈنگىچە ئۇيغۇرلار تاپقان خېلىلا تۈز يول مۇشۇ بولسا كېرەك، لېكىن ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش سەۋەبلىك يۆنىلىشنى بېكىتەلمەي كەلگەنىكەن. تاهىرنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن جەنۇبىي يۆنىلىشنى بويلاپ 30 گرادۇس شەرققە قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلەپ ئېگىز قۇملۇقلاردىن ئۆتتۇق، ئۇنىڭدىن كېيىن يۆنىلىشنى بۇراپ ئۇدۇل شەرققە قاراپ ماڭدۇق - دە، شەرق شامىلى خېلىلا كۈچلۈك چىقىۋاتقان 15 - 20 مېتىرلىق قۇم بارخانلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ قالدۇق. مەن مەشتەك قىزىپ كەتكەن قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا چىداشلىق بېرىپ ئىلگىرىلەۋاتقان 72 ياشلىق ئۆردەككە ھەقىقەتەن قايىل بولماي تۇرالمىدىم، تاهىرنىڭ پۇتى قاپىرىپ كەتكەچكە، پات - پات ئارقىمىزدا قالاتتى. بىز شەرقىي شىمال يۆنىلىشنى بويلاپ ئاخىر پەس كەتكەن قۇملۇققا يېتىۋالدۇق. ناهايىتى روشەنكى، بۇ ئىككى ئۇيغۇر شىمالغا بۇرۇلۇپ بۇ يەرگە بېرىش يولىنى پىششىق بىلىدىكەن. ئوكۇشلۇق بولسىلا قاراڭغۇ چۈشۈشتىن بۇرۇن دەريا بويىغا بېرىۋالالايتتۇق. سائەت 7 دە، بىز قۇملۇقتىن چىقىۋالدۇق ۋە تۇرالغۇغا يېقىن ئەتراپتىكى كۆلنى پەرق ئېتىۋالدۇق. چۈشتىن كېيىن سائەت 8 دىن 10 مىنۇت ئۆتكەندە، بىز يەنە بىر قېتىم قونالغۇغا باردۇق. بۇ قېتىمقى ئايلانما شەكىلدىكى سەپىرىمىزدە 50 كىلومېتىر يول باستۇق، ئارخېئولوگىيىلىك نەتىجىلىرىمىز پەقەت تاش قورال دەۋرىگە ئائىت بىرنەچچە ساپال پارچىسى بىلەنلا چەكلەندى.

بىر كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن، ئىككى ئۇيغۇر يەنە بىر قېتىم قىيپاش شەرق يۆنىلىشنى بويلاپ يولغا چىقىپ ھېلىقى قەبرىستانلىقنىڭ ئورنىنى ئىزدىدى، مەن كۆلنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىقتىم، كۆل ئىككى خالتىسىمان توقايلىقتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، قىرغاقلىرىدا يۇلغۇنلار چېچەكلىگەنىدى، كۆلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3.5 كىلومېتىر، كەڭلىكى 1 كىلومېتىر كېلەتتى.

تۆت كۈندىن كېيىن ئۇلار قايتىپ كەلدى، لېكىن ئۇلار ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەپتۇ، پەقەت بىرنەچچە كىچىك قەدىمىي بۇيۇملارنىلا ئالغاچ كەپتۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككى تال مىس قەلەمتىراش بار ئىكەن. هازىر پىلانىمىزنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك بولغاچقا، شىڭ رۇيخېن ئۇلارنى ماشىنىسى بىلەن قونالغۇغا ئاپىرىپ قويىدىغان بولدى. بىز تىكەنلىكتىن يىپ ئۇچى ئىزدەشنى قارار قىلدۇق.

14 - ماي قۇرغاق چۆل - باياۋاندا بىر پەس قاتتىق يامغۇر ياغدى. يامغۇردىن كېيىن، پاشا ئارام بەرمىدى. 18 - ماي بىرنەچچە قېيىقچى سۈۋېن ھېدىننىڭ خېتىنى ئالغاچ كەپتۇ، ئۇ خەتنى 12 - ماي 80 - نومۇرلۇق قونالغۇدا يازغانىكەن. ئۇ خېتىدە گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ قايتىشى كېرەكلىكى، كىچىك ماشىنىنىڭ 23 - مايدىن بۇرۇن قونالغۇغا چوقۇم يېتىپ كېلىشى لازىملىقىنى يېزىپتۇ. شىڭ رۇيخېن ئۆردەك بىلەن تاهىرنى قونالغۇغا ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن، شۇ كۈنىلا يېنىمىزغا قايتىپ كەلدى. ئۇ قۇمتاغ ئارقىلىق لوپنۇر كۆلىگە بارىدىغان يولنى تاپتىم دەپ پەرەز قىلغانىدى. پىلان بويىچە قۇملۇق ئارقىلىق دۇڭخۇاڭغا ئۆتىدىغان گۇرۇپپا ئاتمىشبۇلاق ئەتراپىغا كەلگەندىن كېيىن يەنە 70 - نومۇرلۇق قونالغۇغا قايتىپ كەلدى، چۈنكى ئۇلار يولنى بىلىۋالغانىدى.

مەن قارا تاغدىن كەلگەن، مىڭ تۇياق قويۇم بار دېگەن مالچىدىن (سانىنى مالچى ئېيتىپ بەرگەن، ئېھتىمال ئاشۇرۇۋەتكەن بولسا كېرەك) بۇ يەردىن 15 - 20 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە قەبرە بارلىقىنى ئاڭلىدىم. ئۈمىد تۇغۇلغانىدى.

مەن دەرھال مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈر- گۈزدۇم. 22 - ماي بىز پوتالىق كۆلى بويىدىكى چېدىرلىرىمىزنى چۇۋۇپ دەريانىڭ قىشىغا يۆتكىدۇق. يولدا يۇلغۇن شاخلىرى بىلەن ياسالغان بىرنەچچە كەپىلەر ئۇچرىدى، بۇ كەپىلەر مالچىلارنىڭ تۇرالغۇلىرى ئىدى. شۇ ئاخشىمى مەن شىڭ رۇيخېن بىلەن تېپىشالمىدىم. ئۇ ئېكسپېدىتسىيە گۇرۇپپىسى بىلەن چاپما قېيىقنى توختىتىپ قويغان جايغا كېتىپتۇ. مېنىڭ ئەھۋالىم بىرئاز ياخشى بولغىنى بىلەن ئۇلارنىڭ ئوزۇقى تۈگەپ بولغانىكەن. كېيىن ئاڭلىسام شىڭ رۇيخېن قاتارلىقلار شۇ جايدىكى قېيىقچىلاردىن بىرنەچچە تال بېلىق ئېلىپ قورسىقىنى غەملەپتۇ.

گەرچە تىكەنلىكتىن ئاشلىق سېتىۋالغان بولساقمۇ، ھازىر يېگۈدەك ھېچنېمە قالمىغانىدى. ئۆردەك ئاشلىق سېتىۋېلىپ كېلىشكە مەسئۇل بولدى، ئەمما ھەر قېتىم ئاشلىق سېتىۋالغاندا نېمىشقىدۇر بىرنەچچە خالتىسى يوقىلىپ كېتەتتى.

شۇ ئاخشىمى ئۆردەك قونالغۇغا قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۇچىسىغا لوپنۇرلۇقلار كىيىدىغان يىپيېڭى كىيىملەرنى كىيگەن، بېشىغا تۆڭگان لەشكەرلىرىنىڭ مالخىيىنى كىيىۋالغانىدى. ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى ئالدىراش كۆرۈنەتتى. ئۇ باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن يەنە بىر قېتىم قەبرىستانلىقنى تاپماقچى بولدى، ھەتتا تېپىپ كەلگەن بەزى ئاخىرەتلىك بۇيۇملارنى ماڭا كۆرسەتتى. بۇلار نەپىس توقۇلغان ئۈچ دانە سېۋەت (مەن ستەيىن بىلەن كرورەن ئەتراپىدا بايقىغان قەبرىلەردە مۇشۇنداق ئاخىرەتلىك بۇيۇملارنى كۆرگەنىدىم)، بىر دانە كىگىز تەلپەك ۋە ياغاچتىن ئىشلەنگەن بەزى بۇيۇملار ئىدى. بىز ئاشلىقلارنى غەملىگەندىن كېيىن ئۆردەكنىڭ ئوغلىنى بىرگە ئېلىۋېلىپ خىزمىتىمىزگە ياردەملىشىش تەلىپىنى رەت قىلدۇق، چۈنكى ئۇنىڭ ئوغلى بىرقانچە كۈن ئىلگىرى ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەرگەنىدى. بىز پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ھېلىقى سىرلىق «قەبرىستانلىق» نى ئىزدەپ تاپماقچى بولدۇق.

24 - ماي مەن 66 - نومۇرلۇق قونالغۇنىڭ غەربىگە بىرنەچچە چاقىرىم كېلىدىغان يالغۇز قەبرىنى تەكشۈردۈم، مەن ئۇنى «10 - نومۇرلۇق قەبرە» دەپ ئاتىدىم. جەسەت ساندۇقى توغراق ياغىچىنى ئويۇپ ياسالغان بولۇپ، ئۈستىدە قاپقىقى بار ئىدى. جەسەت ئۇپا - ئەڭلىك بىلەن گىرىم قىلىنغان بولۇپ، مومىيالىغان ھالەتتە ئىدى، ئۇچىسىغا توق سېرىق يىپەك تون، قوي تېرىسىدىن ئىشلەنگەن شالۋۇر كىيگۈزۈلگەن بولۇپ، پۇت - قوللىرى چىقىپ تۇراتتى. يىپەك تونغا ئاساسلانغاندا، بۇ قەبرىنى كرورەن دەۋرىدىن بۇرۇن دەپ ھۆكۈم قىلغىلى بولاتتى.

26 - ماي مەن، شىڭ رۇيخېن، ئۆردەك، لوپنۇرلۇق قەدى قاتارلىقلار بىلەن بىرگە قەدى ئېيتىپ بەرگەن قەدىمىي قەبرىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. بۇ قەبرە تەخمىنەن غەربكە 7 - 8 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ياقا ئېرىق كۆلى ئەتراپىغا توغرا كېلەتتى. ئەڭ مۇكەممەل ساقلانغان بىر قەبرە كۆلنىڭ شىمالىي قىسمىدا ئىدى. جەسەت ساندۇقى تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىلدە بولۇپ، توغراق ياغىچىدىن ئىشلەنگەنىدى. بىز لەھەتنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن ئىككى تۆشۈك ئاچتۇق، ئۈستى تەرىپىدىن بۆكەننىڭ باش سۆڭىكى چىقتى، ئۆردەك «بۇ قەبرىلەر ئېھتىمال مۇسۇلمانلارنىڭ بولۇشى مۇمكىن» دېدى. مەن بۇنىڭدىن سەل گۇمانلىنىپ قالغانىدىم، لېكىن ئەينى چاغدا قېزىپ چىقىدىغىنىمىزنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىسى بولۇش مۇمكىنچىلىكى- نى دەپ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇشنى ئۈمىد قىلمايتتىم. شۇڭا مەن بۇ قەبرىلەرگە سوغۇققانلىق بىلەن قارىدىم. ئۇنىڭ ئېپتىدائىي ھالىتىدىن قارىغاندا، بىر رەتكە ئۈچ قەبرە قاتار تىزىلغان بولۇپ ئوتتۇرىسىدىكى قەبرە ناھايىتى ياخشى ساقلانغانىدى. بىز سىيت موللىنى كۆل بويىدىكى كەپىسىگە بېرىپ يوقلىدۇق. ئۇ بىزنى سۈت، قېتىق ۋە نان بىلەن مېھمان قىلدى. نان تېرىدىن ئىشلەنگەن داستىخانغا قويۇلغانىدى. ئۆتكەن 3 - 4 يىلدىن بېرى سىيت موللا ئىزچىل مۇشۇ يەردە تۇرۇپ مال بېقىۋېتىپتۇ. قىش پەسلىدە دەريا بويىدىكى كونا تۇرالغۇسىغا قايتىدىكەن. ھازىر ئاللىقاچان قۇرۇپ كەتكەن

www.uyghurkitap.com

تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى ئاھالىلەر قوي - ئۆچكىنى ئاساس قىلىپ يېرىم چارۋىچىلىق قىلىپ تىرىكچىلىك قىلىدىكەن، يېزا ئىگىلىكىمۇ خېلىلا تەرەققىي قىلغانىكەن. يېڭى دەريا ۋادىسىدىكى قومۇشلۇق چارۋىلارنى مول يەم - خەشەك بىلەن تەمىن ئېتىدىكەن.

بىز چۈشتىن كېيىن كەلگەن يولىمىز بىلەن قايتتۇق. شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىنى بويلاپ ئانچە يىراقتا بارمايلا بىر قەبرىنى تاپتۇق. قەبرە ئۈستىگە بىرنەچچە تال توغراق ياغىچى قويۇلغان، دەرەخ شاخلىرى بىلەن يېپىلغان، ئۈستىگە بۆكەننىڭ باش سۆڭىكى، ئاتنىڭ باش سۆڭەكلىرى تاشلاپ قويۇلغان بولۇپ، سۆڭەكلەرنىڭ ئەتراپىغا چىۋىق ۋە رەخت پارچىلىرىمۇ تىزىپ قويۇلغانىدى.

كەچ كىرىش بىلەن قارا بوران چىقىشقا باشلىدى. بوران 27 - مايدىن 29 - مايغىچە داۋاملاشتى. ئۇيغۇرلار تارقىلىپ كەتتى، مەن شىڭ رۇيخېن بىلەن چوڭ قەبرىنى داۋاملىق تەكشۈردۇق. بەك چارچاپ كەتكەنلىكتىن كۈن پاتمايلا ئۇيقۇغا كېتىپتىمىز، بىر چاغدا ئۈشتۈمتۇت ئاتمىشبۇلاق تەرەپتىن قېيىقچىلارنىڭ «تۆرە» دىگەن ئاۋازىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتۇق. دەرۋەقە چاپما قېيىقلار بىز تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. قېيىقتا سۋېن ھېدىن، چېن زۇڭچى، گۇڭ جىچىڭ ۋە ئاشپەز جيا گۈيلەر بار ئىدى. ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىمىزنىڭ قەدىرلىك باشلىقى لوپنۇر كۆلىدىن قايتىپ كەلگەنىدى. بىز بەكمۇ تەسىرلەندۇق. 32 كۈن ئۆتۈپ كەتتى، رېھىم كورلىدىن بېنزىن ئېلىپ تېخى قايتمىغانىدى. روسىيىلىكلەر 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا كورلىدا بىزگە بېنزىن بېرىشكە ۋەدە بەرگەنىدى. ھازىر ماشىنىغا كېرەكلىك بېنزىن بىرلا گاللۇن قالغانىدى. سۋېن ھېدىن سىيىت موللا بىلەن بىرگە ئىككىنچى كۈنى كورلىغا بېنزىن ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى.

مەن 3 - ماي ئەتىگەن سائەت 10 بولمايلا سۋېن ھېدىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن خوشلىشىپ، يول بەلگىلىرىنى ئېلىپ غەربنى بويلاپ ياقا ئېرىق كۆلى بويىدىكى سىيىت موللىنىڭ كەپىسىگە كەلگىچىلىك كىچىككىنە ئىككى تۇزلۇق كۆل ھەم سۇ كۆلچەكلىرى بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن دەريا قىنىنى ئايلىنىپ ئۆتتۇم. ئۇنى يەرلىكلەر ئالاتارىم دەپ ئاتايدىكەن. شۈبھىسىزكى، بۇ دەريا قىنى قۇم دەرياسى بىلەن تۇتىشاتتى. دەرۋەقە، دەريا قىنى بىلەن ياقا ئېرىق كۆلى ئارىلىقىدىكى يارداڭلىقلار قۇمساز، شورلۇق يەر يۈزىدە تاش قورال دەۋرىگە ئائىت نۇرغۇنلىغان ساپال بۇيۇملىرىنى ئۇچراتقانىدىم.

## دەريا بويىدىكى تۇرالغۇ

سىيىت موللىنىڭ تۇرالغۇسىدا دەم ئالغاچ قېتىقنىمۇ ئىچىپ بولدۇق. چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىلەر بولسا كېرەك، پىژغىرىم ئاپتاپتا سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. بىز ئۇزۇنسىغا كەتكەن قومۇشلۇق كۆلنى بويلاپ جەنۇب تەرەپكە سىلجىدۇق. كېيىن كىچىك بىر قۇم بارخاننى ئايلىنىپ ئۆتتۇق. ئەگەر بىزگە ھەمراھ بولغان ھېلىقى ئۇيغۇر بوۋاي بىر قاپاق سۇ ئېلىۋالمىغان، ئۇنى پات - پات ئىچىپ ئۇسسۇزلۇقىمىزنى قاندۇرمىغان بولساق، تونۇردەك قىزىپ كەتكەن ئاپتاپ ئازابىدا زومچەك - زومچەك قۇم دۆۋىلىرىدىن ھەرگىزمۇ ئاشالمىغان بولاتتۇق. بىز ھەر بىر قۇم دۆۋىسىگە ياماشقىنىمىزدا ئاياغلىرىمىز قۇمغا توشۇپ كېتەتتى، مەن پات - پات توختاپ ئولتۇرۇۋالاتتىم. مەن ئىككى - ئۈچ كىلومېتىر كەڭلىكتىكى قومۇشلۇق بەلۋاغنىڭ شەرقىي چېتىگە كەلدىم. ئۇ بىرنەچچە كىچىك كۆللەرنى تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى، سۇ ئورنى كۆتۈرۈلگەندە بۇ كىچىك كۆللەر مارجاندەك تىزىلىپ دەريانى ھاسىل قىلاتتى. كىشىلەر بۇ يەرنى قۇمكۆل دەپ ئاتايدىكەن، قۇمكۆل قۇم دەرياسى بىلەن تۇتىشىدىكەن. بىز قومۇشلۇق بويىدىكى كۆلچەكنىڭ يېنىغا چېدىر تىكتۇق.

ئىككىنچى كۈنى قارا بوران شىددەتلىك چىققاچقا ھېچنەرسىنى كۆرگىلى بولمىدى. مەن ھېلىقى ئۇيغۇر بوۋايغا رەھمەت ئېيتسام بولىدۇ، چۈنكى ئۇ قۇم بارخانلىرىدىن ئۆتۈشتە يول

خەرىتىسىنى سىزىشىمغا تۈرتكە بولدى. بۇ چاغدا قۇم بارخانلىرى ئون مېتىرچە ئېگىزلەپ باردى. چۈش مەزگىلى ھاۋا كۈچلۈك قىزىپ كېتىدىغان ۋاقىت بولغاچقا كۆلچەك بويىدا دەم ئالدۇق. چۈشتىن كېيىن بىز ئۇيغۇر بوۋاينىڭ ئالچۇقىغا يېتىۋالدۇق. ئۇنىڭ ئىككى خوتۇنى ئۆزلىرىنى چەتكە ئالدى - دە، بىزگە كۆپتىن ساقلانغان قېتىقتىن يەتكۈزۈپ بەردى. بىز يەنە يولغا چىقىپ شەرقىي شىمال تەرەپكە بۇرۇلۇپ بىر كۆلدىن ئايلىنىپ ئۆتتۇق - دە، ناھايىتى تېزلا قويۇق ھەم ئېگىز قۇمۇشلۇق ۋە باراقسان سايە تاشلاپ تۇرغان يۇلغۇنلۇققا يېتىۋالدۇق. بىز يولدىن ئادىشىپ قالغاندۇق. ھاۋا چاڭ - تۇزانلىق بولغاچقا 100 مېتىر يىراقلىقنى كۆرگىلى بولمايتتى. بەختىمىزگە يارىشا ئېكسپېدىتسىيە گۇرۇپپىسىدىكى لوپنۇرلۇق يىگىت يولنى تېپىۋېلىشىمغا ياردەم قىلدى. دەريانىڭ كەڭلىكى ئون مېتىر كەلگەچكە ئاتلىق ئۆتكىلى بولاتتى. ئەگەر دەرياغا كەلكۈن كەلسە قۇمۇشلۇقنى چۆكتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن ئىكەن. مەن كۆل بىلەن دەريا ئارىلىقىدا قاتراپ يۈرۈپ ئاخىر ئېپتىدائىي ئالچۇقنىڭ يېنىغا كەلدىم ھەم 1368 - نومۇرلۇق چېدىرنى تىكتىم. بۇ يەردىكى ئالچۇقتا ئابدۇراخمان دېگەن بىر كىشى ئولتۇرىدىكەن، ئۇ بىر پاقلاننى سويۇپ كاۋاپ قىلىپ بەردى، بىز كاۋاپنى ئىشتىھا بىلەن يەپ تۈگەتتۇق. دەريانىڭ تار قىنىدا لاي ئاقاتتى، شەرقىي جەنۇبقا ئانچە يىراق بولمىغان يەردە بىر تاشلاندۇق ئالچۇق قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

1 - ئىيۇن دەريانىڭ شەرقىي جەنۇبىنى بويلاپ بىر پەس ماڭغاندىن كېيىن، دەريانىڭ كەڭلىكى 30 مېتىرغا، چوڭقۇرلۇقى 1.5 مېتىرغا يەتكەن، دەريانىڭ سول قېشى كۆچمە قۇمنىڭ ئىسكەنجىسىدە بولسىمۇ، بىراق ئوڭ قېشى ئادەم چۆكۈپ كەتكۈدەك قۇمۇشلۇق ئىدى. يۇلغۇنلۇقتىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈنمۇ چىغىر يول ئاچمىسىڭىز بولمايتتى.

پوتالىق كۆلى بويىدىكى قۇمۇش ئالچۇق ئالدىدا بىر ئۇيغۇر پادىچى قوي قىرقىۋاتاتتى. ئۇ ئىشلىتىۋاتقان قىرقىغۇچ موڭغۇللارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتەتتى. بۇ كۆلدە بىرنەچچە غەلىتە ھەم ئەگرى - توقاي تار كەتكەن سۇ كىرىش ئېغىز بار ئىكەن. كۆلنىڭ دەل شەرقىدە كۆلگە ئوخشاپ كېتىدىغان سۇ ئۆتۈشمە يولى بولۇپ، كۆل ئارقىلىق ئېقىنغا تۇتىشىپ كېتەتتى. بىز سەپىرىمىزنى مۇشۇ جايدا توختاتتۇق. كەچقۇرۇن پوتالىق كۆلنىڭ دەل جەنۇبىدىكى ئېقىن بويىدا تۈنىدۇق. بۇ ئېقىننىڭ كەڭلىكى 10 - 15 مېتىر كېلەتتى. ئېقىن مىقدارى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. ئىككى تەرىپى بىر كىلومېتىر كەڭلىكتىكى ئېگىز ئۆسكەن قۇمۇشلار بىلەن قاپلانغان سازلىق ئىدى. سازلىقتىن چىقىپ سەل ماڭغاندا قۇم بارخانلىرىغا بارغىلى بولاتتى. شۇ كۈنى چۈشكۈن قىلغان قونالغۇ (1369) نىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپى تۈزلەڭلىك بولۇپ، بىرنەچچە كۆلنى ناھايىتى ئوچۇق كۆرگىلى بولاتتى. قونالغۇ ئەتراپىدىن قىزىل ساپال قاچا - قۇچا بۇيۇملارنى ئۇچراتتۇق. يەنە بىر جايدىن مىس يارماق ۋە بەزى قىزغۇچ ساپال پارچىلىرىنى تاپتۇق. قونالغۇنىڭ شىمالىدىن غەربكىچە بولغان 1500 مېتىر ئورۇندا بىر قەبرىستانلىق بولۇپ 4 - 6 گىچە جەسەت ساندۇقى بار ئىدى، مەن ئۇنى رەت بويىچە «4 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىق» دەپ ئاتىدىم. بۇ جەسەت ساندۇقلىرىنىڭ ئىككىسى ياغاچنى ئويۇپ ياسالغان جەسەت ساندۇقى، يەنە بىرى ئاددىي شالدىن ياسالغان جەسەت ساندۇقى ئىدى، لېكىن بۇزۇلۇپ شاللىرى ئاجراپ كېتىپتۇ. مەن ئۇ يەردىن يەنە يىپەك، شۇنىڭدەك قىزىل شايى پارچىلىرى بىلەن چاچ تېپىۋالدىم.

2 - ئىيۇن شەرقىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ داۋملىق ئىلگىرىلىدۇق. قۇمۇشلۇقتىن ئۆتۈپ دەريانىڭ ئىككى قېشىنى ئايلىنىپ كەلدۇق. دەريا سۈيى بۇ گۈزەل كۆلگە قۇيۇلىدىكەن، مەن قۇم بارخانلىرىنىڭ مەركىزىدە بىر كىچىك قەبرىنى ئاچتىم، قەبرىدىن ناھايىتى ياخشى ساقلانغان جەسەت ساندۇقىنى قېزىۋالدىم ۋە ئۇنىڭغا «6 - نومۇرلۇق قەبرە» دەپ نومۇر قويدۇم. مەن بىر جەسەت ساندۇقىدىن ئاياللارنىڭ كۆڭلەككە كەشتىلەيدىغان يىپەكلەرنى يىغىۋالدىم. قەبرىستانلىقنىڭ دەل شەرقىدىكى دەريا قېشىغا چېدىر تىكتۇق، ئەتراپىمىزدا قويۇق سايە تاشلاپ

تۇرغان دەرەخزارلىق بار ئىدى. ھاۋاسىمۇ ناھايىتى ياخشى ئىدى. لېكىنزە كۆكيۇنلەر ئۆۋسى بۇزۇلغان ھەرىلەردەك يىپۇرۇلۇپ كېلىپ زېرىكەرلىك غوڭۇلداپ ئارامىمىزنى قويمايتتى.

شۇ كۈنى كەچتە ئۆردەك بىزنى ئۆزى بايقىغان ھېلىقى مەشھۇر قەبرىستانلىققا ئاخىر باشلاپ باردى. شەرقىي شىمال يۆنىلىشىنى بويلاپ پەس كەتكەن قۇملۇقنى ئايلىنىپ تۇپتوغرا بەش كىلومېتىر ماڭغاندىن كېيىن، ئۇ بىزنى كۈنىسىمان قۇم تاغنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى. تاغ ئۈستىگە ئۇزۇن ياغاچ بادرىلار تىكلەپ قويۇلغان بولۇپ، بىر پارچە ئورمانلىققا ئوخشايتتى. بۇ دەل مەن ئىزدەۋاتقان نىشان بولۇپ، بۇ يەر ھەققىدە تۇنجى قېتىم ئاڭلىغىنىمدىن بۇيان ئىزچىل ئۇ يەرنى ئويلاپ كېلىۋاتاتتىم. مەن ئۇنىڭغا «5 - نومۇرلۇق قەبرە» دەپ نومۇر قويدۇم. بۇ لوپنۇر چۆلىدىكى ئەڭ مۇھىم ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلىرىمىز-نىڭ بىرى ئىدى! شۇ قېتىمقى ھاياجانلىق ھېسسىياتىمنى قەلەم بىلەن ئىپادىلەشكە ھەقىقەتەن ئاجىزلىق قىلىمەن، چۈنكى بۇ ھەقتە كۆپ توختالغاندىم.

كۈندۈزى ئاپتاپنىڭ دەردىدە تۇرغىلى بولمايتتى، لېكىن ئاخشاملىرى قۇملۇققا سالقىن چۈشەتتى، شۇنداق بولغاچقىمۇ زۇكام بولۇپ قاپتىمەن. سەھەر، ئاخشامدا دەريادىن سۇ ئېلىپ كېلىپ ئىچەتتۇق. ھەر قېتىم سۇ ئېلىپ قايتقاندا بىر توپ كۆكيۇن ئەگىشىپ يىپۇرۇلۇپ كېلەتتى. كۈندۈزى ئىش ئورنىدا ئىش بىلەن ھەلەك بولغاچقا قۇرت - قوڭغۇزنىڭ دەردىمۇ يېتىپ ئاشاتتى.

6 - ئىيۇن تازا بىر پەس قۇم بوران چىقىپ بېسىقتى، شۇ كۈنى ئالاقىچى چىن زۇڭچى بىلەن خۇمبېلىنىڭ خېتىنى ئالغاچ كەپتۇ. خۇمبېلنى قاۋان تالىۋەتكەچكە يارا ئاغزى ياللۇغلىنىپ قۇم دەريا بويىدىكى لاگېرىمىزدا يېتىپ قاپتۇ. بىز بۇ خەۋەر بىلەن تەڭ يەنە گۆرۈچ تاپشۇرۇپ ئالدۇق، بۇ ئالتە ھەپتىدەك ئۈزۈلۈپ قالغان ئوزۇقىمىز ئىدى. ئۇندىن باشقا تاماكىمىزمۇ ئۆكسۈپ قالغانىدى. قەبرە ئەتراپى تەكشى بولمىغاچقا چېدىرنى قۇم ئۈستىگىلا تىكىشكە توغرا كەلدى.

كېچىدىن چىققان بوران بىزنى بىر قەۋەت قۇمغا كۆمۈۋېتىپتۇ. بىز ئەتىگەندە خۇددى قۇم باسقان شەھەر ئويغانغانغا ئوخشاش ئورنىلىرىمىزدىن تۇرۇپ كەتتۇق. ئالاقىچىمۇ لاگېرغا پىيادە قايتىپ كەتتى، ئۇ يەنە ئىككى كۈن يول يۈرۈشى كېرەك ئىدى.

ئۆردەك شەرقىي تەرەپكە تەخمىنەن 15 كىلومېتىر ماڭغاندا يەنە بىرنەچچە قەبرە بارلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئېھتىيات قىلىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

7 - ئىيۇن بىز لوپنۇر چۆلىدە ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان ھادىسىنى باشتىن كەچۈردۇق. قاتتىق يامغۇر 40 مىنۇت ياغدى، ئارقىدىن خېلى بىر چاغقىچە ئوتتۇرا ھال يامغۇر ياغدى. يامغۇردىن كېيىن قۇم بارخانلىرىدا غۇۋا بىر خىل گۆگۈم پەردىسى يېپىلدى - دە، قۇم، چاڭ - توزان بېسىققاندەك جاھان سۈكۈناتقا چۆمدى. كېيىن ئاڭلىساق، لاگېرنىڭ شىمالىغا 40 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا يامغۇر ناھايىتى قاتتىق يېغىپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى ھەممە يەر سىمابتەك تۇسكە كىردى. ياردائېبۇلاقنىڭ شىمالىدا بىرنەچچە كۆكۈش تاغ تىزمىلىرى ناھايىتى روشەن كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بىز 5 - نومۇرلۇق قەبرىدىن ئايرىلىپ دەريانى بويلاپ داۋاملىق جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلىدۇق ھەم ئۆردەك ئېيتىپ بەرگەن يەرنى ئىزدىدۇق. كەڭدالا دەپ ئاتالغان ئالچۇقتىن ئۆتتۇق، بۇ ئەسلىدە قاراقىللىق نىيازباينىڭ ئۆتەڭى ئىكەن. بىز كىچىك دەريانىڭ بىر تارمىقى يېنىدىكى ئالچۇق بار يەردە 1371 - نومۇرلۇق قونالغۇ قىلىپ چېدىر چىكتۇق. دەريا دەل مۇشۇ ئۇقتىدىن تۆۋەنكى ئېقىنغا بېرىپ ئايرىم - ئايرىم ھالدا نۇرغۇن ئۇششاق كۆللەرگە قۇيۇلىدىكەن. جەنۇبتىن 35 گرادۇس شەرققە سوزۇلغان قۇمۇشلۇققا بارغاندا بۇ كۆل تۇپى ئاخىرلىشىدىكەن، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، دەريا سۈيى جەنۇبقا تەخمىنەن 10 كىلومېتىر ئېقىپ باغراش كۆلىنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ماڭغاندا كۆكتوغراققا بارغىلى بولىدىكەن. دەريا قونالغۇمىزدىن ئىككى كۈنلۈك مۇساپىگە تەڭ يەرگە بارغاندا تامامەن يوقىلىپ

كېتىدىكەن. لېكىن ھېچكىم يوقىلىپ كېتىدىغان توغرا نۇقتىنى دەپ بېرەلمەيتتى. مەن بۇ نۇقتىنىڭ تارىم دەرياسىنىڭ ئاخىرقى كۆلى قارا سۇ كۆلى بولۇپ قېلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. نىيازباي ئۇنى قۇم دەرياسى دەپ ئاتايدىكەن. ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشىنىڭ ئاساسى بولمىسا كېرەك، چۈنكى ئۇ سۇ ئېقىتىپ ماڭغان قۇم مىقدارىغا قاراپ شۇنداق ئېيتقان. يەرلىك كىشىلەر بۇ دەريانى يېڭى دەريا دەپ ئاتايدىكەن. بۇ دەريانىڭ ھاسىل بولغانلىقىغا ئۇزاق بولمىغانلىقىنى چۈشەندۈردۇ. ناھايىتى روشەنكى، بۇ دەريا 5 - نومۇرلۇق قەبرىنىڭ شەكىللىنىش دەۋرىدە ھاسىل بولغان. ئەينى يىلى ئۆردەك بۇ كىچىك قۇم تۆپىلىكتىكى قەبرىنى تۇنجى قېتىم ئۇچراتقاندا (15 - 20 يىل بۇرۇن) بۇ يەردە دەريانىڭ ئىزناسىمۇ يوقمىش.

دەريانىڭ سۇ ئورنى كۆتۈرۈلگەندىلا چاپما قېيىق بىلەن سەپەر قىلغىلى بولاتتى. لېكىن بەزى يەرلەردە ئېقىن رايونى شەكىللەنگەچكە ئادەم ناھايىتى ئاسانلا ئادىشىپ قالاتتى.

ئىككىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە ئالتە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قۇملۇق ئارىسىدىكى تۇرنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدۇق. بوران ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ قۇم - شېغىللارنى ئۇچۇرتۇپ ئەتراپنى پەرقلەندۈرۈش ناھايىتى تەسكە توختىدى. تۇر سېغىز توپىدىن قۇرۇلغاچقا شامالنىڭ يالىشى بىلەن تاقىرلىشىپ كەتكەنىدى. تۇرنىڭ يېقىن ئەتراپى بىلەن يىراقتىكى قۇم دۆۋىلىرى ئارىلىقىدىكى بوشلۇقتا قىزغۇچ ساپال پارچىلىرى، شەكلى خەن دەۋرىگە يېقىن كېلىدىغان بەزى كونا تۆمۈر پارچىلىرى، داشقاللارنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. مەن تۇر ئەتراپىدىن كۇلرەڭ بىلەي تاش بىلەن ئۇپراپ كەتكەن بىر تال ياماقنى تېپىۋالدىم.

مەن بۇ قەدىمكى قەبرىلەرنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق قېزىۋېلىنغان ماددىي بۇيۇملارنى كەم دېگەندىمۇ ئىككى خىل ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ دەپ قارىدىم. بىر خىلى، 7 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتا دەپنە قىلىنغانلار كروورەننىڭ يەرلىك ئاھالىلىرى؛ يەنە بىر خىلى، ھېلىقى كىچىك دەريا بويلاپ دەپنە قىلىنغان جەسەتلەر بولۇپ، ئاخىرەتلىك يىپەك رەختلەردىن قارىغاندا ئۇ يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنى كۆرسىتەتتى، بۇنىڭدىن ناھايىتى يىراقتىن كەلگەن شەرقچە ئالاھىدىلىكنى كۆرگىلى بولاتتى. سۈۋېن ھېدىن قۇم دەرياسىنىڭ دېلتىسىدىكى قەدىمكى قەبرىدىن يەرلىك مەدەنىيەت ۋە تاشقى مەدەنىيەت ئارىسىدىكى پەرقلەرنى بايقىغان، ستەيىنمۇ ئوخشاش بىر رايوندا بۇ خىل ھالەتنى بايقىغان. مېنىڭچە، 10 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىن بايقالغان ماددىي تەئەللۇقاتلارنىڭ يىل دەۋرى باشقا قەبرىلەر بىلەن بىر قەدەر پەرقلىق بولسىمۇ، بىراق 6 -، 7 - نومۇرلۇق قەبرىلەرنىڭ يىل دەۋرىدە ئانچە زور پەرق يوق.

12 - ئىيۇن بىز شىمالغا يۈرۈش قىلىپ قۇم دەرياسىغا قايتىپ كەلدۇق. پوتالىق كۆلى بويىدىكى چېدىردا يېڭىسۇدىن كەلگەن بىر ئۇيغۇر بىزنىڭ كېلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ يەرلىك دائىرىلەر تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بولۇپ، مېنىڭ قەبرىدىن تاپقان گۆھەرلىرىمنى تەكشۈرىدىكەن، لېكىن ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ياش بالىلارنى، ئات، كالا، قوي ۋە پۇل دېگەندەك نەرسىلەرنى يىغىش ئىكەن. قارىغاندا ئۇ بالىلارنى كۆپلەپ ئەسكەرلىككە يىغىش، چارۋا ۋە ئاشلىق غەملەش بىلەن ئاۋارىدەك قىلاتتى. ناھايىتى روشەنكى، تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى تاشيولدا ئۇرۇش بولۇۋاتاتتى. بۇ ۋاقىتتا سۇ ئورنى 12 كۈن ئىچىدىلا بىر ئىنگلىزچىسى تۆۋەنلىدى.

14 - ئىيۇن قۇملۇق دوزاخنىڭ ئۆزگە ئايلاندى، بىز دەھشەتلىك ئىسسىقتا قۇم دەرياسىغا يېتىۋالدۇق.

لاگېردا (70 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىق) بىرنەچچە ئادەملا قاپتۇ. خومېل بىلەن گۇڭ جىچىڭ ئوخشاش بولمىغان يۆنىلىشتە يولغا چىقىپ ئۇرۇمچىگە كېتىپتۇ. چېن زۇڭچى دەريانى بويلاپ ئۇنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىپتۇ.

(خەنزۇچە «يىپەك يولىدا ساياھەت» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىللىق 1 - سانىدىن ئېلىندى.)




# رەققاس چۈشى

قۇربان ئەمەت

## گۈل شۈبرلشى

بۇ گۈلنىڭ ۋەتىنى ئىدى. گۈلنىڭ مۇھەببىتى يىلتىز تىمسالىدا زاھىر بولۇپ، يەر قوينىدا پىنھان رەۋىشتە ساقلىناتتى. گۇمراھ ئېيتتىكى:

— ئېھ گۈل، سېنىڭ باشقىلارنىڭ مەلىكىسى بولۇشۇڭدىن سەۋەب نېمە؟

گۈل ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدى. ئۇنىڭ كۈلكىسىدە ئەجەبلىنىش بار ئىدى، ئۇنىڭ كۈلكىسىدە خاتىرجەملىك بار ئىدى، ئۇنىڭ كۈلكىسىدە يەنە مەنسىتمەسلىكمۇ بار ئىدى. بىراق گۈل ئويلىمىغانىدىكى، ئۇنىڭ كىنايىلىرى تېپىچەكلىگەن تەبەسسۇمدا يەنە بىر تال غۇنچە پورەك ئاچقانىدى. گۇمراھ بۇ يېپيېڭى گۈل پورىكىنى ئەڭ قانائەتلىنەرلىك تەسلىمنامە دەپ چۈشەندى ـ دە، گۈلگە يەنە خىتاب قىلدى:

— ئېھ گۈل، ئالپىتە تەسلىمنامەڭنىڭ قىلتىقىغا مېنى مەستانىلەرچە ئىلىنىدۇ دەپ ئىشەنمەكچىمۇسەن؟

گۈل گۇمراھنىڭ تۇيۇقسىز سورىغان بۇ قەدەر غەيرىي سوئالىدىن ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالدى ـ دە، تەخىرسىز كۈلكىنىڭ قىستىشى بىلەن يەنە بىر مەررە كۈلۈپ كەتتى. شۇ پەيت يەنە بىر غۇنچە بالاغەتكە يەتكەن بولۇپ، ئۇ شۇنچە بەرنا پورەكلىگەنىدى. گۇمراھ ھەيران بولدى. ئۇ ئەسلىدىنلا گۈل ۋە ئۇنىڭ پورەكلىشى ھەققىدە تېرەن پىكىرلەر يۈرگۈزمىگەن بولۇپ، غۇنچىنىڭ پورەكلىشى تەسەددۇق قىلىنغان بارلىقنىڭ زاھىرەن شەپىسى دەپ ئويلايتتى. ئەمما ئەمدىكى پورەكلەش گۇمراھنىڭ روھىدا ۋەھىمە ئويغاتقاندەك بولدى. ئۇ نېمىشقا بۇ قەدەر سېخىي. ئۇنىڭ سېخىيلىقى مېنى ئاني تېپىش ئۈچۈن سەرپ بولۇۋاتامدۇ قانداق؟ گۇمراھ شۇنداق دەپ ئويلىدى ـ دە، شۈركىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ ۋەھىمە قاپلىۋالغان روھى كۆيگەن ئۈمىدتەك قاپقاراڭغۇ بولۇپ كەتكەندە، گۈل ئۆز پورەكلىرى بىلەن يەنىمۇ كۆركەم بېزەلمەكتە ئىدى. گۇمراھ بۇ قەدەر مەردانە ھالنىڭ ئاستىدىكى ھاياتىي كۈچىنى ئەسلا چۈشەنمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ روھىدا يىلتىزنىڭ ھاياتىغا ئائىت ھېچقانداق چۈشەنچە يوق ئىدى.

## رەققاس چۈشى

رەققاس تىزگىنسىز چۈش ئىلكىدە تولغىناتتى. بۇ دەم تەن ئېغىرلىقىنى يوقاتقان، روھ بولسا چەكلىمىدىن ئازاد ئىدى. ناۋاگەر كۈيباز يوچۇن بىر پەدىگە كۈيلىمەكتە. ئۇنىڭ كۈيى يىراق - يىراقلاردىن، بەكمۇ يىراقتىن پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ كېلىپ رەققاسنىڭ ۋۇجۇدىغا ئەپىغان بىلەن ئۇرۇلاتتى. ئۇنى ئەسىر

بولۇشقا، ئۇشبۇ سەنەمگە پەرۋاز قىلىشقا ئۈندەيتتى. رەققاس چۈش ئىلكىدە ئىدى. ئۇنى ئەسىر قىلغان چۈش تىزگىنسىز، بىپايان، ھۆر چۈش ئىدى. رەققاس ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇ جىسمى بىلەنلا ئەمەس، يەنە روھى بىلەنمۇ، روھى بىلەنلا ئەمەس، يەنە جىسمى بىلەنمۇ، ھەر ئىككىسى بىلەن يۈز كېلەلىگۈدەك بىر مەررە ئۇسسۇل ئوينىماقچى بولدى. كۆي تىزگىنسىرىپ چاپچىپ كېلىۋاتقان ئاساۋ ئاتقا ئوخشايتتى. رەققاس بولسا «ئاشۇ ئاتقا مىنمەي قويمايمەن، مىنىپلا بولدى قىلماستىن، ئۇنىڭ تىزگىنىنى ئۆز ئىلكىمگە ئالماي قويمايمەن» دەپ ئويلايتتى. كۆي شۇ قەدەر سېھىرلىك، شۇ قەدەر دىل ئوۋلىغۇر ئىدىكى، رەققاس ئۇنىڭ ئېزىتقۇ تېمپىسىغا ھەمدۇسانالىرىنى، ھەرىكەتلىرىنى بېغىشلاش ئارقىلىق سۆزلەپ ئوينايتتى. كۆي شۇ قەدەر مېھىرلىك، شۇ قەدەر رىتىم تۈزگۈر ئىدىكى، رەققاس ئۆزىنىڭ ئاشۇ رىتىملاردىن قۇتۇلۇپ ئۇسسۇل ئوينىشىدا ئازراقمۇ بىخەستەلىككە يول قويۇشقا پېتىنالمايتتى. چۈش، تىزگىنسىز چۈش ۋاقىتتا بولغان پەرۋاسىزلىقى ئەندىزىسىدە داۋام قىلماقتا ئىدى. كۆي توسقۇنسىز ھۆجۇملىرى مەۋجىدە ياڭرىماقتا ئىدى. رەققاس تاكامۇل رىتىمغا بولغان ئىسيانكارلىقىنىڭ ئوتتەك قىزغىنلىقى بىلەن ئۇسسۇل ئوينىماقتا، ئۆز ساماسىدا ئەركىن قانات يېيىپ پەرۋاز قىلماقتا ئىدى.

رەققاس زورلۇق رىتىملىرى بىلەن تەقىپ قىلىنغان چۈشنىڭ چەكلىك سەھنىلىرىدە مانا مۇشۇنداق مەردانىلىق بىلەن، مانا مۇشۇنداق مەتانەت بىلەن كۆيبازنىڭ تەقىپلىرىگە قارشى توختىماستىن لەرزان قىيغىتىپ ئوينىشىم كېرەك دەپ ئويلايتتى. چۈش مەۋجۇت ئىدى، بىراق ئۇشبۇ مىنۇتتا ئوينىلىۋاتقان ئۇسسۇل بىر تەنھا گۈل بولۇپ، چۈش تەشتەكلىرىدىن كۆي ئۇيۇقلىرىغا بوي سوزۇپ شۇنچە نەپىس پورەكلىگەنىدى. پەرىشتىلەر رەققاس چۈشىدە ئادا بولغان خاس ئۇسسۇلنىڭ مانا مۇشۇنداق ھۆر ئۇسسۇل پېتى جەۋلان قىلىشىنى پىرلىرىدىن تىلەشتى.

## سۇدىكى پۈتۈكلەر

ئەي، مېنى باغاشلاشتىن يالتايغان دولقۇن، ئەي، مېنى سۆيۈشكە قىيالمىغان سەلكىن، ئەي، ماڭا سىر ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىغان بۇلبۇل، ئەي، نامسىز كۈن، مەن يەنە سىلەر بىلەن سۆھبەت قۇرىمەن.

ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىۋاتقىنىڭدا نېمىلەردىن ئىككىلىنىپ ئارقاڭغا يانغانلىقىڭنى ئېيتىپ بېرەلمەيدىغانلىقىڭدىن بىرئازمۇ ۋايىم يېمەسلىكىڭنى تىلەيمەن دولقۇن. سېنىڭ ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىشلىرىڭدە قىزغىنلىق بار ئىدى، سېنىڭ تۈرۈلگەن پېتىڭ ئارقاڭغا يېنىشلىرىڭدا ئۇنىڭدىنمۇ قىزغىن مۇھەببەت، تېرەن ھاياجان بار ئىدى. مەن سېنى ئۆز ئىنتىلىشلىرىڭدىن يالتايغۇچى دەپ ئەسلا ئويلىمىدىم. مەن سېنى يالقۇنلۇق ھارارەتنىڭ لاۋۇلىق قۇچاقلىرىدا مىڭ يىللىق مۇز كەبى تەمكىنلىك بىلەن سۆيگۈچى ھەم سۆيۈلگۈچى دەپ چۈشەندىم. ساڭا بولغان تېرەن پىكىرلىرىم مەڭگۈ قايناق پېتى ئوقچۇپ تۇرغاي.

ئەي سەلكىن، سەن تاڭ سەلكىنى ئىدىڭ، تاڭدىن بېشارەت ئىدىڭ، سەن ئەركىلەپ كەلدىڭ، يانداپ ئۆتۈپ كەتتىڭ، قايتتىڭ، يەنە يانداپ ئۆتۈپ كەتتىڭ. تاڭغا بولغان تەلپۈنۈشۈم ھەقدادىغا يەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن. تاڭ ھەققىدىكى ئوي - پىكىرلىرىمدە تېخى جەۋھەر ئۇيۇمىغان، مەن ئۇنىڭ ئۇيۇمىغانلىقىنى تۇيمىغان بولۇشۇم مۇمكىن. سەن مېنىڭ پىشىپ يېتىلمىگەن ئاشىقلىقىمغا بولغان ئوتلۇق تاشلىنىشلىرىڭنى ئىقبال پەسلىمىز ئۈچۈن ئاياپ قالدىڭ. مەن ھېلىمۇ ساڭا ھەيرانمەن، مەن ھېلىھەم ساڭا تەلپۈنىمەن. بىراق ئاسانغا چۈشمەيدىغان سۆيۈش ۋە ئاسانغا چۈشمەيدىغان سۆيۈلۈشكە دۇچار بولغان دەقىقىلىرىمدە سېنىڭ ئەڭ مۇكەممەل ئاياشلىرىڭدىن ئۆز غۇرۇرۇمنىڭ چېچەك پەسلىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئىلاھىم مانا مۇشۇ پەسىل، مانا مۇشۇ چېچەك پەسلى ئىككىمىزگە ھامان ئورتاق قۇچاق ئاچقاي.

ئەي بۇلبۇل، سەن ناۋا قىلماقتا ئىدىڭ،

جەننەت ساداسىدەك ئۈنلىمەكتە ئىدىڭ. نېچۈن جىمىپ كەتتىڭ، نېچۈن ئىچىڭگە يۇتتۇڭ ئۇ ئىلاھىي ناۋالارنى. ئېھتىمال ئۇ ناۋالارنى ئىچىڭگە يۇتقان پەيتىڭدە جاھان قەلبىڭگە سىغماي قالغاندۇ. ئەي بۇلبۇل، مەن گاچا ئىدىم، مەندە تىل مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، تاۋۇش مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. مەندە ساتقىنغا ئىلتىپات كۆرسىتىدىغان تىل - زۇۋان مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. بىراق ساڭا سۆزلىمەي تۇرالمايمەن ئەي بۇلبۇل، بۇ كۆزلەر گۈزەللىكنى كۆرۈش ئۈچۈن مەۋجۇت ئىدى. بۇ كۆزلەر گۈزەللىككە مۇخالىپ بارچە ئەيىب - نۇقسانلارغا ئالىيىش ئۈچۈن كېرەك ئىدى. بۇ قوللار مۇھەببەتلىك ئىنساننىڭ قوللىرىنى مەھكەم سىقىش ئۈچۈن ھازىر ئىدى. بۇ پۇتلار ھەق بار تەرەپكە ئېلىپ بارالايتتى، ھەق يوق تەرەپتىن دادىل يانالايتتى. سەن بۇلارنى بىلمىدىڭ ئەي بۇلبۇل. ئاشۇ كۆز، قول - پۇتلارنىڭ ئىما - ئىشارەت ئارقىلىق ساتقىنلىق قىلىشىدىن ۋەھىمە يېدىڭ.

ئەي، سەن نامسىز كۈن، دولقۇنغا نېمىلەر دېدىم، سەلكىنگە نېمىلەر دېدىم، بۇلبۇلغا ھەم نېمىلەر دېدىم. سىرىمىزغا ئورتاق بول، ئەمما ئورتاقلاشما. يولىمىزغا قوشماق بول، ئەمما بۇ مۇساپىنى يوك قىلىۋالما. سېنى ئاتاشقا مۇۋاپىق ئىزگۇ نامنىڭ چىقماي قويۇشىغا ئىشەنمەيمەن.

ئەي، مېنى باغاشلاشتىن يالتايغان دولقۇن، ئەي، مېنى سۆيۈشكە قىيالمىغان سەلكىن، ئەي، ماڭا سىر ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىغان بۇلبۇل، ئەي، نامسىز كۈن، مەن يەنە سىلەر بىلەن سۆھبەت قۇرىمەن.

## ناتونۇش دوست

ھەر قېتىم دوستلۇق ھەققىدە خىيال سۈرگىنىمدە ئىختىيارسىز كۆز ئالدىمغا سەن كېلىسەن. سەن كىم، قايسى ئىدىيىنىڭ مەلىكىسى سەن، بۇلارنى ئازراقمۇ بىلىش مۇمكىنچىلىكىم يوق. سەن ئۆزۈم قوراشتۇرۇۋالغان بىر يۈرۈش مىزانلارنىڭ مەۋجۇتگاھىدا پەيدا بولىسەن. ھەر قېتىم ھايات سىناقلىرىغا دۇچ كەلگىنىمدە تۇيغۇمنىڭ ئەڭ يېقىن مەنزىلىدە تۇرۇپ ماڭا مەدەت بېرىسەن. ئېزىقىش دوقمۇشىدىكى ئاگاھلاندۇرۇش بەلگىسى بولۇپ، مېنى ئۆز ئىزىمغا دەۋەت قىلىسەن. سەن ھەقىقەتەن مەۋجۇتمۇ؟ سېنىڭ مەۋجۇتلۇقىڭدىن گۇمانلانغان چاغلىرىممۇ بولغان. نېمە ئۈچۈنكىن، سېنىڭ مەۋجۇتلۇقىڭدىن گۇمانلانغان چاغلىرىمدا بەئەينى قەلبىم قۇپقۇرۇق بولۇپ قالغاندەك تۇيۇلۇپ، ئۆزۈمنى گويا ھاياتنىڭ بىر ئۆلۈش ھالاۋىتىدىن مەھرۇم بولغاندەك، ھاياتنىڭ بىر ئۆلۈش مەنىدار ھېكمىتىنى يوقىتىپ قويغاندەك ھېس قىلغان، سېنى ھەقىقىي مەنىدىكى دوستۇم دەپ ئىشەنگەن ۋاقىتىمدىلا ئاندىن قەلبىمدىكى ئاشۇ نامەلۇم بوشلۇقنىڭ ئازابلىق خىرىسلىرى ئۈستىدىن غالىب كەلگەن چاغلىرىم بولغان.

ھەر قېتىم دوستلۇق ھەققىدە خىيال سۈرگىنىمدە ئىختىيارسىز ھالدا كۆز ئالدىمغا سەن كېلىسەن. سېنىڭ ئادرېسىڭنى بىلمىگەنلىكىم ئېھتىمال ھاياتىمدىكى بىر قۇتلۇق ئىش بولۇشىمۇ مۇمكىن. تاكامۇل دوستلۇققا بولغان تەقەززالىقىم ساڭا بولغان پۈتكۈل ئويلىنىشلىرىمنىڭ ھەقىقىي مەنبەسى بولۇپ قالدى. مەن ئۆز ئارمانلىرىمنى تايىن تاپقۇزۇشتا ئىختىيارسىز ھالدا ماڭا بەرگەن ئۆچمەس تەسىرىڭنى ئەندىزە قىلىشنى ئويلايمەن. ناۋادا سەن ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولمىغان، پەقەت خىيالىمدىكى دوست بولغان بولساڭ، بۇ مېنىڭ دوستلۇق ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىمنىڭ نۇرانە ئارمان پەللىسى بولۇپ قالسۇن. ناۋادا سەن ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولۇپ، بىز تا ھازىرغا قەدەر دىدارلىشىپ باقمىغان بولساق، مەن ئۆزۈمنى سېنىڭ بىلەن دىدارلىشىشقا مۇناسىپ كېلىدىغان دوستلۇق پەزىلەتلىرى بىلەن تەييارلاپ، خەيرلىك سەھەرنىڭ جۇلالىق نۇرلىرى ئىچرە قول ئېلىشىشقا تەييارلىنىمەن. ناۋادا سەن ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولغان، بىراق تۇيغۇمدىكى دوست بىلەن تامامەن پەرقلىنىدىغان بىر زات بولساڭ، ئۇ ھالدا مەن سېنى ئۆز ئىستەكلىرىمنىڭ بىر تال غۇنچىسى بىلىپ، تاكامۇل دوست بولۇپ

قىلىشنىڭ ئۈچۈن ئەڭ پاكىز ئارمانلىرىم بىلەن تۈگىمەس ئالىمىمنىڭ نۇرانە ئۈپۈقلىرىدا تاۋلاپ چىقىمەن. ناۋادا سەن ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولغان، ئەمما ئويلىرىمنىڭ ئەكسىچە مەپكۇرىلىرىمغا تۈپتىن قارشى بىر زات بولساڭ، ئۇ ھالدا مەن سېنىڭ بىلەن بىر ئۆمۈر جەڭگە چۈشۈپ، رەقىبلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ دوستلۇق ئورنىتىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى ئۆز خاھىشلىرىمنى سەن ئارقىلىق روياپقا چىقىرىش بەدىلىگە ئىسپاتلايمەن.

سەن كىم؟ بۇ ئەلۋەتتە ئۆزۈمدىنلا سوراۋاتقان سوئال ئەمەس. ھەر قېتىم دوستلۇق ھەققىدە خىيال سۈرگىنىمدە تەبىئىي ھالدا سەن كۆز ئالدىمغا كېلىسەن. سەن مېنىڭ ئەنە شۇنداق ناتونۇش دوستۇم. ئېھتىمال يېنىمدىكى دوستۇمدىنمۇ تونۇشراق دوستۇم بولۇپ قېلىشىڭ مۇمكىن.

## كۆيۈۋاتقان شام

چۆچەكلىرىڭنى ئەسلا ئۈزۈپ قويمىغايسەن. رىۋايەت سەيلىگاھىغا سەپەر قىلغان باللار قولغا چۈشۈش ھارپىسىدىكى ئولجىدىن بىر يولى مەھرۇم بولۇپ قالمىسۇن. ئۇلار سېنىڭ ۋاھىزلىق مەنزىلىڭنى بويلاپ ئۆزلىرى ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغان نۇرانە مەنزىللەرگە بېرىپ يەتسۇن. ياشاش شەكىللىرى بىلەن تولغان داغدام يوللاردا ئۇلارنىڭ يۇمران تاپانلىرى ۋاقىتسىز قاپىرىپ قاتمىسۇن. سەن ئۇلارنى چۆچەكلىرىڭ-نىڭ بىپايان چىمەنزارىدا تايچاق تىمسالىدا قىيغىتقىلى قوي. ئۇلار ئاگاھلاندۇرۇش تاختىلىرى بولمىغان ئەركىن چىمەنزارنىڭ بىردەملىك شاھىنشاھلىرىدىن بولۇپ باقسۇن.

چۆچەكلىرىڭنى ئەسلا ئۈزۈپ قويمىغايسەن. لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان تىل گۈلخانلىرىڭ ئۇلارنىڭ سۇبھى تىمسالىدىكى بىغۇبار قەلبىگە شەپەق نۇرلىرىدىن ئەتلەك سۇرۇپ ئۆتسۇن. لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان تىل گۈلخانلىرىڭ ئىقبال يولىغا باشلىغۇچى غايىبانە كۆك بۆرە بولۇپ، ئۇلارنى ئىقبال مەنزىللىرىگە يېتەكلىسۇن. لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان تىل گۈلخانلىرىڭ ئۇلارنى سەنمۇ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان پارلاق مەنزىللەرگە باشلاپ كەتسۇن. لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان تىل گۈلخانلىرىڭ گۈرۈلدەپ ئېقىۋاتقان ھاياتلىق دەرياسىنىڭ كۆز يەتكۈسىز ساھىللىرىنى ئۆزلىرىگە لازىملىق جاۋاھىراتلارنى تېرىۋېلىش ئىمكانىيىتىدىن بەھرىمەن قىلسۇن.

چۆچەكلىرىڭنى ئەسلا ئۈزۈپ قويمىغايسەن. باللار قانداق ۋاقىتتا رىۋايەت دۇنياسىدىن قايتىش كېرەكلىكىنى ئۆزلۈكىدىن بىلىپ يېتەلەيدۇ.

## گۈلسىز سەھەر

ئۇزۇندىن بۇيان ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بۇ ئىش بۈگۈن پۈتۈنلەي ئاخىرلاشقاندەك ئىدى. ھەر سەھەر ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچقان ۋاقتىمدا، تۇنجى بولۇپ كۆزۈمگە چېلىقىدىغىنى بىر تال گۈل، بوسۇغام تۈۋىگە قويۇپ قويۇلغان، يېڭىدىن ئۈزۈلگەنلىكى خۇش پۇراقلىرىدىن بىلىنىپ تۇرىدىغان بىر تال ئالىپتە گۈل ئىدى. ھەر سەھەر بوسۇغا ئاتلاپ چىققىنىمدا ئىستىقبالىمدا جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ئاشۇ بىر تال خۇش پۇراق گۈل ماڭا ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى، ئىنسانغا بولغان سۆيگۈنىڭ قۇدرىتىنى، ئىشەنچ - ئەقىدىنىڭ تىل بىلەن تەسۋىرلەش قىيىن بولغان ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىپ، مېنى يېڭىدىن - يېڭى ياشاش ھاياجىنى چۇلغايتتى. مېنى ئىنسانغا بولغان ئەڭ گۈزەل ئارمانلىرىمدىن گۈلدەستە تىزىپ ئىشەنچ ۋە ئەقىدە بىلەن بوسۇغا ئاتلاشقا، باسقان ھەربىر قەدىمىمدىن گۈل ئۈندۈرۈپ، ھاياتلىق گۈلزارىغا بىر ئۆلۈش گۈزەللىك بېغىشلاشقا ئۈندەيتتى. ھەر سەھەر ئىستىقبالىمدا جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ئاشۇ خۇش پۇراق گۈللەر ماڭا دۇنيانىڭ تىل بىلەن بايان قىلىپ تۈگەتكۈسىز سىرى - ھېكمەتلىرىدىن ساۋاق بېرىپ، مېنى ئەقىدە سەپىرىمنىڭ ئۈمىدۋار ۋە قىزغىن سەيياھىغا ئايلاندۇراتتى. ھەر سەھەر بوسۇغا ئاتلاپ شاۋقۇنلۇق ھايات قوينىغا شۇڭغۇغان ۋاقتىمدا

www.uyghurkitap.com



ئۆزۈم يولۇققان ھەربىر ئىنسانغا مۇناسىپ قىزغىنلىق ۋە مۇھەببەت بىلەن تەزىم قىلاتتىم. ئۆز ئېھتىرامىمغا يارىشا قىزغىنلىق ۋە مۇھەببەتتىن بەھرىمەن بولاتتىم. ھاياتنىڭ تۈرلۈك دىشۋارچىلىقلىرى ئالدىدا ئۆزۈمنىڭ ھامان غالىب ۋە ئەزىزلىكىمنى سېزەتتىم.

ئۆزۈندىن بۇيان ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بۇ ئىش بۈگۈن پۈتۈنلەي ئاخىرلاشقاندەك ئىدى. ئۈمىد، ئىنتىلىش ۋە قىزغىنلىق تەپچىپ تۇرغان ۋۇجۇدۇم ئوت بولۇپ يانغان ھالدا ئىشىكنى ئاچتىم. ئاچتىمۇ، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. ۋاقىت توختاپ قالغاندەك، ياكى ئارقىغا يېنىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى. ئىشىكىم ئالدى قۇپقۇرۇق. بوسۇغا تۇۋىدە گۈلدىن ئەسەرمۇ يوق. بىردەملىك سۈكۈنات ۋە ھەيرانلىقتىن كېيىن ئېسىمنى يىغدىم. ھاياتلىقتىكى زۆرۈر بىر نەرسەمدىن جۇدا بولغاندەك ئىدىم. نېمىدۇر ئاخىرلىشىپ، يەنە نېمىدۇر يېڭىدىن باشلانماقچىدەك، جۇدالىق تۇيغۇسىغا غەرق بولغان قەلبىم چاك - چېكىدىن سۆكۈلۈپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى.

ئۆزۈندىن - ئۆزۈن خىيالغا پاتتىم. بۇ بىر گۈلسىز سەھەر ئىدى. مېنى خىيال گىرداپلىرىغا قىستاپ باراتتى. ئويلىرىم گىرىمسەن، پىكىرلىرىم خىرە، ئۈمىد - ئىستەكلىرىم سەرخۇش ھالدا ئىدى. قانداقلارچە گۈلگە نائىل بولدۇم. يەنە نېمە ۋەجىدىن گۈلدىن جۇدا بولدۇم. جۇدالىقتىن ھاسىل بولغان روھىمدىكى بوشلۇقنى ئەمدى نېمە بىلەن تولدۇرىمەن. ئۆزۈندىن بۇيان مېنى گۈلنىڭ خۇش پۇرىقى بىلەن رىغبەتلەندۈرۈپ، شاپائەت شارابىنىڭ شېرىن كەيپىدىن مەستخۇش ۋە بەختىيار قىلغان كىم ئۇ. ئۇنىڭ شۇ قەدەر ئالىيجاناب ھەرىكىتىگە قايسى ئەقىدە ھامىيلىق قىلغان. بۇ سەھەر ئۇنىڭغا قانداق ئازار يەتتى... سوئاللىرىم ئۇلغايماقتا ئىدى. ئۇزۇن ئويلىنىشلاردىن كېيىن تۈگۈن يېشىلگەندەك بولدى. بىر ھەقىقىي ئىنسان ئۆتەشكە تېگىشلىك مۇقەددەس بۇرچىنى ئۆزۈندىن بۇيان ئورۇنداپ كەلدى. مەن ئاشۇ غۇبارسىز گۈزەللىكنىڭ بەھرىدىن ياشىنىدىم.

بۈگۈن ئۇنىڭغا نېمە ئازار يەتتى، ئۇ كىم، بۇلارنى بىلىش زۆرۈرىيەت ئەمەس. مېنىڭ سۆيگۈ قەرزىم بار. ئۇنىڭ ئاشۇنداق ئالىيجاناب ھەرىكىتىنى نېمىشقا داۋاملاشتۇرمايمەن. توغرا، داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. بەلكى ئۇنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. نىزا ۋە دۈشمەنلىك بىلەن تولۇپ كېتىشى كېرەك بولمىغان دۇنياغا بىر ئۇلۇش ئىشەنچ ۋە سۆيگۈ ئوتىدىن جۇلالىق گۈلخان يېقىش كېرەك.

ئۇزاق ئويلىنىشلاردىن كېيىن مەن بىر دەستە گۈل كۆتۈرگەن ھالدا ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن بوسۇغا ئاتلىدىم.

## مەڭگۈلۈك ئىشىك

ئىشىكنى يېنىككىنە چەكتىم. ئۆي ئىچىدىن ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمايدۇ. بۇ بىر تاشلاندۇق ئۆي بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئېھتىمال ئۆي ئىگىسى ئۇخلاپ قالغاندۇ، ئېھتىمال مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەندۇ. ئېھتىمال بۇ ئۆينىڭ ئەزەلدىن ئىگىسى بولۇپ باقمىغاندۇ.

جىمجىتلىقنى ئۇزۇندىن - ئۇزۇن تىڭشىدىم. مۇشۇ ھالىتىمدە مەنمۇ تىۋىشسىز ئۆيگە ئوخشايدىغاندەك قىلاتتىم. بەلكىم سەنمۇ قەلب قەسرىمنىڭ ئىشىكىنى تالاي قېتىم چەككەنسەن. تىمتاسلىقىمدىن ئۈمىدسىزلەنگەن پەيتىڭدە ئۆزۈڭنىڭمۇ بىر تاشلاندۇق ئۆي ئىكەنلىكىڭنى ھېس قىلغانسەن. يېنىڭدىكى ئادەمنىڭ ئەڭ يىراق ئادەم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ۋاقتىڭدا، ئەڭ ناتونۇش ئادەمنىڭ باشقا بىرى ئەمەس، بەلكى دەل ئۆزۈڭ ئىكەنلىكىڭنى ئويلاپ ئۆز - ئۆزۈڭنىڭ ناتونۇشلۇقىغا باغلانغان غايىبانە مۇناسىۋەتتىن زەخىم يېگەنسەن.

ئىشىك چېكىش تەكرار يۈز بېرىدۇ. بىراق تۇيغۇ مەڭگۈ تەكرارلانمايدۇ. ئوخشاش ھادىسىنى تەكرار باشتىن كەچۈرگىنىڭدە ئوخشاش بولمىغان تەسىراتلارغا چىرمىلىسەن. مەڭگۈ ئېچىلمايدىغان ئىشىكنى ئۆزۈڭنىڭ يەنە بىر مۇناسىۋەتلىك تەرىپى دەپ قارايسەن. زورلۇق بىلەن ئېچىۋېتىلگەن ئىشىك نېچۈندۇر ھېچنەرسە ئاتا

قىلالمايدىغاندەك تۇيۇلىدۇ.

قولۇمدا بىر تال ئاچقۇچ. ئىشىك ھەم تاقالغان. كۈتۈش ئارقىلىق ئېرىشكەن ھوقۇق سۈپىتىدە ئاچقۇچنى ئىشلىتىش تەقەززارلىقىم باش كۆتۈردى. ئاقىۋەت ئاچقۇچنى قولۇپقا سالدىم - دە، بىرلا بۇراپ ئىشىكنى ئېچىۋەتتىم. كۈچلۈك نۇر كۆزلىرىمگە ئۇرۇلدى. ئەتراپ نۇر قوينىغا چۆمدى. نۇردىن ئۆزگە ھېچنەرسىنى كۆرەلمىدىم.

ئىشىكنى ئەنە شۇنداق ئاچقانىدىم.

# ئۆزىدىن ھالقىش

## نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشى

مۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆز بار: «ئۈمىدسىز كىشىلەر بۇ دۇنيا سانسىز تام - توساقلاردىن تەركىب تاپقان دەيدۇ. ئۈمىدۋار كىشىلەر بولسا بۇ دۇنيا نۇرغۇن تام - توساق ۋە چىقىش ئىشىكىدىن تەركىب تاپقان دەيدۇ.» مېنىڭچە، پەلسەپە نۇقتىسىدىن بۇ ئىنتايىن توغرا ئېيتىلغان سۆزدۇر. بىراق ھاياتنى ھەقىقىي چۈشەنگۈچى كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ دۇنيادا تام - توساقمۇ، چىقىش ئىشىكىمۇ مەۋجۇت ئەمەس. چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە - بىز ئۆزىمىزگە نۇرغۇنلىغان تام - توساقلارنى قۇرۇۋالىمىز. ھاياتنى قەستەن قىيىنلاشتۇرۇۋالىمىز. يەنە ئاشۇ تام - توساقلاردىن ئەتەي ئۆزىمىزنى قاچۇرىمىز. چىقىش ئىشىكى ئىزدەيمىز. لېكىن بۇ تام - توساقلارنىڭ كاللىمىزدىلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئۆزىمىز شەكىللەندۇرۇپ ئەتەي ياشاش يولىمىزنى قىيىنلاشتۇرۇۋالغانلىقىمىزنى بىلمەيمىز. ئەمەلىيەتتە كۆز ئالدىمىزدا تام - توساق بار دەپ قارىساق، ئۇ ھەقىقەتەن كۆپ. ئەگەر چىقىش ئىشىكى بار دەپ قارىساق، ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئىشىك بار. لېكىن بۇلاردىن بىر ئۆمۈر ئۆتۈپ بولغىلى بولمايدۇ. يەنە كېلىپ بۇ ئىشىكلەرنىڭ ھەممىسى غەلىبە ئىشىكى بولۇشى ناتايىن.

مەلۇم بىر ئىشنى قىلماقچى، مەلۇم بىر يەرگە بارماقچى، مەلۇم بىرنەرسىگە ئېرىشمەكچى بولساق، بىز ئالدى بىلەن شۇ ئىشنىڭ ئۆزىنى قىلماستىن ئەكسىچە ياخشى - يامان دەپ نۇرغۇن تەرەپلىرىنى شەكىللەندۇرۇۋالىمىز. ئۆزىمىزگە نۇرغۇن تام - توساق ئىشىكلەرنى قۇرۇۋېلىپ ئالدى بىلەن شۇلارنى ئىزدەيمىز. نەتىجىدە ئەزەلدىن يوق بولغان نۇرغۇن ئاۋارىچىلىق، قىيىنچىلىقلار ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولىدۇ. ھەتتا بەزىدە ئاشۇ ئىشىكلەردىن ئۆتەلمەي قالارمىزمىكىن دەپ شۇ ئىشقا نىسبەتەن ئۆزىمىزدە قورقۇنچ پەيدا قىلىۋالىمىز. نەتىجىدە شۇ ئىشنى باشلىماي تۇرۇپلا مەغلۇپ بولىمىز. بىزنى مەغلۇپ قىلغىنى ھەرگىزمۇ شۇ ئىشنىڭ قىيىنلىقى ياكى توساقلارنىڭ كۆپلۈكى ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزدىن ھالقىپ كېتەلمىگەنلىكىمىزدۇر. ماھىيەتتە بىزنىڭ ئۆتمەكچى بولغىنىمىز دەل ئىدىيىمىزدىكى قاشاڭلىق. مۇبادا بىر ئىشقا قەدەم قويغاندا ئۆزىمىزنى ھەممىدىن مۇھىم دەپ قارىساق، توساقلارنىڭ ئورنىغا ئۆزىمىزنى ياكى قىلماقچى بولغان ئىشنى قويساق، بۇ دۇنيادا ئۆزىمىز ياكى قىلماقچى بولغان ئىشىمىزلا مەۋجۇت بولىدۇ. ھېچقانداق چەكلىمە قالمايدۇ. تەۋسىيەم شۇكى، ھەرقانداق ئىشنى قىلماقچى بولسىڭىز ئۆزىڭىزگە چەكلىمە قويماڭ. ھەرگىز ئالدىمدا تام مەۋجۇت دەپ ئويلىماڭ. توسۇلۇپ قالمىغۇچە ھەرگىزمۇ ئالدىڭىزدا ئىشىك ئىزدەپ ئاۋارە بولماڭ. شۇنداق قىلسىڭىزلا ئىشىكىڭىزدا مەڭگۈ غەلىبە قازىنالايسىز. شۇنداق قىلسىڭىزلا مەڭگۈ ئۆزىڭىزدىن ھالقىپ ئۆتەلەيسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئەقىدەمگە يىغلايمەن

(ھېكايە)

ئايۇپ قادىر ئۈمىدى



قۇربان ھېيت مەزگىلى ئىدى. يۇرتۇمغا تۇغقان يوقلاشقا كەلدىم. گەرچە خىزمەتكە چىققىنىمغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بولسىمۇ، يۇرتداشلارنىڭ نەزىرىدە ۋىلايەتتە ئىشلەيدىغان يوغان كادىر ھېسابلىناتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار مېنىڭ باشقىچە ھۆرمىتىمنى قىلىپ، ئۆي - ئۆيلەرگە چاقىرىشتى. بىر تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىدىكى پەتنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قايتىشىمدا مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، تۇيۇقسىز ئېزىز مۇئەللىم ئېسىمگە كېلىپ قالدى.

ئېزىز مۇئەللىم مۇشۇ مەكتەپتىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ئوقۇتقۇچى ئىدى. مەكتەپ پائالىيەتلىرىنىڭ قاندىقى بولسۇن، مەيلى تەنتەربىيە دەمسىز ياكى سەنئەت، ئۆلگىلىك دەرس ئۆتۈشلەر بولمىسۇن ھەممىسىدە ئېزىز مۇئەللىمنىڭ پۇختا، ئەمما ئالدىراش بېسىلغان قەدەم ئىزلىرى چاقناپ تۇراتتى. «ئېزىز مۇئەللىمدىن سوراپ باقايلى ئەمىسە»، «ئېزىز مۇئەللىمنىڭ يۈزىنى قىلىپ...» دېگەندەك سۆزلەر ئوقۇتقۇچى، ئاتا - ئانىلارنىڭ ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيتتى. دېمىسىمۇ، ئۇ مەكتەپنىڭ باشلامچىسى ۋە تەشكىللىگۈچىسى ئىدى. ھەممە ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى. بىر كۈنى ئېزىز مۇئەللىم زۇكامداپ قالدى. ئۆزىگە خىزمەتتىن قالغىنى يوق، پەقەت گىمناستىكىدا پۇشتەك چېلىۋېتىپ چۈشكۈرۈپ سالدى. بۇ ئىش ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ناھايىتى كۆپ غۇلغۇلا ۋە بەس - مۇنازىرە قوزغىدى. «ئەگەر ئېزىز مۇئەللىم ئاغرىپ يېتىپ قالسىزە، ئىشنىڭ ئوخشىغىنى شۇ» دەيتتى باللار.

باللىق دېگەن قىزىق بولىدىكەن. بەزىدە «چۈمۈلىنىڭ نەچچە پۇتى بار» دېگەندەك تايىنى يوق گەپلەر ئۈچۈن تالىشىپ - ئۇرۇشۇپ كېتىدىغان گەپكەن. بىر كۈنى مەكتەپ يىللىق خۇلاسە يىغىنى ئاچماقچى بولدى. مەكتەپ مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ياسالغان كېسەك سۇپا بايراق، لوزۇنكا ۋە شىرەلەر بىلەن زىننەتلەندى.

يوغان دۇمباق گۈمبۈرلەپ مەكتەپ بايرام كەيپىياتىغا چۆمۈلدى. بىز يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن سىنىپلار بويىچە قاتار بولۇپ مەيداننى ئايلىنىشقا باشلىدۇق.

– بۈگۈن ئېزىز مۇئەللىم مۇكاپاتلىنىدۇ، – دېدىم مەن، خۇددى مۇكاپات ئۆزۈمگە تېگىدىغاندەك خۇش بولۇپ.

– ئۇ دېگەننى گاچىمۇ بىلىدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى ئېتى باشتا چىقسا ھېساب، – دېدى سىنىپتىكى جېدەلخور راخمان كاسكى...

– باشتا چىقىدۇ.

– ياق، سۇلتان مۇئەللىمنىڭ ئېتى باشتا چىقىدۇ. ئۇ دېگەن شوجاڭنىڭ بالىسى. ئاندىن...

– شوجاڭنىڭ بالىسى بولغانغا ھېساب ئەمەس. باللىرىنى ئېزىز مۇئەللىمدەك ئوقۇتسا ھېساب.

– قوللىشامسەن ئەمىسە؟

- بولدى، ئون ھاپپاقتىن!

بىز قوللاشتۇق. قوللىشىپ ئوبدان قىپتىكەنمەن.

ئېزىز مۇئەللىمنىڭ ئىسمى باشتا ئوقۇلغاندا بىلىمنى رۇسلاپ، ئىككى قولۇمنى شۇنداق قاتتىق ئۇرۇپ چاۋاك چالدىمكى، ۋاي - ۋۇي، ئالىقانلىرىم ئاغرىپ كەتتى. ئاندىن راخمان كاسكىنىڭ ئالىقىنىغا ئون ھاپپاق دېگەننى بولۇشىغا ئۇرارمەن دېگەن خىياللىرىم قولۇمنىڭ ئاغرىقىدا توزغاقتەك توزۇپلا كەتتى.

ئېزىز مۇئەللىمنىڭ ئىككى ئىسمى بار ئىدى. بىرىنىغۇ ھەممە ئادەم بىلىدۇ. يەنە بىرىنى بىز ئوقۇغۇچىلارلا بىلىمىز. ئۇ بولسىمۇ «ئېلىپبە مۇئەللىم!»

«ئېلىپبە مۇئەللىم» بىرىنچى يىللىقلارنى ئوقۇتۇشقا ماھىر بولغاچقىمۇ، ھەر يىلى بىرىنچى يىللىقنى ئوقۇتاتتى. توۋا دەيمەن، ئۇنىڭدا قانداق بىر خىسلەت باركىن، ھەمىشە ئالدىمدىكى بالىنىڭ «دوپپىسىغا قەغەز قىستۇرۇپ قويىمەن» دەپ قىلىداپ ئولتۇرالمايدىغان مەندەك كەپسىز بالىمۇ ئېزىز مۇئەللىمنىڭ دەرسىدە مونچاقتەك كۆزلىرىمنى ئېزىز مۇئەللىمنىڭ بور تۇتقان قوللىرىدىن ئۈزەلمەي قالاتتىم.

ئېزىز مۇئەللىم دەرس ئۆتسە سائەتنىڭ توشقانلىقىنى بىلمەيلا قالاتتۇق. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، بالىلار ئارىسىدا «باشقىلار ئېزىز مۇئەللىم بىلەن قېرىشىپ، داڭنى بالدۇر چېلىۋەتتى» دېگۈچىلەرمۇ، ئېزىز مۇئەللىمنىڭ دەرسىنىڭ ئۇزۇنراق داۋاملىشىشى ئۈچۈن داڭنى ئۇرىدىغان تاشنى ئېزىز مۇئەللىمنىڭ دەرسى بار سائەتلەردە تىقىپ قويىدىغان بالىلارمۇ چىققانىدى.

ئېزىز مۇئەللىم ياشلىق كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان قاۋۇل بەستىگە يارىشىملىق كۆك تەنتەربىيە كىيىمىنى كىيىپ بالىلارنى مەشىقكە سالغىلى تۇرسا، پۈتۈن مەكتەپ جىددىي كەيپىياتقا كىرەتتى. ئۇنداق چاغلاردا بىز ئۇنى گېنېرال دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتۇق. «تام گېزىتىدىكى چىرايلىق خەت كىمنىڭ؟»، «ئېزىز مۇئەللىمنىڭ»، «مەكتەپ بويىچە ناخشىغا كىم ئۇستا؟»، «ئېزىز مۇئەللىم» . . .

يۇقىرىقىدەك گەپ - سۆزلەر مەكتەپتىكى ھەممە بالىلارغا «بىر كەررە - بىر، بىر» دېگەندەكلا ياد بولۇپ كەتكەنىدى. بوش ۋاقىتلىرىدا ئۇ بىزگە داۋاملىق راۋاب چېلىپ بېرەتتى. «تاشۋاي» پەدىسىگە زەخمەك ئۇرغىلى تۇرسا مەكتەپتىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشاتتى.

راۋابمۇ چالالايدۇ،
كەتمەنمۇ چاپالايدۇ،
بۇ كۆيۈمچان مۇئەللىم
ھەممىنى قىلالايدۇ.

مەكتەپ تەشۋىقات دوسكىسىنىڭ كەينىگە ئاپئاق بور بىلەن قىڭغىر - سىڭغىر يېزىپ قويۇلغان بۇ قوشاق مەكتەپتىكى بالىلارنىڭ ھەممىسىگە ياد بولۇپ كەتكەنىدى. ئېزىز مۇئەللىم ئوقۇتقان بالىلارنىڭ ھەممىسى مەكتەپكە كىرىپ ئۈچ ئايغا قالماي خەت ئوقۇغۇدەك بولاتتى. بوش ۋاقىتلىرىدا كۆك تەنتەربىيە ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقىنى تۈرۈۋېتىپ، مەكتەپنىڭ ئېرىقلىرىنى چېپىپ، كۆچەتلىرىگە سۇ ئاچاتتى. ئۇ تېخى مەكتەپنىڭ دەرۋازىسى يېنىغا چىرايلىق ئىككى پارچە گۈللۈك بىنا قىلغانىدى. بالىلار رەڭگارەڭ ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەرگە قاراپ ئۇنى «ئېزىز مۇئەللىمنىڭ گۈللىرى» دەپ ئاتايتتى. ئېزىز مۇئەللىم بىرەر ئىش بىلەن سىرتقا كېتىپ قالغان كۈنلىرى مەكتەپ بىزگە چۆلدەرەپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى. . .

مەن مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا بىر ھازا خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ كەتتىم. مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ ئىككى يېنىدىكى ئېزىز مۇئەللىمنىڭ گۈللۈكىنى ئەمەن بېسىپتۇ. سۇغارمىغانمۇ قانداق، ئەمەنلەرمۇ قۇرۇپ كېتەيلا دەپ قاپتۇ.

- قانداق، تۇرۇپلا قالدىڭغۇ؟

مەن دەرھال ئۆزۈمگە كەلدىم. يېنىمدا بىللە كېتىۋاتقان تاغامنىڭ سوئالىغا سوئال بىلەن جاۋاب قايتۇردۇم.

- بۇ مەكتەپكە ھازىر ئېزىز مۇئەللىم مۇدىر بولغاندۇ - ھە؟ ئىلگىرىكى ھاۋاز مۇدىر ياشىنىپ

www.uyghurkitap.com

قالغانىدى.

- قىزىقكەنسەن ئۇكام،- دېدى تاغام مېنى جۆيلۈۋاتىدۇ دەپ سىنچىلاپ قاراپ،- خىزمەت ئورنىنى ساقلاپ قالالمىغان ئادەم قانداقمۇ مۇدىر بولىدۇ؟

- نېمە دېدىڭىز؟!

تاغامنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدىم. راستىنى ئېيتسام، تاغامنىڭ سۆزلىرى مېنى شۇنچە ھەيران قالدۇردى.

بىز مەكتەپ ئالدىدىكى ئۇزۇن يولنى بويلاپ تاغاملارنىڭ مەھەللىسىگە يۈرۈپ كەتتۇق. ئېزىز مۇئەللىمنىڭ ئۆيىمۇ شۇ يەردە ئىدى. بىر پەتىلەپ ئۆتۈشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم.

- ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن،- دېدى تاغام،- ئېزىز مۇئەللىم مۇئەللىملەرنىڭ سەركىسى ئىدى. مەكتەپ ئۇنىڭسىز تەۋرىمەيتتى. ئۇنىڭ مەكتەپتىن ئايرىلغانلىقى ئوچۇق ھاۋادا چاقماق چېقىلغاندەك ھەممىمىزنى ھەيران قالدۇردى، ئۇ بىچارە بىر ئىشنى خام قىپتىكەن دېگىنە، ئۆزى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن. بىكار قالسا ئۆگىنىدىغان تۇرۇقلۇق كەسپىي ئىمتىھانغا قاتنىشىپ تېخىنكوم چاغلىق بىر مەكتەپنىڭ گۇۋاھنامىسىنى ئېلىپ قويسا بوپتىكەن. مەنمۇ ئۇنىڭغا بىرقانچە قېتىم مۇشۇ تەكلىپنى بەرگەنىدىم. ئۇمۇ «ئوقۇپ قوياي» دېگەن يەرگە كەلگەن. لېكىن ئۇ بۇ ئىشقا تازا بەل باغلاپ كېتەلمىدى. ئۇ ئاق كۆڭۈل، سەممىي، كۆڭۈلچەك بولغاچقا كۆڭۈلچەكلىك قىلىپ زىيان تارتتى. بىر قېتىم ئوقۇش پۇرسىتى كېلىۋىدى، ئۇ مەكتەپ مۇدىرىنىڭ «بۇ يىل مەكتىپىمىزنىڭ ئوقۇتقۇچى قىيىنچىلىقى ئېغىر، ئۇنىڭ ئۇستىگە يېڭىدىن بىر سىنىپ قوبۇل قىلدۇق. ئۇنىڭ ئېلىپبە دەرسىنى سىلى ئۆتۈپ بەرمىسىلە باشقىلار تەلەپكە لايىق ئۆتەلمەيدۇ. سىلىنىڭ سىنىپقا قارايدىغانغىمۇ باشقا ئوقۇتقۇچى يوق. بىز قىيىنىلىپ قالىدىكەنمىز. شۇڭا بۇ يىلچە ئىشلەپ بەرگەچ تۇرسىلا، كېلەر يىلى ئوقۇشقا رۇخسەت قىلساق» دېگەن گېپى بىلەن تۇرۇپ قالدى. يەنە بىر يىلى ئۇ يەنە «ئوقۇپ كېلەي» دېۋىدى، يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى «ئېزىز مۇئەللىم، سىلى ئۇزۇندىن بېرى ياخشى ئىشلەپ كېلىۋاتقان ئوقۇتقۇچى، سىلىنىڭ تۆھپىلىرىنى بىز بىلىمىز، بۇ يىلچە بىزنىڭ ئۇسسۇزلۇقىمىزدىن چىقىپ تۇرسىلا، كېلەر يىلى يەنە پۇرسەت كېلەر، ياكى بولمىسا يېزىمىزغا خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىنى رەسمىيلەشتۈرۈش سانى كېلىپ قالسا بىز سىلىنى ئالدى بىلەن رەسمىيلەشتۈرىمىز» دېۋىدى، يەنە تۇرۇپ قالدى. سىز بىلىسىز ئۇكام، ئېزىز مۇئەللىم ئىشلەۋاتقان بۇ مەكتەپنىڭ يېزا بىلەن بولغان ئارىلىقى يىراق، شارائىتى ناچار، قاتنىشى قولايسىز بولغاچقا ئوقۇتقۇچىلار بۇ مەكتەپتە ئىشلەشتىن قاچاتتى. ئىشلىسىمۇ بىر مەزگىلدىن كېيىن رەھبەرلىككە يالۋۇرۇپ، بىر ئامالىنى قىلىپ شارائىتى ياخشىراق مەكتەپلەرگە يۆتكىلىۋالاتتى. بۇ مەكتەپتە يەنىلا ئېزىز مۇئەللىمدەك ئوقۇتقۇچىلار ئۈن - تىنسىز ئىشلەپ كېتىۋېرەتتى. شۇ تۈپەيلىدىن بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچى قىيىنچىلىقى ھەل بولماي كەلدى. ئۇ ھەر بىر «ئوقۇپ كېلىۋالاي» دېگەندە مەكتەپ مۇدىرى ۋە مائارىپ ئىشخانىسى مۇدىرىنىڭ چىرايلىق ياغلىما گەپلىرى تۈگىمىدى. ئۇمۇ رەھبەرلەرنىڭ ۋەدىلىرىگە ئىشىنىپ ئىشلەۋەردى. كېيىن بارا - بارا پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار تۈركۈم - تۈركۈملەپ كېلىپ، مەكتەپلەردىكى خەلق ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ياللاپ ئىشلەتكەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلەشكە باشلىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭغا تاغدەك ۋەدىلەرنى بېرىپ كۆڭلىنى ياساپ كەلگەن مەكتەپ مۇدىرلىرىمۇ خىزمەت ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن باشقا ياقلارغا يۆتكىلىپ، ئۇنىڭ گېپىنى قىلىدىغان ئادەم قالمىدى.

بىر كۈنى ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن تۇيۇقسىز بىر ئۇقتۇرۇش چىقتى. ئۇنىڭدا «ياللاپ ئىشلىتىلگەن ئوقۇتقۇچىلارنى قايتۇرۇۋېتىڭلار، ئورنىغا بىز يېڭىدىن ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇتقۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇرىمىز» دېيىلگەنىدى. مەكتەپ مۇدىرى بۇ ئۇقتۇرۇشنىڭ روھىغا ئاساسەن ئېزىز مۇئەللىمنى ئىشخانىسىغا

چاقىرىپ:

— سىز ئۆزۈڭىزدىن بۇرۇن بۇ مەكتەپتە ناھايىتى ياخشى ئىشلەپ بەردىڭىز، مەكتىپىمىز ۋە ئۆزىڭىز ئۈچۈن كۆپلىگەن شان - شەرەپلەرنى كەلتۈردىڭىز، بىز سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدىن بەكمۇ رازى، بىراق رەسمىيلىشىش ئىشلىرى ھازىرغىچە ھەل بولماي كەلگىنىگە بەكمۇ ئەپسۇسلىنىمەن، — دېۋىدى، ئۇ:

— ئۇنداق دېمىسىلە مۇدىر، مەن رەسمىيلەشمىسەممۇ بىر ئوبدان ئىشلەۋاتىمەنغۇ، كونىلارنىڭ «سەۋر قىلساڭ ھالۋىدىن غورا پۇتەر» دەيدىغان گېپى بار. ئىشقىلىپ ھەرقايسىلىرى بولغاندىكىن، شۇ ياخشى كۈنلەرمۇ كېلىپ قالار، — دېدى مەمنۇنىيەتلىك بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ.

مەكتەپ مۇدىرى بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ قالدى.

— ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى بىزنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرىقى ئوقۇتقۇچى قىيىنچىلىقىمىزنى كۆزدە تۇتۇپ يېتەرلىك ئوقۇتقۇچى تەقسىم قىلىپ بېرىپتۇ.

— ناھايىتى ياخشى ئىش بوپتۇ. ھە راست، مۇدىر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا رەسمىي ئوقۇتقۇچىسى باردۇر - ھە، دەرسلەر ساپ ئاق قېلىۋاتىدۇ. رەسمىي ئوقۇتقۇچىسى ئۈچۈن دوكلات يېزىپ باققان بولسىلا، ئوقۇتۇش سۈپىتى پروگراممىسىنىڭ تەلىپىگە يەتكەن بولاتتى، — ئېزىز مۇئەللىم شۇنداق دەپ قوللىرىنى ئىشقىلاپ كەتتى. قارىغاندا ئۇ ئىچ - ئىچىدىن خۇش بولغاندەك قىلاتتى.

— ئەمدىغۇ ماڭا پېداگوگىكا مەكتەپلىرىدە ئوقۇش پۇرسىتى كېلەر؟

مۇدىرنىڭ چىرايى ئاقىرىپ كەتتى. مەكتەپ مۇدىرىغا ھۆججەت تەستىقلىتىمەن دەپ بىر چەتتە ھۆججەتلەرنى سىلىشتۇرۇپ ئولتۇرغان مىنىڭمۇ قوللىرىم تىترىگەندەك بولدى، مۇئەللىمنىڭ يۈزىگە قارىيالماي ئوڭايسىزلىنىپ ئولتۇردۇم. بىزدەك مالىيە خادىملىرىنىڭغۇ كەلگەن - كەتكەن ئوقۇتقۇچىلار بىلەن نېمە كارىمىز؟ لېكىن بۇ ئېزىز مۇئەللىم باشقىلارغا ئوخشىمايتتى.

— ناھايىتى ئەپسۇس، — دېدى مۇدىر ئاۋازىنى بوش چىقىرىپ، — ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى ئوقۇتقۇچىلىرى تولۇقلانغان مەكتەپلەرنىڭ خەلق ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ياللاپ ئىشلەتكەن ئوقۇتقۇچىلارنى قايتۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. بولسىغۇ بىللە ئىشلەرمىز دەپتۇق. . .


ئېزىز مۇئەللىم بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ داڭ قېتىپلا قالدى. چىرايى ئۆڭۈپ تاتىرىپ كەتتى.

— بولىدۇ، مەن قايتاي، — دېدى ئۇ ماڭا يۈزلىنىپ، — مەندە ئۆتكۈزۈپ بەرگۈدەك نەرسە يوقتۇ؟

ئۇ شۇ گەپلەرنى ئېيتقىنىچە چاپىنىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ چىقىپ كەتتى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇنىڭ كۆك رەڭلىك تەنتەربىيە كىيىمى كىيگەن سىماسى مەكتەپتىن غايىب بولدى. مەكتەپنىڭ ئىچى جىمىپلا قالدى. يېقىندىن بۇيان مەن ئۇنى كۆرمىدىم. ئائىلىسى كەمبەغەل ئىدى، ئاڭلىسام مەتسىرىق قويمىچىغا مالچىلىققا ياللىنىپتۇ. لېكىن ئۇ ھەمىشە «ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن، ئەقىدەمگە يىغلايمەن» دېگەن ناخشىنى ئوقۇپ يۈرگۈدەك.

بىز تاغام بىلەن پاراڭلىشىپ ئېزىز مۇئەللىمنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە تاغامنىڭ ئېزىز مۇئەللىمنىڭ كېيىنكى قىسمەتلىرى ھەققىدىكى ھېكايىسىمۇ ئاخىرلىشىپ قالغانىدى. لېكىن ياغاچلىرى يېرىلىپ كەتكەن قىڭغىر كونا دەرۋازا قۇلۇپلاقلىق تۇراتتى. قەلبىمدە ئوبرازى ئەبەدىي ئۆچمەيدىغان «ئېلىپبە مۇئەللىم»نى پەتىلەپ قويۇش ئويۇممۇ يوققا چىقتى.

— ئىھتىمال ماللىرىنى ھەيدەپ جاڭگالغا كەتكەن بولسا كېرەك، ھېيت دەپ قويلارنى ئاچ قويغىلى بولمايدۇ ئەمەسمۇ، — دېدى تاغام.



# شېئىرلار

ئابدۇرېشىت ئېلى

## جىمجىتلىقنىڭ بىر يۈزى

زۇكام تېگىپ قالغان ناخشىچىدەك
رىتىمسىز، چۈشىنىكسىز توۋلايدۇ دەريا -
چوڭقۇر تۇمان قوينىدا قىرغاق،
ئىبادەتتە قارا تاش. . .
سائەت سەككىز بولدى تۈنۈگۈنكىدەك
لېكىن مەن يالىڭاچ تۈيغۇدا.

كەيپىياتنى بۇزماي دەپ
ئۈچۈپ ئۆتتى بىر تال قۇشقاچ سۇ بويلاپ.

بىز بۇ يەردە.
بوران
نەمخۇش. . .
ئويلىمىدۇق ھېچنېمە.

## بايرام

چۈشىن ئۆلتۈرىمەن،
ئوغلۇمنىڭ قولىدا پالاق
تامدا قان ئىزى
بۈگۈن بايراق چىقىرىدىغان كۈن. . .
سائەت يۇمىلاق.

ئايالىم تاش،
بالام ئىمتىھان.
جىمجىتلىق
دېرىزىدە كۆتۈرەر چۇقان.

كۈننىڭ نۇرلىرى
ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى.
ھېس قىلماق تەس
چاڭقىغاندا بىر تامچە سۇنى.

ناشتا قىلدىم،
تۇرمۇشنى بىلدىم.
ئوغلۇم خوش دېگەندە
كۆزلىرىمنى سىلىدىم.

## مۇنچا ۋە باشقىلار

كىيىملىرىنى سېلىۋەتتى ئايال
تام ئاھ ئۇردى ئاپئاق.

قاتتىق سۇ
تىنجىق خىيال
جىمجىتلىقنىڭ ئارقا تەرىپى. . .

ئۇيغۇرغا ئوخشايدىغان ئىشىك
كۈنگە قاراپ ئۇيقۇغا كەتكەن دېرىزە

ئەر كوچىدا
جىنسىيەتكە دائىر ئېلانلار
ۋاقىتسىز قار. . .
ئادەم دېگەنگە زادى نېمە كەلمەس ھار!

## چېچەك پەسلى

ئايال ئاپتاپتا
يامغۇر تامچىلىماقتا. . .
جىمجىتلىق
خەنجەر بولۇپ چاقنىماقتا.
ئەر يۈرەر خىيالدەك چېچىلىپ
ئىشىك يېپىلىدۇ يەنە ئېچىلىپ.
ئاي ئاسماندا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدۇ،
دېرىزە تامدا قالدى ئېزىقىپ.

جىگدە چېچىكى
ئېھتىماللىقتا ئوخشايدىغان چىغىر يول
ئوتتۇز ياشتا يەتمىش ئۈچ ھىيلە. . .
ئاڭلىماقتا
بۇ بىر ھېچنېمە.

## يەتتىنچى ئايدا

ئون سەككىز ياشقا كىرىمەن
يەتتىنچى ئايدا يامغۇر ياغسا.
ئىسمىنى چاقىرىمەن خۇدانىڭ
مۇبادا تۈنلىرى يۈرىكىم ئاغسا.

ھەي، مەن يالغان ئېيتمىدىم
ھۆل بولۇپتۇ خەتلىرىم.
ئاپتاپ ئۇخلاپتۇ كونا تام تۆشۈكىدە،
كىيىممىنى يىرتىپتۇ تىترەكلىرىم.

ئېلىپ كەت مېنى ئەي قاتتىق بىنا!
يالغۇز ئىدى بالام ئۆيۈمدە.
ئىبادەتنىڭ ئىشىكىنى چەككەن كېچىنى
ئەسلەش مۇمكىن پەقەت كۆيۈمدە.

## بۈگۈن كۈنگە يەكشەنبە

سىمۇۋل ئەمەس ئادەم
سائەت ياتار چەمبەر ئىچىدە.

ئىشكاپتىكى كىتابلىرىم
بەربات بولغان ئۈمىدلىرىم.

بىر تال چۈشنى
جىمجىتلىقنى سىزىپ ئاستىلا
چىقىپ كەتتى،
قالدى ئىشىكىم قىيا.
قارىدىم تاملارغا،
بىر يالىڭاچ ھاياجان
قانات يېيىپ كەلمەكتە بۇ يان.

تۈنۈگۈن بىز قاشتېشى ئىزدەپ
سەپەر قىلدۇق دەرياغا تىترەپ.
سۇ لاي ئىدى.
قۇياش بار دېدى...
ئالدىمىزدا قارا كوئىنلۇن
يۇكسەلگەن ئۇيۇق سىرى.
ئولتۇراتتى تەبىئەت
قىرغاقتىكى قېرى جىگدىدە
ئاقىرىپ خىياللاردەك...

بۈگۈن كۈنگە يەكشەنبە.
چوڭقۇر يالقۇن ق ھەرپىدە.
دېرىزەم گۈلدەك ئېچىلدى...
7 - ئاي ئىستىقامەتتە.

## MB غا

1

رىئاللىق ۋە چۈش ئارىسىدا
چېقىلمەن ئەينەكتەك.
شۇ بىر جۈملە ئىسسىق خاتالىق
ھەر سۇنۇقۇمدا ئاچىدۇ چېچەك.

2

سەن كىتابتا.
ھەسرەتلىك تىنىقلىڭ خەتكە ئايلىنىپ
يۈرىكىمنى قىلار مىڭ پارە.
كۆز ياشلىرىم تۆكۈلگەن يەردىن
بىخلىنىدۇ ئاخىرقى لالە.

## بۈگۈنكى زامان ئادىمى

بىزنىڭ كوچىلار
قىشتىكى دەرەخكە ئوخشار.
تارىخچىنىڭ كىتابلىرىدا
قارا ھەرپكە ئايلانغان قۇشلار.

بىلىمەن ئىشكىتىن ماراشنى.
ئازابنى ھېس قىلىمەن كومپيۇتېردىن،
كۆتۈرۈپ يۈرىمەن بىر قۇچاق تاشنى.

تامغا ئېسىلغان رەسىمدە
تاغلار ئېبادەتتە،
ئاسمان زەڭگەر سۇغا چۆككەن ھالەتتە...

قوشاق توقۇپ كېلىسەن جېنىم،
مۇھەببەتنىڭ قەدىمكى قىرغاقلىرىدىن.
ئەينەككە قارايمەن،
چېقىلمىز بۇندا ئىككىمىز...
شېئىر يېزىۋېتىپتىمەن ئويلىسام بىردىن.

## مەن تاش ئەمەس

مەن تاش ئەمەس
لېكىن ھەسرەت ئېزەلمەس مېنى.
كۆكۈلچەك دېرىزەمدە سۇنار قۇياش، ئاي
ئەسلىتىپ تەقدىرىڭنىڭ قۇرغاقلىقىنى.

مېنىڭ كۆز ياشلىرىم
تەكچىدىكى قەدىمى ئەينەك.
قاراپ ئاكا ئىختىيارىچە
تۈزەشتۈرەر ئۆزىنى ھەركىم.

ئاۋغۇست ئېيى
قارا ئاتنىڭ يايلى.

مۇھەببەت ئەركىنلىكى ئايرىپ تۇرار بىزنى.
يامغۇر ياغار، كۆيدۇرەر ئاپتاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆز كېتىدۇ غازاڭلار تاشلاپ. . .
ئىككىمىزنىڭ تەشنالىقىدا

ئۈچ يۈز چاقىرىملىق شۇ يول
ياتار قاغجىراپ!

# ئۈچ شېئىر

ئىدرىس نۇرۇللا ۋارىس

## يەكشەنبە ۋە قۇرغاقچىلىق

ۋاقىت قوللىرىڭدىن تارتقاندا،
«بوپتۇ. . .» دەيسەن، ساڭا ئامال يوق.
ئۆزۈڭنىڭ ئەمەستەك
ئاۋازىڭ شۇقەدەر ئاڭلىنار بوغۇق.

ئۇستەل سۆزلەشكە باشلايدۇ،
مېنىڭ كەچۈرمىشىم ساڭا پۇتۇلگەن.
قوللىرىنى سىلكىپ
موخۇركا ئورىماقتا بىر ئەرۋاھ.
بۈگۈن ئەجەب ئوسالغۇ ھاۋا!
دومىلاپ، دومىلاپ بىر تامچە ياشتەك،
بەزىدە ئالدىڭغا كەپقالار ۋەتەن.
«قەدرى» بولىدۇ ھەتتا تېزەكنىڭ
قايناپ كېتىسەن
ئادەمدەك ياشىماق بولغىنىڭدا سەن.

يەكشەنبە كېتىپ بارىدۇ،
تۆت بىلەن بەشنىڭ ئارىلىقىدا.
«ئۇھ» دەيسەن، موھتاجلىق تېخىمۇ يامان،
ھەتتا ھاۋامۇ يوق ئالىقانلىرىڭدا!. . .

## بويتاق

نامازشامغا قاراپ ماڭماقتا ۋاقىت،
تامچىپ چۈشەر ئۇستۈڭىشىدىن
ئېغىر. . . ئېغىر. . . ھارغىنلىق.

تام تىللىرىنى تامشىتىپ
دېرىزىگە قارايدۇ.
كېچە ئىشىكنى ئېچىپ
قولۇمنى تارتىپ سىرتقا ماڭىدۇ.

قارىچۇقلاردا بىر قەۋەت توپا،
مىڭ يىللىق بوشلۇقتىن چىقىپ كېلىمىز.
لەۋلىرىڭدە كاچكۆل. . .

يوتقىنىمنى قۇچاقلاپ
كارىۋىتىمدا ياتىمەن يالغۇز. . .

## يامغۇر تامچىماقتا

كونا لەمپىدىن تامچىغان يامغۇر
ئېقىتماقتا چۈشتىن كېيىننى. . .

تىۋىشىڭنى ئاڭلايمەن،
ھېلىقى قېرى كەمپىر
شۇ تەرەپتىن چىقىدۇ يەنە.
قۇچىقىم قۇرۇق،
چاچلىرىڭ يوق -
بارماقلىرىم كۆيەر چاراسلاپ.

يامغۇر تامچىلىماقتا،
كونا لەمپە، كونا ئورۇندۇق -
مېنى يېمەكتە.

# شېئىرلار

ئەخەت كەلپىن ئىنسانى

## ھاياتلىق تەڭشىكى

بىر يىرتقۇچ ھايۋاندەك ھۆركىرەپ دەھشەت،
تاشلىنىپ تۇرىمەن ئۆزۈمگە پات - پات.

ھەر قېتىم تاشلانغان چاغدا تېنىمنى
كېتىدۇ جاراھەت يارىسى قاپلاپ!

تېنىمنى سەگىتمەك بولىدۇ روھىم،
مېنى كەچۈرگىن دەپ توۋلايدۇ ھايات.

ئىككى بالامنىڭ ئېلىشىشلىرى
ئاخىر چىقىدۇ ماڭىلا توختاپ.
مەن ئۇلار ئارقىلىق ئۆزۈمنى رۇسلاپ
ئالدىمغا ماڭىمەن، چارچاي دېگەندە
ئاڭلىنار يېنىمدا ئاۋازى قىر - چاپ؛ –
بولسىمۇ دەھشەتلىك، ئېلىشىشلىرى
شۇ قەدەر سەمىمىي بولىدۇ بىراق!
روھىم ۋە تېنىم
پەقەت ئىككى بالامدۇر ئوماق.
بىر - بىرسىنى يۆلىمەك بولۇپ
ئېلىشىدۇ ئۇلار ۋارقىراپ.

## غايىب قىز

سېنى بار دېگەندىن يوق دېگەن تۈزۈك.
قەدىمدىنمۇ قەدىم جايدىكى
كۆرۈنە - كۆرۈنمەس چېكىتسەن خىرە.
نۇرغۇن يىللار بولدى قوغلاپ كەلدىم مەن
ھاياتىمنىڭ ھەر تىنىقى - سەپەرلىرىدە!

سەن غايىب قىز
غايىب چۈشلەر ئارىسىدا غايىب بوپ كەتكەن.
مەن بىلمەيمەن ئۆز - ئۆزۈمنىڭ سەندىلىكىنى
سەندە تۇرۇپ سېنى يىراق جايدىن ئىزدەيمەن!

ئۆتۈپ كېتەر يەنە توققۇز يىل
بەلكىم ئوتتۇز يىل.
شۇ ئۇزاق يىللارنىڭ ئاراشلىرىدا
نامسىز يۇلتۇزدەك چاقنارسەن پىل - پىل...

## بالا يىلان

بەك ئازاب چېكىپ كەتتىڭ مەندە تۇرۇپ
بەك ئازاب چېكىپ كەتتىم سەندە تۇرۇپ
قاسراق تاشلاشنىڭ ئالتۇن پەيتىدە
نېمىگە قاراپ تۇرىمىز يەنە؟
ئۈچ يىللىق تۇرمۇش
ئۈچ يىلاننىڭ قەلبىدىكى چۈش.
تاشلار ئارىسىدىن شىپىرلاپ كەلگەن
بىر بالا يىلان
ئولتۇرۇپ ئىككىمىزنىڭ يۈكسەكلىكىدە
مۆلدۈر - مۆلدۈر كۆزلىرى بىلەن
ئىككىمىزنى كۆزەتمەكتە...

سەن قاسراق ئىچىدە نۇرلىنىپ
ئۇزلۇقىڭنى قەي قىلماقتىسەن
پاس - پاس يېرىلغان تېرەڭ ئاۋازى
نۇر تالاشماقتا يورۇقلۇق بىلەن

بىز يىلاننى سېغىنىپ قالدۇق
قارا، مېنىڭ تېنىمگە
گۈزەللىك بارمىكەن تېنىمدىن ئارتۇق
مەن قاسراق تاشلاپ
يېڭىلىنىمەن بېشىمدىن ئاياغ
ئەركىنلىكنى ئىزدەپ سايلاردىن
يۈرۈپ كېتىمەن تېرەمگە قاراپ

ئۈچ جان - ئۈچ يىلان!
قاسراق تاشلاشنىڭ ئالتۇن پەيتىدە
ھەممىدىن يامان
ئۈچ يىلاننىڭ ئىچىدىكى بالا يىلان

يارىتىدۇ ئىككىمىزنى ئۇ
يېتەكلەيدۇ دانادىن ئارتۇق
ھەي! ئۇ...
بىر بالا يىلان!

## قارشىسىدىن چىقىش

ئۆلگۈر ئەبلەخ! – دېيىش ئارقىلىق
ھايات ئىكەنلىكىڭنى تىلغا ئالىمەن.
زەن سال،
قاتتىق ھاقارەتتىن يېرىلماق بولغان
ئەي، قەدىمدىنمۇ قەدىم ئاقساقال!

بۇ نەقەدەر ئۇلۇغۋار تىلەك
بۇ نەقەدەر ئاقىل ئىسپاتلاش،
بۇ نەقەدەر تۇيماي يېڭىلىش!...

## چوڭقۇر بازار ئەسلىمىسى

چوڭقۇر بازار شەھىرى خوتەننىڭ
ھايات قايناپ تۇرغان بازىرى.
چوڭقۇر بازار شەھىرى خوتەننىڭ
ۋارقىرىغان ياڭراق ئاۋازى!
ئاۋاز چوڭقۇرلۇقىدا
قارا ساقال، چوڭقۇر كۆز ئۇيغۇر
ئايپىئاق رومال، ئۆتكۈر سۆز ئۇيغۇر
قاراگىر ئات ۋە بوز ئۇيغۇر
قاپقارا ساچ ۋە ئۇز ئۇيغۇر
سۆزلەشمەكتە قايناق ئاۋازدا!

ئاۋازلاردۇر ئەكس ئاۋازدۇر
ئاۋازلارنىڭ ئاۋازى.
«چوڭقۇر» دېگەن سۆزگە مۇجەسسەم
بۇ بازاردا ئاۋازلار ۋەزنى!...



# جاراھەت

(ھېكايە)

تۇرسۇن مەخمۇت

دەرۋازىۋەن ماڭا ئۆچمەنلىك بىلەن تىكىلدى، بۇ كۆزلەردە غاجىلايدىغان سۆڭەكنى تارتىۋالغان رەقىبىگە ئالايغان ئىتنىڭ كۆزلىرىدە بولىدىغان نەپرەتنىڭ يىرگىنىشلىك شولىسى بار ئىدى. ئۇ تاشلاندۇق نەرسىلەرنىڭ ئارىسىدىن تېرىۋالغاندەك چۆرىلىرى قىرقىلىپ ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن شلەپىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغانىدى، نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ بۇ شلەپىسىگە بەك ئۆچ ئىدىم، مەن ئىدارىغا يېڭى كەلگەن ۋاقتىمدا ئۇنىڭ بېشىدا مۇشۇ شلەپىسى بار ئىدى. شۇنچە يىللار ئۆتكەن بولسىمۇ ئۇنىڭ بۇ شلەپىنى تېخىچە بېشىدىن ئالماي يۈرگىنىگە قارىغاندا ئۇنىڭدا بىر ئىش بارمىكىن دەيمەن، قىشمۇ كىرەي دەپ قالدى، سوغۇق جاندىن ئۆتىدىغان كۈنلەردە بەلكىم بېشىغا باشقا بىرنېمە كىيسىمۇ كىيەر. مەن ئۇنىڭ شلەپىسىنى بېشىدىن ئېلىۋەتكەن ھالىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ باقتىم، بۇ ئەبلەخ بەلكىم ئۇ چاغدا سايىدا چۈشۈپ قېلىپ پەرۋىشسىز قالغان دوناق سويمىغىلا ئوخشاپ قالسا كېرەك، مەن ئۇنىڭغا ئەسلىدىنلا ئۆچ ئىدىم، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاشۇ كونا شلەپىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋېلىپ خۇنۈك كۆزلىرىنى ئادەمگە گۇمان بىلەن تىكىشلىرى كىشىنىڭ بەكلا جېنىنى چىقىرىدۇ، بۇ ئەبلەخنىڭ نەزىرىدە بىزدەك «تۇتسا سېپى يوق، قىچقارسا ئېتى يوق» ئادەملەر گۇمانلىنىشقا بولىدىغان كىشىلەر ھېسابلانساق كېرەك. ئۇنىڭ ئاشۇ قىتىغۇرلۇق چىقىپ تۇرغان ئەپتىدىن قارىغاندا، ئارىمىزدىن بىرەرىمىزنىڭ ئوغرى چىقىپ قېلىشىمىزنى، ئىدارىنىڭ سۈپۈرگە چاغلىق بىرنېمىسىنى ئېلىۋېلىپ تۇتۇلۇپ قېلىشىمىزنى ئۈمىد قىلىپ كۈنلىرى تولىمۇ غەشلىكتە ئۆتسە كېرەك. ئەمما ئۇنىڭ تەلىيىگە قارشى بۇ ئىدارىدە ئەزەلدىن بىرەر قولى ئەگرى ئادەم چىقىپ باقمىغان. ئۇنىڭ ئۆمرى ئۆزىگە ئىسراپ بولۇپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلسا كېرەك، چوڭ ئوغرىلارنى تۇتۇش قولىدىن كەلمەيدۇ، چۈكۈنەم ئوغرىلار تېخى ئۇنىڭغا يولۇقمايدۇ، بىچارە بۇ ئىشلاردىن ئىچىنى تىتىپ يەپ كۈنلىرىنى دىل سۇنۇقچىلىقتا تەستە ئۆتكۈزۈۋاتسا كېرەك. خۇدا بەزى ئادەملەرگە غەلىتە ئارمانلارنىڭ غەلىتە، ئاچچىق ئازابىنى سالسا كېرەك. بىلىشىمچە، مۇشۇ يېقىنقى بىر - ئىككى ئاينىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ پەيلى تېخىمۇ يامانلىشىپ كەتكەندەك قىلاتتى، بولۇپمۇ ھېلىقى ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ خۇيى تېخىمۇ يامانلىشىپ كەتتى. مەن مۇشۇ دۇنيادا بىرسى بىراۋنى ئەسكى دېسە راستمۇ، يالغانمۇ دېمەستىن تەڭلا ئەگىشىپ پىچاق تەڭلەيدىغان ئادەملەردىن بەك بىزار... ئالىيىپ كېتىشلىرىنى قارا ئۇنىڭ، قورسىقىڭدا مەنمۇ باشقىلاردىن قېپقالماي دەپ ماڭا قىر كۆرسەتكىنىڭكەن - دە بۇ، خۇدا ھەممىنى بېرىپ ئەقلىنى ئاياپ قالغان مەخلۇق، مېڭىسى سۇيۇپ كەتكەن بەچچىغەر... مېنىڭ جاراھىتىم ئاللىقاچان ساقايغان، ئىشەنسەڭ، ئىشەنمىسەڭ بەربىر، سەندەك بىرنېمىلەردىن قورقۇپ قالمايمەن... مەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئوغرى كۆزلىرىگە قادىلىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدىم:

- نېمىگە قاراۋېرىسەن، ئالمىدىغان ئېلىشىڭ

باردەك. . .

– مەن مۇشۇنداق قارايدىغان ئادەم، مېنى مۇشۇنداق قارسۇن دەپ مائاش بېرىدۇ، قانداق. . .

– يوغان بىرنېمە بېرىدىكەن، سېنى مەخسۇس ماڭا قارىغىلى قويمىغاندىكىن ئىشىڭنى قىل، مەن مۇشۇ ئىدارىدە ئىشلەيدىغان ئادەم، پاقىنىڭ لېشىدەك چاپلىشىۋالما. . .

– مەشەدە ئىشلەيدىغان ئادەم،– ئۇ ھەيران بولغاندەك كېكەچلىدى،– ما گەپنى، سېنى تېخى ئىشتىن بوشاتمىدىما؟

مەن ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىن كەلدىم، كۆزۈمگە ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ كىرلەشكەن ياقىسى، توخۇنىڭ تېرىسىگە ئوخشايدىغان ئۇششاق مۇدۇر - چوقۇرلار باسقان بويۇنلىرى، ئاندىن قات - قات قورۇقلار، بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرى مىنگىشىپ كەتكەن ئېڭەكلىرى كۆرۈندى.

– مەن بىركىمنىڭ بىرنېمىسىنى بىرنېمە قىلدىما، نېمىدەپ ئىشتىن بوشاتقۇدەك. . .

– ھى، كانىيىڭنى ئەسمە، سېنى ھامان ئىشتىن بوشىتىۋېتىدۇ. . . بۈگۈن بولمىسا ئەتە.

– مېنى ئىشتىن بوشاتسا قىزىڭنىڭ ئاشنىسىنى ئورنۇمغا ئەكېلىپ قويار. . . شۇ چاغدا خۇش بولارسەن. . . ئۆلۈمنىڭ كۈچى يەتمىگەن دىۋانە،– ئەسلى مۇنداق گەپنى قىلمايتتىم، ئاچچىقىمدا ئاغزىمدىن چىقىپ كېتىپ قالدى.

– ئاغزىڭنى بۇزما. . . مەرەز. . . ھېلى باكا مىشەدە. . . تۇتۇپ. . .– ئۇ شۇنداق دېگەچ ئورۇق مۇشتۇملىرىنى پۇلاڭلاتتى. مەن ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىنلىشىپ خىرقىرىدىم:

– بولسا بىر ساله. . . مەن شۇ تاپتا مېنى ئۇرىدىغان ئادەم تاپالماي يۈرەتتىم.

ئۇ ئاستا كەينىگە چېكىندى، غەزەپتىن تەرى - بەستىم باشقىچە بولۇپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ چىرايىدىن قورققانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ شۇنداق تومۇرچى، بۇرنىنىڭ بېزىنى ئېلىپ قويمىغان ئادەمنىڭ بېشىغا مىنسەم دەپلا يۈرىدۇ.

مەن باشقا گەپ - سۆز قىلماي يولۇمغا ماڭدىم. ئۇ بىرنېمىلەرنى دەپ غۇتۇلدىغاچ قالدى. دېسەم دېمىسەم ئەڭ سەت گەپلەر بىلەن مېنى تىللاۋاتىدۇ، چىشلىرىنى تۆكۈۋېتەي دېسە تېخى بولمىغان، جاھان زىللىشىپ كەتتى، قىلدىن قىيىق كەتسە بېشىڭدا قىيامەتنىڭ ئوتى كۆيىدۇ، يا قىلىدىغاننى قىلىپ، باشقا كەلگەننى كۆرىدىغان جۇرئەت مەندە يوق، قورقۇنچاق ئادەم بولۇپ قالغانلارنىڭ بۇ جاھاندا ياشىمىقى ئەجەب تەسكەن. . . تۇرۇپلا بۇ قېرى بىلەن تاكاللىشىپ يۈرگىنىم تازا ياخشى بولماپتۇ دەپ ئويلاپ قالدىم، ئۇنىڭ قىزى مېنىڭ ئاتىسى بىلەن جېدەللىشىپ يۈرگىنىمنى بىلىپ قالسا ياخشى بولمايدىغاندەك قىلاتتى. بۇ دەرۋازىۋەن ئەبلەخنىڭ ئۆزى قاغدالمىدەك سەت ھەم خۇيى ئوسال بولغىنى بىلەن ئۇنىڭ تولىمۇ قاملاشقان بىر قىزى بار، يېقىندا ئەردىن چىققىنى دېيىشىدۇ، ئۆزى شۇنداق كېلىشىملىك، مەرى ئىسسىق بىرنېمە، جاھان دېگەندە ئەجەب ئەخمەق ئادەملەر بولىدىكەن. بىر ئوبدان ئۆيدە ئولتۇرغان خوتۇننى بىكاردىن - بىكار قويۇۋېتىپ يۈرىدىغان، بەزى ئادەملەر ساراڭمىكىنتاڭ. . . ئۇنىڭ ئاشۇ قىزى پات - پات بىر كورىدا تاماق كۆتۈرۈپ دادىسىنى يوقلاپ كېلىدىغان، يېقىندىن بۇيان كۆرۈنمەس بولۇپ كەتتى، يا يەنە بىر يەرگە ئەرگە تېگىپ كەتتىمىكىن. . . ھازىرقى ئادەملەرنىڭ ئاجراشمىقىمۇ، يەنە بىرسىنى تېپىپ ئېلىشىپ تېگىشمىكىمۇ ئاسان بولۇپ كەتتى. پۇللا بولسا نى - نى ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ - دە. مائاش ئۆسىدىغان ئىشلارمۇ يوق بولۇپ كەتتى، قەرزلىرىمنى قاچانمۇ قايتۇرۇپ بولارمەن، تىنىم تاپماي ئىشلەيمىز، يەنە شۇ قەرزدىن قۇتۇلغىلى بولمايۋاتقان. دەردى يوق كىم باركىن، ھەممە ئادەم قەرزدار بولسا كېرەك. ھاياتنىڭ تازا پەيزى ۋاقىتلىرى نەدە بىر كەلسە - كەلمەس غەم - ئەندىشىلەر بىلەن ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدى. ئاڭلىسام ئۇچرىغانلا ئادەمگە ھېجىيىپ يۈرىدىغان سۇلايمان ساختىنا مۇشۇ قېتىم ئۆسۈپ خېلى بىرنېمە بولۇپ قالغۇدەك، ئەخمەت دېگەن كىسپۇرۇچ نەلەردە يۈرىدىكىن، ئاشۇنىمۇ تېخى ئىچ - باغرىمنى تۆكسەم بولىدىغان ئاغىنەم دەپ يۈرۈپتىمەن. ئادەم دېگەنمۇ غەلىتە بولىدىكەن، كۆڭلۈڭدە بىر ئىش بولسا ئۇنى بىراۋغا دېگۈڭ كېلىپ كېتىدىكەن، دېگەندىن كېيىنلا چاتاقنىڭ چوڭى چىقىدىغان گەپكەن. ئۇڭ مۇرەمدە جاراھەت بارلىقىنى نېمىشقا ئۇنىڭغا دېگەن بولغىيدىم، خۇددى بىراۋغا سۆزلەپ بەرسەم ساقىيىپ قالىدىغاندەك. زادى ئۆزۈممۇ بۇرنۇمغا سۇ كىرمەيدىغان ئادەمكەنمەن، بىر چاغدىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىپارگۈل بىلەن يېقىنلىشىپ قالغاندا، خۇشلۇقىمدىن ئۆزۈمنى تۇتالماي، ئەخمەتكە «ئىپارگۈل ئىككىمىز يۈرۈپ قالىدىغاندەك قىلىمىز» دېگەن گەپنى قىلىپ سالغىنىمدىن كېيىن، ئەخمەت ئەتىسىلا بۇ گەپنى ئىدارىدە چىڭ قىلدى. ئەجەب ئادەملەردە، خۇددى مېنىڭ ئىپارگۈل بىلەن يۈرۈشۈم ئەقىلغە سىغمايدىغان بىر ئىشتەك. زادى ئۆزۈمگە ئاز، گەپ تارقىلىپ كەتكەندىن كېيىن قىزغا تىك قارىيالماي قالدىم. ئىچىم بەكمۇ پۇشۇپ كەتتى، ئىپارگۈلمۇ مەندىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى، ئاخىرىدا ئۇنىڭدىنمۇ قۇرۇق قالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقىدەك گەپ - سۆزلەرمۇ ئۆز ئايىغىدىن يوقىدى، مۇشۇ قېتىمقى ئىشنىمۇ يەنە شۇ ئەخمەتكە دەپ نېمە قىلار بولغىيدىم.

شۇ كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە ئەخمەت بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق، دەرۋازىۋەننىڭ ھېلىقى مەرى ئىسسىق قىزى چۆرىلىرىنىڭ سىرى چۈشۈپ كەتكەن قىزىل گۈللۈك كورىنى كۆتۈرۈپ ئالدىمىزدا كېلىۋاتاتتى، مەن ئۇنىڭغا قاراپ تاتلىق بىر سىېزىم ئىچىدە ئۆھ تارتىپ قويدۇم. ئادەم بىلەن ئادەم ئارىسىدىكى ئارىلىق شۇنچە يېقىندەك قىلىسمۇ، ئەمما چىن مەنىسى بىلەن ھېسابلاپ كۆرسە بەزىدە ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدا بىر ئۆمۈر پالاقلاپمۇ بېسىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان مۇساپە بولسا كېرەك.

- كەچتە نېمە ئىشىڭ بار، - دېدى ئەخمەت سائىتىگە قاراپ قويۇپ.

- ھېچ ئىشىم يوق، - دېدىم مەن.

- ئەمىسە بىردەم پەيزى قىلمايلىما، - دېدى ئەخمەت.

- قانداق پەيزى قىلىمىز. . .

- شۇنىمۇ سورامسەن، پەيزى قىلىدىغان يەنە نېمە ئىش بار ئىدى، ئىچىمىزدە شۇ، مەن ھاراقنا تۇراي، سەن كاۋاپ ئال. . . قانداق؟

- مۇشۇ ئىشقا تازا رايىم يوق تۇرىدۇ، نېمە قىلىمىز جاننى قىيناپ، - دېدىم مەن كۆيۈشۈپ تۇرغان مۇرەمنى سىلاپ تۇرۇپ.

- بىردەم ئولتۇرغانغا ھېچنېمە بولمايسەن، ئۆيۈڭگە بارساڭمۇ قىلىدىغان ئىشىڭ يوق، زېرىكىپ ئولتۇرىسەن شۇ.

ئەخمەتنىڭ دېگىنىمۇ توغرا، ئۆيۈمگە بارسام قىلىدىغان ئىشنىڭ تايىنى يوق، زېرىكىپ ئولتۇرىدىغىنىم راست، مۇشۇ ئۆي دېگەندە نېمىشقا ئادەمنى زېرىكتۈرمەيدىغان، كىشىنى تالا - تۈزگە يۈگۈرۈشكە مەجبۇرلىمايدىغان بىرنەرسە يوقتۇ، دەيمەن. كۈندە دېگۈدەك ئۆيگە ئالدىراي-مەن، ئەمما بېرىپلا يەنە سىرتقا چىقىپ كەتكۈم كېلىدۇ، قانداق ئىشكىن بۇ. . .

بىز ئوتتۇنىڭ ئاچچىق ئىسى پۇرقۇپ تۇرغان بىر كاۋاپخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدۇق. چاچلىرى ئۆسۈپ كەتكەن، كىيىۋالغان چاپىنى يا دادىسىنىڭ ياكى ئاكىسىنىڭ ئىكەنلىكى چىقىپلا تۇرغان بىر بالا ئېرىنچەكلىك بىلەن كاۋاپ يەلپۈپ تۇراتتى.

بۇ سودىسى ئاقمىغان بىر دۇكان بولسا كېرەك، كىرىپ چىقىۋاتقانلارمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئەخمەت ئالدىمدا مېڭىپ پىشۇرۇلىۋاتقان كاۋاپلارغا بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن ماڭا دېدى:

- مۇشۇنىڭغا كىرەيلى، كاۋىپى چوڭ ھەم يۇمشاقتەك قىلىدۇ.

دۇكاننىڭ ئىچى كىچىك ئىدى، بىر بۇرجىكىگە ئىككى ئۈستەل قويۇلۇپتۇ، يان تەرىپىدىكى كارىۋاتتا بىر قىز ئۆزىنى توغرىسىغا تاشلاپ ياتقىنىچە ئۇخلاۋاتاتتى، قىزنىڭ سارغۇچ چاچلىرى چۇۋۇق، چىرايى تاتىراڭغۇ، ئاغزى ئېچىلىپ قالغانىدى، ئۇن باسقان خالتىدەك چىڭقىلىپ تۇرغان تار پادىچى شىمى يوتىلىرىنىڭ بېسىمىدىن ھازىرلا يېرىلىپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

- ئەجەب قاراپ كەتتىڭغۇ، - دېدى ئەخمەت.

- قىز بالا دېگەن مۇنداق ياتسا خۇيىمۇ سەت تۇرىدىكەن، ئادەم كىرىپ چىقىپ تۇرغان دۇكان تۇرسا بۇ. . .

- شۇنداقمۇ دەيسەن، مۇشۇ بىچارىلەرگىمۇ تەس، كېچىچە ھاراقكەشلەر بىلەن ھەپىلىشىپ چىقىدىغان گەپ. . . بولدى قاراۋەرمەي مەيەرگە كېلىپ ئولتۇرساڭچۇ، ساڭا دەۋاتىمەن، نېمانداق قىز بالا قارىسى كۆرمىگەندەك قىلىسەن. . .

- ياقەي، ئەمدى مۇنداقلا قاراپ قويدۇم.

ئوڭ مۈرەم يەنە لوقۇلداپ ئاغرىشقا باشلىدى، نېمە ئىش بولدى، ئەجەب تۇيۇقسىزلا بىر جاراھەت پەيدا بولۇپ قالدىغۇ، بۇ ھەقىچان ھېلىقى كۈنى ئاغىنىلەر بىلەن ئولتۇرۇپ

قايتقاندىن كېيىن ماڭا چاپلاشقان نەسلىك بولسا كېرەك، شۇ كۈنى بۇنىڭدىن بەتتەرەك بىر قاۋاقتا بولۇشچە پىۋا ئىچىشتۇق، قاۋاقنىڭ ئەتراپىدا مۇشۇ ئەتراپتىكى كىشىلەر يۇندا، سۆڭەك دېگەندەك نېمىلەرنى دۆۋىلىۋەتكەن بىر يالاق بار ئىكەن، شۇ يەردە يېتىپ قاپتىمەن. بىر چاغدا ئويغانسام شەرق تەرەپ سۇزۇلۇپ، ئالەم يورۇپ قاپتۇ، ياتقان يېرىمنى كۆرۈپ ئۆزۈمدىن نومۇس قىلىپ كەتتىم، ئادەم دېگەنمۇ مۇشۇنداق هالغا چۈشۈپ قالىدىكەن - هە، ئىچ - ئىچىمدىن بىر خىل تىترەك ئۆرلەۋاتاتتى. شۇ ئىشتىن بىر هەپتىدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئۆتكەندە مۇشۇ لەنەتگەردى جاراهەت مۇرەمدە پەيدا بولۇپ قالدى. شۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭمۇ بىر ئىشتىن كۆڭلۈم ئۆيگەن زادى، دوختۇر دېگەنمۇ تازا بىر خەقكەن، نەچچىسى كۆرۈپمۇ نېمە بولغانلىقىنى ئايرىيالمىدى، تېخى «هېچ ئىش يوق، تېزلا ياخشى بولۇپ كېتىسىز» دېيىشىدۇ. قېنى ئۇ ياخشى بولۇپ كەتكىنى. بىكاردىن - بىكار ئۆزۈمگە خاپىلىق تېپىۋالدىم. مۇشۇمۇ هاراقنىڭ كاساپىتى، شۇنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە ئىچكىلى تۇردۇم مانا.

- ئاۋۇ قىزنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن، - دېدى ئەخمەت كارىۋاتتا ياتقان قىزنى ئىملاپ.

- ياق، ئۇنى مەن نەدىن بىلەي.

- خوجايىننىڭ ئاشنىسى ئۇ. . . شاپاقچى بىرنېمە.

- بۇنى سەن نەدىن بىلدىڭ؟

- نەچچە كۆرگەن، خوجايىن تامدەك بەستلىك نېمە، شۇنىڭ بىلەن ئوينايدۇ.

ئەخمەت هېلىقى قىزغا قايرىلىپ بىر قاراپ قويۇپ، يەنە سۆزلەشكە باشلىدى.

- مۇشۇ كۈنلەردە ئادەملەر ساراڭ بولۇشقا باشلىدى جۇمۇ، - دېدى ئەخمەت پىيالىغا يېرىم قۇيۇلغان هاراقنى گۇپپىدە كۆتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، - كۆزۈمگە هەممە كىشىنىڭ قىلىقلىرى غەلىتە كۆرۈنۈۋاتىدۇ، ئاۋۇ دەرۋازىۋەن قېرى بارغۇ، بەش بالىسى بار تۇرۇپ خوتۇننى بىكاردىن - بىكار قويۇۋېتىپتۇ، ئاجرىشىپ بولۇپ يەنە خوتۇنى بىلەن هەپتىدە بىر - ئىككى قېتىم خۇپىيانە كۆرۈشۈپ يۈرگۈدەك.

- ئەمدى بۇ نېمە قىلغىنى ئىكەن؟

- نېمە قىلغىنى بولاتتى، ئاشنا ئوينىغىنى بولمامدۇ، شۇنىمۇ بىلمەمسەن.

- قويە بۇ گەپنى، ئۆيدىكى بىر ئوبدان خوتۇننى قويۇۋېتىپ، يەنە شۇنى ئاشنا تۇتۇپ يۈرگەننىڭ نېمە پايدىسى.

- نېمە پايدىسى دەيسەنغۇ، دائىملا شۇنداق دەيدىكەنسەن، هەممىلا ئىشنى پايدىسىغىلا قىلىۋېرىدىغان جاهان ئەمەس بۇ، ساڭا دېسەم بارغۇ، بۇنداق قېرىلار تالاغا قاراي دېسە ئۇنى كىم يارىتىدۇ، شۇڭا خوتۇننى قويۇۋېتىپلا ئارقىدىن ئۇنى ئاشنا قىلىۋالغان گەپ.

- توقۇپ تۆشەپلا تاپتىڭغۇ ئەخمەت مۇشۇ گەپنى.

- گەپ قىلسا پەقەت ئىشەنمەيسەن - دە، ساڭا يالغان گەپ قىلىپ نېمە قىلىمەن، بۆلۈم باشلىقىنىڭ ئىشىدىن خەۋىرىڭ باردۇ؟

- قايسى بۆلۈم باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى دېگەن جىققۇ.

- هېلىقى مالىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقىچۇ.

- هە، ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟

- ئۇ مۇشۇ يەكشەنبە كۈنى ئوغلىنىڭ سۈننەت تويىنى قىلماقچىكەن.

- بوپتىغۇ، بۇنىڭ هەيران قالغۇدەك نېمىسى بار.

- ئۇغۇ شۇ، بىراق بۇ ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ سۈننەت تويىنى تۆتىنچى قېتىم قىلىشى، ئاشۇ بىرلا ئوغلىنىڭ.

- بىكار گەپنى دەۋېرىدىكەنسەن، شۇنداق قىلغان بولسا ئەمدى بۇ ئۇنىڭ نېمە قىلغىنى؟

- شۇنى دېمەمسەن، ئۇنىڭ جاهاندا شۇ بىرلا بالىسى بار، ئوغلى ئىككى ياشقا كىرگەندىن باشلاپ سۈننەت تويىنى قىلغىلى تۇرغان، خۇددى بەزى ئادەملەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بىر يىلدا تۆت، بەش قېتىم بولۇپ قالغاندەك، بۇ بۆلۈم باشلىقىمۇ ئوغلىنىڭ سۈننەت تويىنى يىلدا ئۆتكۈزىدۇ، ئۇ بالىچۇ بۆلۈم باشلىقىنىڭ ئەللىكتىن ئاشقاندا تاپقان بالىسى. بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئۇ بالىنىڭ دادىسى باشقا بىرسى ئىمىش. . . بۇنىڭغا ئىشىنەمسەن؟

- بۇنداق گەپنىڭ هۆددىسىدىن چىقماق تەس جۇمۇ، بايقاپراق گەپ قىل.

ئەخمەت ئىدارىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان، ئەمما مەن تا هازىرغىچە خەۋەر تاپالمىغان نۇرغۇن

www.uyghurkitap.com



ئۆچۈرلاردىن مېنى خەۋەردار قىلىپ قويدى، ئۆزىنى قونچاقتەك ياساپ يۈرىدىغان ھېلىقى زۇلپىيە دېگەن قىز ئىدارە باشلىقىنىڭ ھېلىقىدەك بىرنېمىسىمىش. زۇلپىيە ئۆزىنى جاھاندا بىر ساناپ تاكاسلاپ يۈرگىنى بىلەن ئىدارە باشلىقى پېنسىيىگە چىقىپلا كەتسە ئۇنىڭ كۈنى تەس بولارمىش، ھازىر يىل ئاخىرى بولۇپ قالغاچقا، بەزىلەر ئىلغار سايلىنىش ئۈچۈن ئىدارىدىكى غولللۇق كىشىلەرنى بىر - بىرىگە ئۇچراشتۇرماي ئۇيەر - بۇ يەردە مېھمان قىلىپ يۈرگۈدەك. ھازىرقى كۈندە تويغۇدەك يەپ - ئىچىش، ئويناپ - كۈلۈشلەر مېھمان قىلىش قاتارىدا يوق بولۇپ، مېھماننى ھەگە ھە بولالايدىغان قىز - چوكانلار بىلەن مېھمان قىلسا ئاندىن ۋايىغا يەتكۈزۈپ مېھمان قىلغان ھېسابلىنارمىش...

— بېشىڭنى ئىچىڭگە تىقىۋېلىپ يۈرۈۋەرسەڭ ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوق پاڭقاي بولۇپ قالىسەن، جاھاندا قىزىق ئىشلار جىق،— دېدى ئەخمەت مېنىڭ ھەيران قالغانلىقىمنى كۆرۈپ پەخىرلەنگەن ھالدا.

ئاغرىقنىڭ جاننى قاقشىتىدىغان ئاچچىق سېزىمى مېنى تولىمۇ بىئارام قىلىۋاتاتتى، نەدىن پەيدا بولدى بۇ ئاغرىق، ھېلىقى كۈنى مەنمۇ يەر تېپىلمىغاندەك شۇ يەرگە بارمىسامغۇ بولغان.

— مەن ھازىر ئۆزۈمنىڭ غېمىم بىلەن،— دېدىم مەن ئاغرىپ تۇرغان مۈرەمنى سىلاپ تۇرۇپ.

— غەم، سېنىڭ نېمە غېمىڭ بار، قېنى دە ئاڭلاپ باقاي.

— يېقىندىن بۇيان مۇشۇ ئوڭ مۈرەمگە بىرنېمە چىقىپ قالدى، ئاغرىقتىن جېنىم قاقشاپ كېتىپ باردۇ...

شۇ ئارىدا ھېلىقى كارىۋاتتا ئاغزىنى كامارەدەك ئېچىپ ئۇخلاپ ياتقان قىز ئويغىنىپ كەتتى، ئورنىدىن تۇرۇپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى، ئۇنىڭ چىرايى سارغىيىپ كەتكەن، كۆزلىرىنىڭ چۆرىلىرى قارىيىپ كىشىگە تولىمۇ ھارغىن، سوغۇق چىراي تەسىر بېرەتتى. مەن ئۇنىڭ بۇ تەلەتىگە بىزارلىق بىلەن بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، كۆڭلۈمدە «سەن دەرۋازىۋەننىڭ قىزىنىڭ قولىغا سۇمۇ قويۇپ بېرەلمەيدىغان بىرنېمىكەنسەن» دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ قالدىم. ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقى مەندە بىر خىل ئۆچلۈك پەيدا قىلغانىدى.

— قېنى مۇنداق قىلە، مەن بىر كۆرۈپ باقاي،— دېدى ئەخمەت ئۇزۇن بويۇنلىرىنى قاقىردەك سوزۇپ.

— بولدى، كۆرمىسەڭمۇ بولار.

— ئەكىلە، سەن بىر قىز بالا بولمىغاندىكىن، كۆرسەم نېمە بولىدۇ؟

ئەخمەت بىردەم قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، چۆچىگەندەك قىلىپ جايىغا ئولتۇردى.

— بۇ قانداق نەرسىدۇ ئەمدى،— دەپ غودۇڭشىدى ئەخمەت.

— قانداق نەرسىكەن؟

— چايان چاپلىشىۋالغاندەكلا تۇرىدىغۇ تاڭ.

— نېمە دېدىڭ؟

— ئىششىقلىپ قورقۇنچلۇقكەن، دوختۇرغا كۆرسەتمىدىڭمۇ؟

— كۆرسەتتىم، بىراق دوختۇرمۇ ھېچنەرسە بىلەلمىدى.

— دورا يېدىڭمۇ؟

— ياق.

شۇنىڭدىن كېيىن ئەخمەت نېمىشقىدۇر جىملا بولۇپ قالدى، بىرنەرسىدىن ئەنسىرىگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بەلكىم مەندەك بىر دوستىنىڭ دىشۋارچىلىقلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى پەرىشان قىلىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن.

ئەتىسى ئويغانسام ھالىم شۇنداق خاراب، ئاغرىق بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىسەم تازا دېگەندەك ئېسىمدە يوق. يادىمدا قالغىنى پەقەت ئەخمەتكە مۈرەمنى كۆرسەتكىنىم، يەنە ئۇنىڭغا دەرۋازىۋەننىڭ قىزىنى قولغا كەلتۈرمىسەم بولمايدىغانلىقى، ھەتتا ۋاقتى كەلگەندە ئۇنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ قېلىشىم مۇمكىنلىكى، ئۇنداق قىزلارنىڭ ۋاپادار، كىشىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان ئوبدان خوتۇن بولىدىغانلىقى توغرىسىدا قىزىشىپ سۆزلەپ كەتكەنلىكىم، يەنە ھېلىقى كاۋاپخانىدىكى قىزنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭغا ئۆزۈندىن - ئۆزۈن بىرنېمىلەرنى دەپ كەتكەنلىكىم، شۇ ئارىدا ئەخمەتنىڭ قىزنى بىر چەتكە تارتىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى دەپ كۇسۇرلىغانلىقى، قىزنىڭ ماڭا قورقۇنچ نەزىرىدە تىكىلىپ قاراپ قالغانلىقى... قايتىش ۋاقتىدا قەلىمىمنى ئۇنىڭغا خاتىرە ئۈچۈن بەرمەكچى بولغانلىقىم، ئەمما ئۇنىڭ كەينىگە تىرەجەپ قەلەمنى زادىلا ئالغىلى ئۇنىمىغانلىقىدەك بىر

ئىشلار چۈشۈمدە كۆرگەندەك ئۆتۈشكە باشلىدى.

پۈتۈن بىر كۈن ئۆيۈمدە ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈپ چىقتىم، قىسقىغىنە ئۆمرۈمدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بىرمۇبىر ئەسلىدىم، هاياتىم ئۆستەڭدە ئاققان لاي سۇدەك بىر خىل تەرىزدە ئۆتۈپ كېتىپتۇ، بىر كىملەرگە ئۆمۈر بويى ئۇنتۇيالمىغۇدەك ياخشىلىقمۇ، ياكى تا ئۆلگۈچە ماڭا ئۆچمەنلىك قىلغۇدەك يامانلىقمۇ قىلماپتىمەن. بەلكىم ئۆلگۈچە مۇشۇ رىتىمدا ياشاپ جاهاندىن ئۆتۈپ كېتەرمەن. جۇۋاز كالىسىدەك بىر دائىرىنى ئايلىنىپلا ياشايدىغان مۇنداق تۇرمۇشۇمنى ئۆزگەرتىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدىغاندەك ئىدى. ئۆزۈم بىزار بولغان، مېنى زېرىكتۈرگەن بۇ تۇرمۇشتىن مېنىڭ قۇتۇلۇشۇم مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئىشقا كەلسەم، ئىشخانا ئىچى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ، مېنىڭ ئۈستىلىملا ئۆز ئورنىدا، ئىشكىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بۇلۇڭدا تۇرۇپتۇ، باشقىلار ئۈستەللىرىنى ئىشخانىنىڭ تۆرىگە يۆتكەپ، بىر - بىرسى بىلەن كەپلىشىپ، قىستىلىشىپ ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ، مېنىڭ كىرىشىم بىلەن تەڭ ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ماڭا قارىغىنىچە قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن قورقۇنچ، گاڭگىراش، يەنە يىرگىنىش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. بۇ ئىشخانا ئىشخانا بولۇپ ئەزەلدىن بۇنداق غايەت زور ئۆزگىرىپ باققان ئەمەس ئىدى، ئۈستەل - ئورۇندۇقلارنىڭ بۇنداق بولۇپ كېتىشلىرىدىن قارىغاندا، بۇ يەردە يۈز بەرگىنى ئادەتتىكى ئىش ئەمەس ئىدى. بەلكىم ئاچچىقى يامان، ئىش تەۋرىتىشكە ئامراقراق بىرەرسى ئىشخانا باشلىقى بولۇپ كىرگەن بولسا، ئۆزىنىڭ ئىسلاهات روهىنى بىر نامايان قىلىپ باققۇسى كېلىپ قىلغان ئىشمىكىن بۇ. . . ئىشخانا ئىچى تىمتاس ئىدى، ئىشخانا ئەزەلدىن بۇنداق جىمجىت بولۇپ باققان ئەمەس ئىدى. گۆرىستان جىمىلىقىغا ئوخشايدىغان بۇنداق سۈكۈناتقا بەرداشلىق بەرمەك ھەقىقەتەن قىيىن ئىدى.

مەن بۇ ئىشخانىغا تۇنجى قېتىم كىرىۋاتقاندەك، بۇ ئادەملەرنىمۇ تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئەپىسىز، قۇلايسىز بىر هالدا كېلىپ جايىمغا ئولتۇردۇم. چوقۇم بىرەر ئىش يۈز بېرىپتۇ، يەنە كېلىپ بۇ ئىش چوقۇم مەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن، دېگەن خىيال مېنى تەمتىرىتىپ قويۇۋاتاتتى. مەن نېمىشقىدۇر ماڭا چەكچىيىپ قاراپ تۇرۇشقان خىزمەتداشلىرىمغا قاراشقا پېتىنالمايۋاتاتتىم، يۈرىكىمدە شۇ هالدا پەيدا بولغان سوغۇق تۇيغۇ يۈز بەرگەن ئىشنىڭ مەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، مېنى ئېگىز ياردىن ئۇلاقتۇرۇپ تاشلايدىغان قاباهەتلىك بىر ئىشتەك ئىچ - ئىچىمدىن قورقۇنچ ئۆرىدەشكە باشلىدى. شۇ ئارىدا ئىشخانىدا بىرەيلەننىڭ زۇۋانى ئېچىلدى.

- سىزنى ئىدارە باشلىقى مەن بىلەن كۆرۈشسۇن، دېگەن.

مەن تولىمۇ ئېغىرلاپ كەتكەن گەۋدەمنى تەستە سۆرەشتۇرۇپ ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم. كاللام قۇپقۇرۇق، ئېغىر بىر تۇيغۇدىن گاڭگىراپلا قالغانىدىم. مەن ئىدارە باشلىقىنىڭ ئەپتىگە قاراپ «بۇ ئادەم ئۆمرىدە بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئۆزىنىڭ ئوي - پىكرى، خىيالى، ئىرادىسى بويىچە ئىش بېجىرىپىمۇ باققان بولغىيمىدى» دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم.

ئىدارە باشلىقى مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

- يېقىندىن بۇيان ئەھۋالىڭىز قانداقراق، - دېدى ئۇ.

- ياخشى، ئوبدان كېتىۋاتىمەن.

ئىدارە باشلىقى ناهايىتى ئېغىر يۈك كۆتۈرۈۋالغاندەك تولىمۇ تەستە، چىڭقىلىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

- ئاڭلىسام سىزدە يېقىندىن بۇيان غەيرىي بىر ئەھۋال پەيدا بولۇپتۇ، دوختۇرلارمۇ ئامال قىلالماپتۇ، يەنە كېلىپ يۇقۇملۇقمىش. . .

مەن هاڭ - تاڭ قالدىم، مېنىڭ ئوڭ مۈرەمدىكى ئۇ جاراهەت كىيىملىرىمنىڭ ئىچىدە تۇرسا نەدە يۈرۈپ بۇ ئىدارە باشلىقى ئۇنى كۆرۈپ قالغاندۇ؟

- بۇنداق ئىش يوق، كىچىككىنە بىر جاراهەت پەيدا بولۇپ قالدى شۇ، تىلغا ئالغۇچىلىكىمۇ يوق.

- سىز ئەلۋەتتە شۇنداق دەيسىز، بىراق مەن سىزنىڭ گېپىڭىزگە شۇنداقلا ئىشىنىۋەرسەم بولمايدۇ - دە، قانداق دېدىم.

مەن ئۇنىڭ كىشىنى بىزار قىلىدىغان خىڭ - خىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ خۇددى بۇ ئىشخانىدا بىرمۇنچە

www.uyghurkitap.com



قارا قوڭغۇزلار ئۇچۇپ يۈرگەندەك ھېس قىلدىم.

- مەن مۇشۇ ئىدارىنىڭ مەسئۇلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بىخەتەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ بىر چارىنى ئويتۇرىغا قويماقچىمەن.

- قانداق چارە؟

- ھازىرچە بىلمەيمەن، بۇنداق ئېغىر مەسىلە ھازىرغا قەدەر كۆرۈلۈپ باقمىغان بولغاچقا مەنمۇ گاڭگىراپ قالدىم، يۇقىرىغا دوكلات سۇنۇپ، شۇلارنىڭ پىكرىنى ئالغاندىن كېيىن بىر نېمە دېيىشەيلى.

پۈتۈن ۋۇجۇدۇم مۇزلاپ كەتكەندەك بولدى.

- مەندە ھېچقانداق ئىش يوق، بۇنچىۋالا قىلىپ كېتىشنىڭ نېمە ھاجىتى.

- ھەرقانداق ئېغىر ۋەقە ئاددىي ئىشلارغا سەل قارىغانلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ، مەن بۇنى نۇرغۇن مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيمەن، سىز ھازىرچە چىقىپ تۇرۇڭ.

مەن ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىن يامان چۈش كۆرۈپ قارا بېسىپ قالغان ئادەمدەك بىر ھالدا قايتىپ چىقتىم، ئىشخانا ئالدىغا كەلسەم ئىچكىرىدىن خىزمەتداشلىرىمنىڭ تالاش - تارتىش قىلىۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى:

- ئۇنىڭ كېسىلىنى دوختۇرلار ئايرىيالمىغاندىكەن، دېمەك، ئاددىتىنكى كېسەل ئەمەس.

- ئەخمەتنىڭ دېيىشىچە يۇقۇملۇقمىش.

- بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئادەمنىڭ جېنىنى ئالىدۇ، دەيدۇ. بۇمۇ بىر چاغدا ئەنگلىيىدە تارقالغان كالا غالجىرلىق كېسىلىدەك بىر ئىش بولۇشى مۇمكىن.

- ئۇ كېسەل فرانسىيىدە تارقالدىغۇ؟

- ياق، ئەنگلىيىدە.

- ئەيدىز كېسىلى بىلەن ئوخشاش دەيدۇ.

- ئوخشاش دېگەن قانداق گەپ، نەق ئەيدىزنىڭ ئۆزى.

- ئۆزى جىمىدە يۈرگىنى بىلەن ھېلىقىدەك ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدىغان بىرنېمە دەيدۇ ئۇنى. نەق مەيداندا تۇتۇۋالغانلار بار ئىكەن.

- مۇھىمى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئىشخانىنى دېزىنفېكسىيە قىلدۇرۇش كېرەك.

- ئەخمەتنىڭ دېيىشىچە بۇنداقلارنى چەت ئەللەردە كونا بورىغا يۆگەپ ئوت قويۇۋېتەرمىش.

- كونا تامغا باستۇرۇۋېتەرمىش.

كۆز ئالدىمدا يۈز بەرگەن بەزى ئىشلارغا ئىشەنمەي ئامال يوق، نېمە ئىشلار بولۇپ كەتتى، بۇ گەپلەرنىڭ مەن بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، دېسەم پەقەت بولمايتتى. ھەر كۈنى راست ياكى ساختىلىقىنى ئۇققىلى بولمىسىمۇ ھەر ھالدا سالام - سەھەت قىلىشىپ، ھال - ئەھۋال سورىشىپ كېلىۋاتقان ئىشداشلىرىمنىڭ ماڭا ئۇشتۇمتۇت بۇنداق مۇئامىلە قىلىشى مېنىڭ روھىمنى ئۆلاقتۇرۇپ تاشلىدى، مەن كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا شۇنچە يىرگىنىشلىك، ھەتتا كونا بورىغا يۆگەپ ئوت قويىۋېتىدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىممۇ. مۇشۇ ئەخمەت دېگەننىڭ زۇۋانىغا چۈچۈلا تىقىدىغان بىر نېمە ئەسلى.

چىراغ يورۇقىدا ئولتۇرۇپ نەچچە سائەت خىيال سۈرۈپتىمەن، ئەمما نېمىلەرنى خىيال قىلغانلىقىم، نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىم زادىلا ئېسىمدە يوق، ئېھتىمال، ئۆزۈمنىڭ تولىمۇ قورقۇنچلۇق بىر ھالدا قالغانلىقىم، بۇ دۇنيادا ياشاشنىڭ تولىمۇ مۇشكۇل، ئازابلىق بىر جەريان ئىكەنلىكىنى ئويلىغان بولسام كېرەك. ئىلگىرى بىر كىملەر «ئادەملەر ئۆزگىرىۋاتىدۇ، جاھان ئۆزگىرىۋاتىدۇ» دېسە، بۇمۇ بىلىپ - بىلمەي شۇنداق دەيدىغانلارنىڭ بىرى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغانىكەنمەن. بەزى ئادەملەر بەزى گەپلەرنى خېلى ئويلاپ قىلىدىغان ئوخشايدۇ، جاھان ئۆزگەرسە ئۆزگىرىۋەرسۇن، مېنىڭ نېمە كارىم دېگىلى بولمىغۇدەك. جاھاندا يۈز بېرىۋاتقان نۇرغۇن ئىشلار سىز ھەم مەن بىلەن ئۆمۈچۈك تورىدەك مۇرەككەپ، ھاياتنىڭ كۆز بىلەن كۆرۈپ ئۆلگۈرگىلى بولمايدىغان يىپلىرى ئارقىلىق ئۇ يا بۇ سەۋەب بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالىدىكەن.

مەھەللىمىزدە تولىمۇ پاكىز قېرىغان، يېشى سەكسەنلەردىن ئېشىپ قالغان بولسىمۇ تېتىك، خۇشخۇي يۈرىدىغان بىر بوۋاي بولىدىغان. نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا گېلىم ئاغرىپ غىزا تۇگۇل سوغۇق سۇمۇ ئۆتمەي بەك جەبرى تارتىپ يۈرگەن كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە، ئانامنىڭ مەسلىھەتى بىلەن شۇ بوۋاينىڭ يېنىغا بارغانىدىم. ئانامنىڭ دېيىشىچە، بوۋاينىڭ كېسەل داۋالاشتا ئۇدۇمى بولۇپ، قولى يېنىك، دۇئاسى كۈچلۈك ئىكەن. بۇنداق گەپلەرگە تازا ئىشىنىپ كەتمىگەن بولساممۇ، لېكىن كېسەلنىڭ قىيناشلىرىغا

بەرداشلىق بېرەلمەي، نېمە بولسىمۇ بىر كۆرۈنۈپ باقاي دەپ بارغانىدىم. شۇ قېتىم بوۋاي مەندىن ئۇنى، بۇنى سوراپ بېقىپ ئىچىدە بىر نېمىلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، گىلىمنى سىلاپ ئاغزىمغا ھۈرۈپ قويدى، ھازىرقىدەك ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، بوۋاينىڭ قوللىرى تولىمۇ يۇمشاق، چوغدەك ئىسسىق ئىدى. مەن شۇ چاغدا يۈرىكى پاكىز، كۆڭلىدە كىر يوق، ئادەمدەك ياشاشنى بىلىدىغان كىشىلەر مۇشۇنداق بولسا كېرەك دېگەنلەرنى ئويلىغانىدىم. ئەتىسى ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۆزۈمنى تولىمۇ يەڭگىل ھېس قىلدىم، بۇ جاھاندا بەزى ئىشلارغا ھەقىقەتەن بىرنېمە دەپ بولغىلى بولمىغۇدەك.

بۈگۈنمۇ شۇ بوۋاينى ئىزدەپ باردىم، كۆڭلۈمدە روھىمنى قىسىپ تۇرغان تۈگۈنلەردىن قۇتۇلىدىغاندەك بىر سېزىم بار ئىدى. بوۋايغا پۈتۈن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردىم، تارتقان خورلۇق، كۆڭۈل ئاغرىقلىرىمنى تۆكۈپ بەردىم. بوۋاي كۆزۈمگە ئەڭ ئىشەنچلىك، ياخشى ئادەم بولۇپ كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى.

— بۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەس، — دېدى بوۋاي سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، جاراھىتىمنى سىلىق بېسىپ قويۇپ، — بۇ دۇنيادىكى نۇرغۇن چىگىش ئىشلارنىڭ سەۋەبى ئەسلىدە ناھايىتى ئاددىي بولىدۇ. يەنى ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىمۇ شۇنداق ئاددىي، سىز مۇشۇ نەرسىنى ئاپىرىپ جاراھىتىڭىزگە چېپىپ بېقىڭ، مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئىشتىن چۈشۈپ كېتىۋېتىپ ئەخمەتنى چاقىردىم، ئۇ ۋېلىسىپىتىنىڭ قۇلۇپىنى ئاچالماي ئاۋارە بولۇۋاتاتتى.

— نېمە بولدى، نېمە ئىشىڭ بار، — دېدى ئەخمەت بىرنېمىدىن قورققاندەك ئارقىسىغا داجىپ.

— ناھايىتى ئوبدان ئىش بولدى، شۇ تاپتا سىنىڭ چىشلىرىڭنى، ياق، تىلىڭنى ئامبۇر بىلەن قىسىپ تۇرۇپ يۇلۇۋەتسەم دەيمەن، توغرا، ئالدى بىلەن ئۆزۈمنىڭ تىلىنىمۇ شۇنداق قىلسام بولىدىغان ئوخشايدۇ، سەن نېمانداق بىرنېمە، گەپ تارقاتمىساڭ قورسىقىڭ تويامدۇ سىنىڭ زادى، ئىشەنچ قىلسام بىرگە مىڭنى قوشۇپ ئىدارىدە چىڭ قىلىپ يۈرۈپسىنا. دوست ئەمەس دۈشمەنكەنسەن سەن.

مەن ئاچچىقىمدا بوغۇلۇپ تىنالماي قالدىم.

— دېمىسىمۇ سىنىڭ ئۇ جاراھىتىڭ بەكلا قورقۇنچلۇقكەن، نېمىگە مۇنچە ۋارقىرايسەن، يا مەن يالغان گەپ قىلمىسام.

— مېنىڭ ئۇ جاراھىتىم ئاللىبۇرۇن ساقىيىپ كەتتى، ئەمما ساقىيىپ كەتكەنلىكىنى مەن بۇ خەققە قانداق چۈشەندۈرىمەن، قانداق ئىشەندۈرىمەن، ھەممىسى مەندىن ئەزرائىلدىن قاچقاندەك قېچىۋاتىدۇ، بەكمۇ ئوسال نېمىكەنسەن.

— بۇنى مەندىنلا كۆرسەڭ بولمايدۇ، خەقمۇ مەن دېگەن گەپلەرگە ئىشەنمىسە بولىدۇ، ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا كاللىسى، كۆزى، بۇرنى بولغاندىكىن. ئاغرىنىدىغان ئىشىڭ بولسا ئاشۇ بىراۋ نېمە دېسە شۇنىڭغا ھە دەپلا يۈرۈۋېرىدىغان خەقلەردىن ئاغرىنساڭ بولىدۇ، دېگەنلىرىمگە چوقۇم ئىشىنىسەن دەپ مەن بىر كىمنى مەجبۇرلىمىدىم.

— مۇشۇنداق دەپلا قۇتۇلماقچىكەنسەن - دە، ئاغزىڭغا تويپا تىقىدىغان بىرنېمىكەنسەن.

ئەخمەت ئۇيان - بۇيان ئالاڭلاپ قاراپ قويۇپ بىلىكىمنى تۇتتى.

— خاپا قىلىپ قويۇپتىمەن، يۈرە، سېنى مېھمان قىلاي، بىللە تاماق يەيلى.

— ئاچلىقتىن ئۆلسەممۇ سىنىڭ تامىقىڭنى يېمەيمەن.

— ۋاھ، ما گەپنى، قورسىقىڭ توق ئوخشىمامدۇ سىنىڭ.

— ياق، قورسىقىم ناھايىتى ئاچ.

— ئەمىسە بوپتۇ، مەندىن كەتتى.

ئەخمەت ئالدىراپلا يېنىمدىن كەتتى، مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدىم.

كۆڭلۈم تارتمىسىمۇ يەنىلا تاماق يېمەي بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، تار كوچىغا جايلاشقان بىر ئاشخانىغا كىردىم. ئاشخانا دېرىزىسىنىڭ تەكچىسىگە قويۇلغان ئۈنئالغۇدىن قۇلاقنى يارغۇدەك شاۋقۇن كۆتۈرۈلۈپ ناخشا ئاڭلىنىۋاتاتتى، مەن نېرىدىكى بىر بوش ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇردۇم. كۈتكۈچى قىز پەتنۇستا چاي كۆتۈرۈپ ئالدىمغا كەلدى، شۇنداق قارىسام ھېلىقى بىر چاغدا ئەخمەت بىلەن ھاراق ئىچكەن كاۋاپخانىدىكى قىز شۇكەن، ئۇنى كۆرۈپ شۇ چاغدىكى ئىشلار خىيالىمدىن كەچتى، شۇ كۈنى بۇ قىز ئەسكى كارىۋاتتا تولىمۇ سەت بىر ھالدا ياتقانىدى. ئەخمەت ھېلىقى چاغدا ئۇنى

www.uyghurkitap.com



خوجايىنىنىڭ ئاشنىسى دەۋاتقاندەك قىلغان، بۇ بەچچىغەر خەقنىڭ ئاشۇنداق سىرلىق ئىشلىرىنى قانداق بىلىۋالىدىغاندۇ؟

يەنە ئاغزىمدىن بالاغا قالدىم، ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ نېمە قىلار ئىدىم.

- ۋۇي، سىز بۇ يەردە يۈرىسىزغۇ، - دېدىم مەن ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلغاندەك بىر تەلەپپۇزدا، كۆڭلۈم تولىمۇ غەش ئىدى.

- سىز . . . ۋۇي ھېلىقى ئادەم سىزكەنسىزغۇ، - دېدى كۇتكۇچى قىز ئالاق - جالاق بولۇپ، ئۇنىڭ قولىدىكى پەتنۇس سېزىلەرلىك تىترەپ كەتتى.

- قايسى ئادەمكەنمەن، - دېدىم مەن ئۇنىڭغا ھەيران بولغان ھالدا تىكىلىپ قاراپ.

- ھېلىقى، ھېلىقى يۇقۇملۇق كېسىلى بار.

قىز قولىدىكى پەتنۇسنى ئۈستەلگە تاشلاپ قويۇپ يۈگۈرگىنىچە كېتىپ قالدى، مەن نېمە ئىش بولغىنىنى ئاڭقىرىپ بولغىچە ئالدىمغا تولىمۇ ئاۋاق، ئېگىز بويى بىرسى كەلدى.

- چىرايلىقچە ئاشخانىدىن چىقىپ كېتىڭ، - دېدى ئۇ ھەيۋە بىلەن، بۇ بىرنېمە ئۆزى ئاۋاق بولغىنى بىلەن ئاۋازى ناھايىتى بوم ئىدى. بوينىغا ئېسىۋالغان قىزىل گالستۇكى تومۇز ئىسسىقتا ھاسىراپ كەتكەن ئىتنىڭ تىلىدەك ساڭگىلاپ تۇراتتى.

- نېمىشقا چىقىپ كېتىمەن؟

- بۇ دېگەن ئاشخانا، ئادەم كۆپ كىرىدىغان يەر، كىشىگە يۇقىدىغان كېسىلى بارلار كىرسە بولمايدۇ، - دېدى ئۇ ئاۋازىنى ئالاھىدە سوزۇپ. ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن كىشىنىڭ جېنىغا تېگىدىغان مەسخىرە ھەم تەھدىت چىقىپ تۇراتتى.

- بۇ قايسى ئەبلەخنىڭ گېپى، مېنىڭ ئۇنداق كېسىلىم يوق، - دەپ ۋارقىرىدىم مەن ئۇنىڭغا.

ئىككىمىزنىڭ ۋارقىراش - جارقىراشلىرىدىن ئاشخانىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭ لەسسىدە بېسىقىپ كەتتى.

- سىزنىڭ كېسىلىڭ يوقلۇقىغا ھېچقانداق ئىسپات يوق، - دېدى خوجايىن ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ، - يوقالمامسەن؟

- مەندە كېسەل يوق، ئۇ دېگەن بىر جاراھەت، ئاللىبۇرۇن ساقىيىپ بولغان، - دېدىم مەنمۇ بوش كەلمەي.

- ئادەمگە ئىشىنىدىغان ساراڭلىقنى خەق قىلسا قىلار، مەن ھەرگىز قىلمايمەن، چىقىپ كەت دېگەندىكىن چىقىپ كەت.

ئاشخانىدىكى ھەممەيلەن چىرايلىرىنى غەلىتە پۈرۈشتۈرۈپ، ماڭا بىزارلىق بىلەن قاراپ تۇرۇشاتتى. خۇددى ئۆزلىرىنىڭ رىزقىغا چاڭ سالغان بىراۋدىن نەپرەتلەنگەندەك. مەن ئەلەم ۋە ھەسرەتتىن ئۆلۈغ - كىچىك تىنىپ ئاشخانىدىن يېنىپ چىقتىم.

ئەتىسى ئەتىگەن چىشى چۈشۈپ كېتىپ چۈش كۆرگەن ئادەمدەك پەرىشان بىر ھالدا ئىشقا كەلدىم. بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر چۈش بولۇپ قېلىشىنى، زېرىكەرلىك بولسىمۇ ئىلگىرىكىدەك نورمال ياشاشنى شۇنداق ئارزۇ قىلىپ كەتتىم. ئادەمنى غېرىبلىق باسقاندا يۈرەك دېگەن بۇ نەرسىنىڭ ھالى شۇنداق بەتتەرلىشىپ كېتىدىكەن.

ئىشخانىغا كىرسەم ھەممەيلەن مېنى كۆرۈپ خۇددى نەپىس بېزەلگەن كاتتا مېھمانخانىغا ياۋا چوشقا بۆسۈپ كىرگەندەك بىر ھالدا پاتىپاراق بولۇشۇپ ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشتى. مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتىم، دەۋرەپ كەلگەن كۈچلۈك غەزەپ - نەپرەتتىن ئۆزۈمنى ئاران تۇتۇپ تۇراتتىم، ئۇلارغا بىرنەرسە دېيىشىم، چۈشەنچە بېرىشىم كېرەكتۇ، ئەمما مەن نېمە دېيەلەيمەن، دېگەنلىرىمگە ئۇلار ئىشىنەمدۇ، ئۇلارنىڭ ئىشىنىش - ئىشەنمەسلىكى مەن ئۈچۈن شۇ ھالدا ناھايىتى مۇھىمدەك قىلاتتى.

- جاراھىتىم ساقايدى، ماڭا ئىشىنىڭلار، - دېدىم مەن ئۆتۈنۈش ئاھاڭىدا. ئۇلارنىڭ ھېچبىرىدىن زۇۋان چىقمىدى.

- مېنىڭ جاراھىتىم ساقايدى، ماڭا ئىشىنىڭلار، - مەن گېپىمنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدىم، خېلى ئۇزاقتا سوزۇلغان جىمجىتلىقتىن كېيىن بىرەيلەن كېكەچلەپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى.

- ساقايدى دېگەندىمۇ جاراھەت دېگەننىڭ ئورنىدا داغ قالىدۇ، داغ قالغانىكەن، ئۇنى تولۇق ساقايدى دېگىلى بولمايدۇ، بىزنىڭ ساڭا ئىشىنىشكە ئەمدى ئامالىمىز يوق.

- نېمىشقا، ئەمدى بۇنىڭ سىلەرگە ھېچقانداق زەرەرى يوققۇ؟

- شۇنداقتىمۇ سەن كۆپچىلىكنىڭ ئىشەنچىسىدىن قالدىڭ، ئەمدى مېڭ قىلغىنىڭ

بىلەن بىكار، بىز ساڭا ئۆمۈرۋايەت ئىشەنمەيمىز. ئادەم ھەرقانداق چاغدا، ھەرقانداق شارائىتتا زىغىردەك ئىشتىمۇ كەتكۈزۈپ قويماسلىقى كېرەك، بولمىسا تۈگەشكىنى شۇ.

- بۇ مېنىڭ سەۋەنلىكىم ئەمەس.

- ھەر نېمە دېسەڭمۇ بىكار، سېنىڭ كاساپىتىڭدىن ھەممەيلەن ئۆزىمىزنى تەكشۈرتۈپ بىرمۇنچە خاپىلىق تارتتۇق، جەمئىيەتتىكى يامان تەسىرىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلىمۇ بولمايدۇ.

تەمى قىرتاق بىرنەرسە ئىچىمدىن سوزۇلۇپ چىقىپ بوغۇزۇمغا كەپلەشتى، بۇرنۇم ئېچىشقاندەك بولدى، مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ئۇستەلگە قاتتىق مۇشتلىدىم، بۇ زەربىدىن ئۇستەل قىرىدا تۇرغان سىياھ قۇتىسى يەرگە چۈشۈپ چېقىلىپ كەتتى، قاپقارا سىياھ پولغا يېيىلدى.

- مەن سەنلەرگە ئېيتىپ قوياي، ھەممىڭ ئاڭلاش، مېنىڭ جاراھىتىم ئاللىبۇرۇن ساقايدى، مەن ساق ھەم پاك ئادەممەن، بىلىپ قويۇش، جاراھەتنىڭ ئەڭ يامىنى، ئەڭ سېسىق، ئەڭ يىرگىنىشلىكى سەنلەرنىڭ يۈرىكىڭلاردا، سىلەردەك بىرەر ئىشتا بىراۋنىڭ پالاكەتكە ئۇچرىغىنىنى، خاتا قىلغىنىنى كۆرسە خۇش بولۇپ كېتىدىغان، باشقىلارنىڭ مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەسلىكىنى ئارزۇ قىلىدىغان، ئىشلىرى ئوڭغا تارتقانلارنى كۆرسە يۈرىكى ئېچىشىپ كېتىدىغانلارنىڭ كېسىلىنى قانداق قىلغۇلۇق، كېسەل دېسە، جاراھەت دېسە مانا شۇنى دېسە بولىدۇ، ئىتلار، چوشقىلار.

مەن ئۇلارنى ئۆزۈم مۇشۇ كۈنگىچە ئاڭلىغان، بىلگەن، يادىمغا يەتكەن ئەڭ يامان تىللار بىلەن تىللاشقا باشلىدىم، ئەمما ئۇلار مېنىڭ ئۆزلىرىنى تىللاۋاتقىنىمنى ئاڭلىيالمايتتى، ئۇقالمايتتى.

چۈشتىن كېيىن ئىدارە باشلىقىنىڭ چاقىرتىشى بىلەن ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم. ئۇ مېنىڭ ئۇستۇېشىمغا تەپسىلىي نەزەر سېلىۋەتكەندىن كېيىن پەس ئاۋازدا سورىدى:

- سىزنىڭ ھېلىقى جاراھىتىڭىز...

مەن ئۇنىڭ گېپى تۈگەپ بولغۇچە ئالدىراپ جاۋاب بەردىم:

- ئاللىقاچان ساقايدى، خاتىرىڭىزنى جەم قىلىڭ.

- ياخشى بوپتۇ، بىراق...

- بىراق نېمە؟

- سىزنىڭ ھەقىقەتەن ساقايغانلىقىڭىز توغرىسىدا بىرەر ئىسپات بولسا ياخشى بولاتتى... سىزمۇ چۈشىنىسىز، بەزى ئىشلاردا مەنمۇ تەڭقىسلىقتا قالىدىكەنمەن.

- سىزگە دېسەم مېنىڭ ھازىرقى ھالىتىم ئەڭ ياخشى ئىسپات، ئەگەر بۇنىڭغىمۇ ئىشەنمىسىڭىز مەنمۇ سىزنى ماڭا ئىشەنسىكەن، دەپ يۈرمەيمەن، قالغىنى ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى.

ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىن ئىشىكنى قاتتىق يېپىپ چىقىپ كەتتىم، ئەتراپىمدىكى ئادەملەرنىڭ ھېچقايسىسى بىلەن ئەزەلدىن تونۇشمايدىغاندەك، بۇ دۇنياغا ئۆزۈم يالغۇزلا خاتا يارىلىپ قېلىپ خاتا ياشاۋاتقان ئادەمدەك بىچارە بىر ھالدا قالغاندىم.

باغچىنىڭ تۆرىدىكى ئەتراپىنى قويۇق دەرەخ قاپلاپ تۇرغان بىر ئورۇندۇقتا ئۆزۈم يالغۇز ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈشكە باشلىدىم، ئەمما يادىمدىن كەچكەنلىرى، ئېسىمگە كەلگەن ئىشلار ۋە ئويلىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىدىن ئۆزۈم بىزار بولۇپ كېتىۋاتاتتىم، قۇتراپ كەلگەن ھەسرەتلەر يۈرىكىمگە شوخىدەك سانجىلىپ تۇراتتى، ھەتتا ئۆز - ئۆزۈمدىنمۇ بىزار بولۇپ كېتىۋاتاتتىم. مەن مۇشۇ دۇنيادا ئەڭ قورقىدىغان ئىشنىڭ بىرى ئۆزۈمنىڭ ئۆزۈمنى مەسخىرە قىلىشى، ئۆزۈمنىڭ ئۆزۈمگە ئاجىز ھەم يارىماس بولۇپ كۆرۈنۈشۈم ئىدى، لېكىن بۇنىڭغا نېمە ئامال بار، ئۆز - ئۆزۈمگە يارامسىز ئادەم بولۇشۇم ئۈچۈن قانداق قىلىدىغانلىقىمنى تېخى بىلمىسەم...

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئۇكا، يالغۇز ئولتۇرۇپ تازا پەيزى قىلىۋېتىپسىز - ھە؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام يېشىنىڭ قانچىلەردە ئىكەنلىكىنى پەرق قىلغىلى بولمايدىغان بىر ئادەم قارا شلەپىسىنى چۆككۈرۈپ كىيىپ ئالدىمدا تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ قارا شلەپىسىنى كۆرۈپ شۇ ھامان ئېسىمگە ھېلىقى دەرۋازىۋەن كەلدى. ۋاھ، شۇ تاپتا قېشىمغا مۇنۇ ئادەم ئەمەس ئاشۇ قىز... دەرۋازىۋەننىڭ ئاشۇ تارتىنچاق قىزى بىر كەلگەن بولسا... بېشىم كۆككە يېتەرمىدىكىن دەيمەن...

- سىزمۇ مەندەك تەنھالىقتىن ھۇزۇر ئېلىشنى بىلىدىغان ئادەمكەنسىز - ھە، ئۇكام. كېلىڭ، ئىككىمىز بىردىن تارتىشايلى... موخۇركىغا ئامراقمەن دېدىڭىز - ھە... - ئۇ

شۇنداق دېگەچ تاماكا قەغىزى سۇندى.

- ئەجەب يالغۇز ئولتۇرۇپ قاپسىزغۇ، قارىغاندا بىرەر تومۇچۇقنى ساقلاۋاتقان ئوخشىمامسىز... ئوينىۋېلىڭ... ياش بولغاندىكىن... هازىر نەچچىسى بار دېدىڭىز؟

مەن ئۇنىڭدىن هەيرانلىق ئىچىدە ياندۇرۇپ سورىدىم:

- نېمىدىن نەچچىسى باركەن...

- ئەتە - ئاخشىمى كۆڭۈل خۇشى قىلىدىغان سەتەڭلەردىن دەيمىنا...

تازا قاملاشمىغان بىرنېمىكەنغۇ ماۋۇ... نېمىلەرنى دەپ يۈرىدۇ، تومۇچۇق، سەتەڭ دەپ كەتكىنىنى... راست، دەرۋازىۋەنىنىڭ قىزى شۇ هالدا نەلەردە يۈرىدىكىن... ئۇنى ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ بەختى ئۆتىدۇ - دە.

- تولا خىيالچان بالىكەنسىز - هە، ئۇكام، ئىككىمىزنىڭ مىجەزى ئوخشايدىكەن... مەنمۇ كۆپىنچە هاللاردا سىزدەك يالغۇز يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن... هە، راست سىز بايا نەدە ئىشلەيمەن دېدىڭىز... - ئۇ مەن ئولتۇرغان ئورۇندۇققا سىغدالدى.

مەن ئۇنىڭغا نەدە يۈرۈپ گەپ قىلغاندىمەن. تازا بىر كاللىسىنىڭ دەردى بار بىرنېمىمۇ نېمە بۇ...

- گېزىتخانىدا ئىشلەيمەن... - مەن تاماكامنى تۇتاشتۇرغاچ ئۇنىڭغا شۇنداق دېدىم.

- ۋۇ... ما ئىشنى... سىلەرنىڭ گېزىتخانىدا بىرەيلەننى مەرەز كېسىلى بولۇپ قاپتۇ دەپ ئاڭلىغانىغۇ... بۇ راست ئىشمۇ...

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈمگە ئاچچىق بىر تىترەك ياماشتى، تۇز يولدا خىرامان سەيلە قىلىپ كېتىۋېتىپ كۇتۇلمىگەندە ئەۋرەز كاتىكىگە چۈشۈپ كەتكەندەك، تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سوئالدىن ئاسقىپ كەتتىم، بىر تال يىڭنە لىكىلداپ تۇرغان يۈرەكنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا سانجىلدى. مەن چاندۇرماي ئۇنىڭغا قارىدىم، ئۇنىڭ ناخۇشلۇق، هارغىنلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى هوشيارلىشىپ قالغانىدى.

- بۇنداق ئىش يوققۇ... - دېدىم مەن ئۇنىڭغا ئوغرىدەك يەر ئاستىدىن قاراپ قويۇپ.

- مەندىن يوشۇرماڭ، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى يارا بېسىپ، بەندە ئەزايى قوتۇر بولۇپ كېتىپتۇ. تونۇغۇسىز بىر هالدا ئىمىش، ئۇ شۇنداق بەتتەر هالغا كەلگەنىمىشكى، قۇتقۇزۇپمۇ قۇتقۇزۇۋالغىلى بولمىغۇدەك، بۇنداقلارنى دەرهال كۆزدىن يوقاتماي، هاڭۋېقىپ يۈرگىنىمىزنىڭ ئۆزى بىر كۈلكىلىك ئىش، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ سىزچە قانداق؟


- سىزنىڭچە بىراۋغا كېسەل تېگىپ ئارقىدىن ساقايسا، ئۇنى ساق ئادەم دەپ قارىسا بولمامدۇ، - دېدىم مەن ئۇنىڭغا...

- هەرگىز... هەرگىز، - دېدى قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، - بىر قېتىم خەتەرلىك كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئادەم ساقىيىپ، هەتتا ئىلگىرىكىدىنمۇ ئۆتە ساغلام بولۇپ كەتكەن هالەتتىمۇ ئۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولمايدۇ، بۇ دۇنيادىكى هەرقانداق نەرسىنىڭ ئۆتمۈشى هەم كېلەچىكى بولىدۇ. ئۆتمۈشى قارا هەم داغ بولغانلارغا ئىشىنىش بىزنىڭ لۇغىتىمىزدە يوق بىر ئىش... مېنىڭچە هېلىقى ئەبگانى كۆزدىن يوقىتىش ناهايىتى مۇهىم...

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. كۆز ئالدىم قىزىللىققا پاتتى، بۇ ناتونۇش ئادەمنىڭ بېشىغا، ئۇنىڭ قېتىپ كەتكەن بېشىغا غەزەپ بىلەن بىر مۇشت سالدىم، ئەمما مۇشتۇم دەل جايىغا تەگمەي ئۇنىڭ قارا شلەپىسىنى ئۇچۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ يىرگىنىشلىك خىيال هەم شۇملۇقلار بىلەن تولغان بېشى يەنە ئامان قالدى، ئۇ بىرنەچچە قەدەم نېرىغا بېرىپ توختاپ قالدى. كۆزلىرى ئۆلۈكنىڭكىدەك نۇرسىز ئىدى، مۇشۇنداق ئادەملەر تولا بولغاچقا بۇ دۇنيانىڭ يوللىرى تار هەم ئەگرى - بۈگرى بولسا كېرەك...

- هۇ ساراڭ... تېخى شائىرمىش... ئەقلىنىڭ تايىنى يوق دەلتە... ساراڭ قېتىش لەقۋا... سېنىڭ ئۆسكىنىڭنى بىر كۆرەي... بىكاردىن - بىكار ئۇرۇۋاتقىنىنى... كېلەر ئايدا مۇزاكىرە يىغىنى ئېچىلىدۇ دېدىڭغۇ، هە... شۇ چاغدا كۆرىمىز... ئۇ شۇنداق دېگەچ پات - پات كەينىگە قارىغاچ كېتىپ قالدى. تۇرۇپلا ئۇنى ساراڭمىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم. ئۇ خۇددى بايىقىدەكلا مەن دېمىگەن گەپلەرنى ئاڭلىغاندەك سۆزلەۋاتاتتى... مەن مەيۈس هالدا يولغا چىقىپ يەنە ئۆيۈمگە ماڭدىم، ئەتراپتا مەن تونۇمايدىغان ئادەملەر قۇرتتەك ئۆملىشىپ يۈرەتتى...

# سۇدىكى بېشارەت



ئادىل تۇنىياز

بىز كارىۋاتتا
ياتاقتا مىسىرىدە كىرگىنى سۇ
بىزگە زەن سېلىپ قارىماقتا ئۇ.

جۈمەك ئۇچۇق قالغان دالان ئۆيدە
نىل دەرياسى تاشقىنلايدۇ شاد.

سۇ ئىلاھى چىقتى ئۈستىگە
بولدۇق قۇللار ئەقىلدىن ئازاد.

ھاياجانلىق ھەمدە ھۆل ھايات،
قويۇۋەتسەك يوشۇرۇن ئاڭنى
قىلار توپان دۇنيانى بەربات.

يېڭىلا خىزمەتكە چىققان چاغلىرىم ئىدى. ئىدارىدىكى تۆت بويتاق بىر ياتاقتا ياتاتتۇق. بىر كۈنى يۇرتتىن بىرسىمىزنىڭ مېھمىنى كەلدى. شۇ كۈنى كەچتە ياتاقتىكى لىڭشىپ قالغان بىردىنبىر شىرە ئۈستىگە گۈلە - قاقلار توشتى. بازاردىن توخۇ، بېلىقلار كەلتۈرۈلدى. دۇتار چېلىندى. ناخشىلار ئېيتىلدى، كۆڭۈللۈك پاراڭ ۋە ناخشا - سازلار بىلەن ھەممىمىزنىڭ كەيپى چاغ ئىدى. ئەنە شۇنداق پاكىز ھاياجان بىلەن مەستخۇشلۇق ئىچىدە ئولتۇرسام ئۇشتۇمتۇت كۆزۈمگە بىرنەرسە كۆرۈندى. بۇ نەرسە سۇ تۇرۇبىسى بار دالان ئۆيدىن بىز باراۋەت قىلىۋاتقان ياتاققا كىرىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ يېپىقلىق ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىدىن كىرىپ ئاغىنىلەرنىڭ پۇتلىرى ئاستىدىن ماڭا يېقىنلاپ قالغانىدى. بۇ چاقىرمىغان مېھماننى بىرىنچى بولۇپ مەن كۆردۈم. گويا مۆجىزە كۆرگەندەك ھەيرانلىقتىن تەپەككۇرۇم توختاپ قالدى، ھەتتا بىرنەچچە دەقىقىگىچە ئىسمى ئېسىمگە كەلمەي قالدى. شۇ ئارىدا ئۇنىڭ سۈزۈك تىلى سېمونتتىن غىلدىرلاپ كارىۋات ئاستىغا سوزۇلدى. . .

بىز ئالمان - تالمان ئېسىمىزگە كېلىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلدۇق. ئەسلىدە ئۆلپەتلەردىن بىرسى سۇخانىغا چىقىپ قولىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن جۈمەكنى ئەتمەي قايتىپ كىرگەنىكەن. شارقىراپ چۈشۈۋاتقان سۇ ئولاققا توشۇپ، ئولاقتىن يەرگە يالاپ چۈشۈپتۇ. ئاندىن تاشقىرىقى ئۆيدىن بىزنىڭ ھوجرىغا ئېقىپ كىرىشكە باشلاپتۇ.

بۇ ماڭا ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ يەكۈنىدەك، قەدىمدىن ھازىرغىچە ئۆز ئىچىگە ئالغان روھىي بېشارەتتەك تۇيۇلدى. سۇنىڭ شەرھىسى ھاياتلىقنىڭ شەرھىسى، ئېھتىمال «سۇدىكى بېشارەت» ناملىق بۇ قىسقا شېئىرىم شېئىر ئارقىلىق ئېچىلغان ھاياتلىقنىڭ بىر تىلسىمدۇر.

## 1. سۇنىڭ تۇيغۇدىكى مەنىسى

ئادەم يىلتىزى يوق تۇغۇلىدۇ، زېمىن يۈزىدە قاڭقىپ يۈرىدۇ، يىقىلىدۇ، ئاندىن يىقىلغان يەردە يوق بولۇپ كېتىدۇ.

كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق، بىر

كۆڭۈللەردە غەيىپنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز. بۇ ئادەملىك قىسمىتى. ئىنسان ئۆلىدۇ، ئىنسانىيەت ئۆلمەيدۇ، ئورتاق تۇيغۇ ئادەملەر ئارىسىدا ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىدۇ. بىز بۇ ئورتاق تۇيغۇنى دىنىي ئەھكاملاردىن، داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تۈرلۈك سىرلىق قاراش، ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - مۇراسىملاردىن ۋە بارچىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالغۇچى ھاياجانغا باي شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن ھېس قىلىپ تۇرىمىز.

تۇيغۇ - شېئىرنىڭ ئىچكى تىلى، شائىر ئۇنىڭغا قۇلاق سالغۇچى، ئۆزىگە مەنسۇپ بولمىغان، غايىبتىن كەلگەن تۇيغۇنى ئۆز تىلى ئارقىلىق خاتىرىلىگۈچى. نورمال كىشىلەر ئۈچۈن ئەقلىي ئۆلچەم تۇرمۇشنىڭ بىردىنبىر قېلىپى، يەنى كۆز بىلەن كۆرگەن، قۇلاق بىلەن ئاڭلىغان نەرسىلەرلا ھەقىقەت. كۆزسىز «كۆرگۈچى» نىڭ بارلىقىدىن ھەتتا بەزىدە «كۆزى» بارنىڭمۇ كۆرەلىشىدىن شۈبھىلىنىدۇ. شائىر ئۈچۈن بارلىق بىردۇر، ھەممىنىڭ جېنى بار، كۆزى بار، ئۆزىگە ئوخشاش بىلىپ، سېزىپ تۇرىدۇ.

بىز كارىۋاتتا
ياتاقتا مىسىرىدە كىرگىنى سۇ
بىزگە زەن سېلىپ قارىماقتا ئۇ.

ھازىرقى ئىنسانلار ئەقىللىق، بىراق ئىنسانلار ھازىر مەدەنىيەتنىڭ ئەما دەۋرىدە تۇرماقتا. تۇغانلارنى سېلىپ كەلكۈندىن مۇداپىئە قىلالىغىنى ئۈچۈن ئېرىق - ئۆستەڭ ۋە تۇرۇبىلارنى ياساپ قارىماققا سۇنى خالىغان يەرگە باشلىيالىغىنى ئۈچۈن ئىنسانلار مەدەنىيەتلىك. ئىنسانلار سۇنى جېنى يوق، ئىگىسى يوق دەپ ئويلاپ قالدى، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن ئەتراپى سۇ بىلەن قاپلانغان، ھەرقاچان چۆكۈپ كېتىدىغان ئالىقانچىلىك قۇرۇقلۇقتا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالاي دەپ قالدى. سۇ مۆجىزە، بىراق بىز مۆجىزىنى كۆرەلمەيۋاتىمىز. قەلبىمىز ئەما، بىزگە ھېچنەرسە مۇقەددەس بىلىنمىدى. بىز ئۆيلىرىمىزدە خالىغان چاغدا شارقىرىتىپ ئىشلىتىدىغان سۇنى، ھاياتىمىز پاكى ماماتىمىزنى بەلگىلىگۈچى بىر تىنىق ھاۋانى، شۇنداقلا يارىتىلغان ۋە يارىتىلغان ھېچنەرسىنى ئۇلۇغ بىلمىدۇق. بىراق ئالەمنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ئىچىدە ھەرۋاقىت كۆزىتىلگۈچىدەك تۇيغۇدا ياشايدىغان شائىر غەيىپنىڭلا ئەمەس، ھەر نەرسىنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ، ھەمدۇسانا ئېيتىدۇ، ھاياتقا تەنتەنە قىلىدۇ.

بۇ قەلبى ئويغاق شائىرلار ۋە ئېتىقادلىق ئادەتلىرى مەۋجۇت بولغان قەدىمىي مىللەتكە ئورتاق تۇيغۇ.

بىز دېڭىزدىن يىراق جايدا، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق بولغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چۆل ئىقلىمىدا ياشايمىز. تەكلىماكان بويلىرىدىكى بوستانلاردا، تۇرپان، جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى كارىز ۋە ئېرىق - ئۆستەڭلەردە شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇ بىز ئۈچۈن ھاياتلىق. چۈنكى ئۇ قاقاس تۇپراققا جان بېرىدۇ. ئۆلۈك زېمىننى كۆكەرتىدۇ. زامان بىلەن زامان ئوتتۇرىسىدا ھاياتلىقتەك مەڭگۈ ئېقىپ تۇرىدۇ. ئەجدادلار بىلەن ئەۋلادلار ئوتتۇرىسىدا ئۈزۈلۈپ قالماي ئۆلمەس تۇيغۇدەك داۋاملىشىدۇ.

ئېھتىمال، 5 - 6 ياش چاغلىرىم بولسا كېرەك، ئەمدىلا ئۆمىلەشكە باشلىغان ئىنىم بىلەن ھويلىدىكى باراڭ ئاستىدا ئويناۋاتاتتۇق. تال باراڭغا يېقىندىن سۇ باشلىغان بولۇپ، تال تۈۋىدىكى ئورەكلەر سۇغا تولغانىدى. ئۇكام ئۆمىلەپ ماڭغان پېتى سۇ توشقان چوڭقۇر ئورەككە چۈشۈپ كەتتى. مەن چوڭلارنى باشلاپ كەلگۈچە ئاللىقاچان ھوشىدىن كەتكەنىدى. ئۆينى يىغا - زارە قاپلىدى. قولۇم - قوشنىلار كىرىشكە باشلىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا يۈزلىرى قېرىلىقتىن قاتلىشىپ، چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەن بىر مومايمۇ بار ئىدى. ھەممەيلەن ئۇنى بۇۋىم دەپ ئاتايتتى. بۇۋىم نەپەستىن توختاپ جىمجىت ياتقان ئۇكامغا بىر قاراپلا ئانامنى ۋە بىز بەش ئوغۇلنى قېرى سۆگەتتىن چىۋىق كېسىپ كېلىپ ئورەكتىكى سۇنى ئۇرۇشقا بۇيرۇدى، ئۆزى بولسا قىزىتىلغان كېپەكنىڭ ئۈستىگە يۆگەكنى سېلىپ ئۇكامنى دۈم ياتقۇزۇپ بىرنېمىلەرنى قىلىشقا باشلىدى. بىز بۇۋىمنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ھەربىرىمىز بىردىن چىۋىق

كېسىپ كېلىپ، «ئۇكامنىڭ جېنىنى قايتۇرۇپ بەر، ئۇكامنىڭ جېنىنى قايتۇرۇپ بەر» دەپ سۇنى ساۋاشقا باشلىدۇق. بىرئازدىن كېيىن ئۇكام چوڭ ئادەمدەك خارتىلدە بىر تىنىپ ئاغزى - بۇرنىدىن بۇلدۇقلاپ سۇ يېنىشقا باشلىدى ۋە ئاستا - ئاستا ھوشىغا كەلدى. ئەسلىدە سۇ ئۇكامنىڭ جېنىنى ئېلىپ كەتكەنىكەن، ئانامنىڭ ۋە بەش ئوغۇلنىڭ قولىمىز ھارغىچە چۆۋىق بىلەن ساۋاشلىرىمىزغا بەرداشلىق بېرەلمەي، جېنىنى قايتۇرۇپ بېرىپتىمىش.

تېخى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە خەلقىمىز ئارىسىدا ئېرىق - ئۆستەڭ يار ئېلىپ كەتكەن ياكى تۇغانىنى سۇ تېشىپ كېتىپ ئەتكىلى بولمىغان چاغدا «توختى» ئاتلىق كىشىنى تۇغ بېشىغا بېسىپ سۇ توختىتىدىغانلىقى مەلۇم. ئېنىقكى، بۇ يەردە سۇمۇ ئادەمنىڭ تىلىنى بىلىدۇ دەپ قارالغان، بۇ خىل خۇراپىي قاراش بويىچە سۇ «توختى» ئاتلىق ئادەم ئىسمىنىڭ مەنىسى «توختاش» ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇنىڭ ئۆزىگە تاشلانغانلىقىنى كۆرۈپ توختايدۇ...

دېمەك، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئورتاق تۇيغۇسىدا سۇنىڭ جېنى بار، ھېس - تۇيغۇسى بار، قۇلىقى ۋە كۆزى بار. ئۇنىڭ شىلدىرلاپ ئېقىشى ئالەم بىلەن رىتىمداش، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشلىرى ئىنسانىيەت تەقدىرى بىلەن بىر تۇتاش، ئىچى يورۇغان ئىنسان بۇنى تۇيىدۇ، ئىچى يورۇغان شائىرنىڭ شېئىرىدا سۇنىڭ رىتىمىغا ئايلانغان ھاياتلىق رىتىمى بار. ھاياتلىق رىتىمى - ئىنسان تۇيغۇسىدا.

يامغۇر ياغقان كۈنلىرى دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدىكى ئىنسانلارنىڭ تۇيغۇسىدا ئۆزگىرىش بولىدۇ، كۆپىنچە ئادەم ئۆزىدە نامەلۇم بىر ئۈمىدسىزلىكنى ھېس قىلىدۇ، غېرىبلىقتا ياكى ئەسلىمىگە چۆكىدۇ، بۇ يامغۇرنىڭ ئىنسانىيەت ئۆتمۈشىنى - سۇ بىلەن يۇز بەرگەن زور ھالاكەتنى تۇيغۇدا ئەسلەتكەنلىكى، سۇنى بويسۇندۇردۇق دەپ ئويلىغان ئىنساننىڭ يەر شارىنى لەيلىتىپ تۇرغان سۇ ئالدىدا، ئۇشتۇمتۇت بېسىپ كېلىدىغان كەلكۈنلەر ئالدىدا ئاجىز ئىكەنلىكىنىڭ يوشۇرۇن ۋەھىمىسى. چۈنكى تۇيغۇ رېئاللىقتىن ھالقىغان نەرسە، ئورتاق تۇيغۇ ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى ئىنسانلارنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا داۋاملىشىپ كەلگەن ئۈزۈلمەس ئېقىن. بىز زامان ۋە ماكاندىن ھالقىغان ئىنسانىيەتنىڭ مەڭگۈلۈك ئېقىنىدا بارلىق كىشىلەرگە ئورتاق مۇنداق بىر زور تۇيغۇنى ھەر ۋاقىت ھېس قىلىمىز: يەر يۈزىدىكى ئادەم باللىرىنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىغا ھامان جىنسىي ھالاكەت سىزىقى سىزىلغان، ئۇنىڭدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتكۈچى مەيلى مۇسۇلمان، خرىستىئان، بۇددا، بىدئەت ياكى دىنسىز بولسۇن ئۆزىنىڭ توغرا قىلمىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، يوشۇرۇن ئېڭىدا چوڭقۇر گۇناھكارلىق تۇيغۇسىغا پاتقان بولىدۇ. بىز تۇيغۇنىڭ بۇ سىرلىق چوڭقۇرلىرىدا سۇنىڭ ماھىيەتلىك مەنىسىگە چۆكىمىز. جىنسىي باشباشتاقلىقتىن كېلىپ چىقىدىغان توپان بالاسىنى ھېس قىلىمىز.

## 2. سۇنىڭ ئەسلى مەنىسى

پايانسىز ئالەمدە سۇ يوق، سۇ پەقەت كىچىككىنە يەر شارىدا.

بىز ئۈچۈن پايانسىز تۇيۇلىدىغان يەر شارى سۇ. قۇرۇقلۇق ئۇنىڭ كىچىككىنە قىسمىدا.

سۇ زېمىننى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، سۇ بار چاغدا زېمىن تېخى يوق ئىدى.

زېمىن ئادەمنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، زېمىن بار چاغدا ئادەم تېخى يوق ئىدى.

سۇ ئۈستىدىكى زېمىنغا سېلىنغان تۇنجى مۇقەددەس ئۆيدە ئادەم ئاشۇ مۆجىزىلەرنىڭ ئىگىسىگە سىغىنىپ دۇئا - تىلاۋەت قىلغان.

زېمىننىڭ ئاستىن قەۋىتى - سۇ، ھاياتلىقنىڭ ئاستىن قەۋىتى جىنسىيەت. زېمىننىڭ ئۈستۈن قەۋىتى - مۇقەددەس ئۆي.

مۇقەددەس ئۆي بۇزۇلغاندا ئىنسان قۇپقۇرۇق زېمىن ئۈستىدە پاناھسىز قالىدۇ.

دۇنيا سۇ بىلەن باشلانغان، سۇ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. سۇ - بۇلغانغان تەننى پاكلايدۇ. غۇسىل تاھارەت ۋە يۇيۇنۇش مۇراسىملىرى ئارقىلىق سۇ پاك بولغان كۆڭنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ساقلايدۇ.

جۇمەك ئوچۇق قالغان دالان ئۆيدە
نىل دەرياسى تاشقىنلايدۇ شاد.

نىل دەرياسىنىڭ تاشقىن سۇيىدىن سۇ جۇمىكىگىچە بولغان جەريان ھازىرقى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى. دەريا - دېڭىز بويلىرىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەتلىك ئەللەر، شەھەرلەر، ئىبادەتخانىلار سۇ بىلەن بولغان.

ئىلاھىي مۇناسىۋەت، مۇراسىم تۇسىنى ئالغان جىنسىي پائالىيەت، كەلكۈن، باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش... مانا بۇلار قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ سۇغا يېزىلغان تارىخى.

سۇ ئىلاھى چىقتى ئۇستىگە
بولدۇق قۇللار ئەقىلدىن ئازاد.

سۇ - ھاياتلىقنىڭ بېسىلىپ تۇرغان قەۋىتى. سۇ - ئىنساننىڭ جىنسىيەت قاتلىمى. كىچىك بالا سۇ ئويناشقا ئامراق، چۈنكى ئۇنى قىزىقتۇرۇۋاتقىنى، يېتەكلەۋاتقىنى ئاڭسىزلىق، ئۇنى ئۆلۈمدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى يوقىرى ئاڭ ئۇنىڭ ئۆزىدە يوق. چۈنكى ئۇنىڭ ھاياتلىق تەجرىبىسى كەمچىل.

سۇنى ئىنسان باشقۇرۇۋاتىدۇ، ئىنسان ھەممىگە قادىر دەپ قارالغان ۋاقىتتا ئىنسان ئۆزىدىن باشقا ھېچنېمە يوق بوشلۇقتىكى باشپاناھسىز سەرسانغا ئايلىنىدۇ. ھەممىدە ئۆزىگە تايىنىدۇ، ۋەھىيگە، ئەنئەنىگە، ئورتاق تۇيغۇغا ئەمەس ئەقىلگىلا ئەگىشىدۇ. ئەقىلنىڭ قۇلىغا ئايلىنىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئەقىلنىڭ قۇللۇقىدىن قۇتۇلۇش ئېڭى تۇپلىنىپ ئۇشتۇمتۇت پارتلاپ چىقىش بىلەن ئەقىلنىڭ قارشى قۇتۇپىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۈزلۈكسىز بېسىم بىلەن جۇمەككە قاپسىلىپ تۇرغان سۇ بىر يولىلا قويۇۋېتىلىپ نىل دەرياسىنىڭ تاشقىنىغا ئايلىنىدۇ، ھاياتلىق تۇپانغا ئايلىنىدۇ. دېمەك، بارلىق ئەقلىي تىرىشچانلىق ئىنساننى چەكلەش، چەكلەشنىڭ ئاقىۋىتى قويۇۋېتىش، قويۇۋېتىشنىڭ ئاقىۋىتى ھالاكەت...

### 3. سۇنىڭ مەدەنىيەت مەنىسى

قەدىمكى مەدەنىيەتلەر سۇ بويلىرىدا يارىتىلغان. ئىنسانىيەتنىڭ سۇ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىدۇر. ئىنسانىيەت تەرەققىياتىدا سۇ - مەدەنىيەتنى كۆرسەتكۈچى تېرمومېتىر. بۇ تېرمومېتىردا بىز ئىنسانىيەتنىڭ سۇ بىلەن بولغان ئىلاھىي، ياۋايى، رېئاللىق مۇناسىۋەتلىرىنى كۆرىمىز.

ئىلاھىي مۇناسىۋەت مەدەنىيەتنىڭ ئىلاھىي خاراكتېرىنى، يەنى دىنىي مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ مەدەنىيەتتە بارلىق ياراتقۇچى ياكى ياراتقۇچىنىڭ مۆجىزىسى دەپ ئۇلۇغلىنىدۇ. بارلىق ئىلاھىي قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. بارچە نەرسىگە ئوخشاش سۇنىڭمۇ ئىلاھىي بار دەپ ياكى سۇ ئىلاھەتەك مۇئامىلە قىلىنىدۇ. سۇنىڭ ئىلاھىي قىممىتىنى ئۇلۇغلىماسلىق ياكى سۇغا بىھۆرمەتلىك قىلىش گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. بۇ چوڭقۇر قاتلاملىق يۇكسەك ئۆلچەملىك مەدەنىيەتتۇر. ئىنسان بىلەن كائىنات ۋە ھەر بىر شەيئى ئىلاھىي بىرلىك ئىچىدە تۇرىدىغان روھىي مەدەنىيەتتۇر.

ئىنسانلار سۇ بىلەن ئالاقە قىلىش جەريانىدا بارا - بارا سۇدىكى ئىلاھىيلىقتىن ياۋايىلىققا ئۆتتى. سۇدىن ئۆزلىرىنىڭكىگە ئوخشاپ قالىدىغان ياۋايى كۈچنى بايقىدى. ئۇنى ئاستا - ئاستا بويسۇندۇرغىلى، ئۆزگەرتكىلى ھەتتا قول قىلغىلى بولىدۇ دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىنسان ئالەمنىڭ ئىرادىسىدىن ئۆزىنىڭ ئەقلىنى ئۈستۈن بىلدى. دۇنيانىڭ ئەسلى ھالىتىگە، تەبىئەتنىڭ سىرلىق تەرتىپىگە، «ياۋايىلارچە» ئۆزگەرتىش كىرگۈزمەكچى بولدى. دۇنيانىڭ ئىلاھىي قۇرۇلمىسى ئالدىدا ئەقىل - ئىنسانىي ياۋايىلىق. بىز بۇ ياۋايىلىقنىڭ نەتىجىسىنى - يەر شارىنى نەچچە قېتىم ھالاك قىلىشقا يېتىدىغان ئاتوم بومبىلىرىنى كۆرۈۋاتىمىز.

بىز بۇ ياۋايىلىقنىڭ نەتىجىسىنى - ئادەم ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ روھىي ۋە ئەزالىرى ئۆزگەرتىلىۋاتقانلىقىنى، ھەتتا كىلون ئادەملىرىنى كۆرۈۋاتىمىز...

ھازىرقى دۇنيادا روھىي مەدەنىيەت بىلەن بۇ خىل «ياۋايى مەدەنىيەت» ئىنسانىيەتنىڭ ھايات - ماماتىنى بەلگىلەش ئالدىدا تۇرماقتا. كىشىلەر

تۇرمۇشتا بارغانسېرى ياۋايى مەدەنىيەتكە ئەگىشىپ ماڭماقتا. غايىب تۈيغۇدىن ئايرىلىپ رېئاللىشىپ كەتمەكتە. كائىنات بىرلىكىدىن ئايرىلىپ تەنھالىقتا يۈزلەنمەكتە. مۇقەددەس قىممەتتىن ئايرىلىپ قەدىرسىزلىكنى ھېس قىلماقتا. ئۇخشىمىغان دىنلاردىكى مۇقەددەس سۇ تۇرمۇشتا ئىقتىسادىي قىممەتتىن باشقا قىممىتى بولمىغان رېئال سۇغا ئايلىنىپ قالدى...

ئۇنىڭ بىلەن بار بولدۇق، ئۇنىڭ بىلەن ياشىدۇق، ئۇنى بىلمىدۇق.

ئۇ كۆرۈندى، ئۇ ھەرىكەت قىلدى، ئۇنىڭ قەدرىنى قىلمىدۇق.

ئۇ كەلدى، ئۇ يوق قىلدى، ئۇ غايىب بولدى.

سۇ ـ مەن ئۇنىڭدىن ئاجايىپ مەنىلەرنى بىلدىم.

سۇ ـ مەن سۇ ئارقىلىق بارچىغا ئىچكىرىلەپ كىردىم.

## 4. سۇنىڭ زامان مەنىسى


ھاياجانلىق ھەمدە ھۆل ھايات
قويۇۋەتسەك يوشۇرۇن ئاڭنى
قىلار توپان دۇنيانى بەربات.

قاغجىرىغان تۇپراقتا كۆكتىن تامغان سۇ بىلەن جان كىردى. ھۆل بىلەن قۇرۇقنىڭ ھاياجانلىق بىرلىشىشلىرىدە دۇنياغا كەلدۇق. سۇ ـ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ھاياتلىق. روھنىڭ رىتىمى بىلەن تىل ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىقنى ئىزدەۋاتقان شائىرلار قەدىمدىن بېرى سۇنى ۋاقىتقا، ئىنسان ئۆمرىگە ئوخشىتىپ كەلدى. ئەمەلىيەتتىمۇ سۇنىڭ ئوخشىمىغان ھالەتلىرى ئوخشىمىغان «پەسىللەردىن» ۋاقىتنىڭ ئۆتۈۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. سۇ بىلەن زامان سىرلىق باغلانغان.

مۇز ـ ئۆتكەن زامان، سۇ ـ ھازىرقى زامان، ھور، يەنى يۇقىرى ھارارەت كەلگۈسى زامان. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ـ سۇنىڭ ھەرىكەت ھالىتىدۇر. يەنى قەدىمكى زاماندا ھەممە نەرسە ـ قاتتىق، دىنىي ئەھكام، ئەخلاق، پەرمانلاردىن تارتىپ تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئۇششاق ئادەت ـ يوسۇنلارغىچە بۇزغىلى بولمايدىغان قاتتىقلىق، يەنى مۇزنىڭ ھالىتى مەۋجۇت. بارلىق قاتتىق نەرسىلەر ئېرىۋاتقان، يۇمشاۋاتقان، ئەر ـ ئاياللار ئارىسىدىكى چېگرالار قوشۇلۇپ، ئادەملەر ئۆزىنى تۇتالماي سۇغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقان دەۋر ـ ھازىرقى زاماندۇر. كەلگۈسى زامان ـ شىددەتلىك ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇپ، يۇقىرى ئېنېرگىيىدىن بارلىق يوقلۇققا ئايلىنىدىغان ھۆرسىمان دەۋردۇر.

يەر شارىنىڭ ئۆتمۈش خاتىرىسى، قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ سىرى ـ ئىككى قۇتۇپتىكى مۇز ئاستىدا. يەر شارىدىكى مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى، زامان مەخپىيىتى ـ ئىككى قۇتۇپ مۇزلۇقىنىڭ ئېرىپ ئېچىلىشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. جىنسىي مەخپىيەتنىڭ يوق بولۇشى ـ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى.

نۇرغۇن شەھەرلەر يوق بولدى، نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ۋاقتى توشۇپ مەدەنىيىتى كۆمۈلدى. بىزگە تارىخنىڭ ئىزلىرى قالغان مۆجىزىلىرى جەم بولغان. تەكلىماكان قۇملۇقى ۋە تۇرپان ئويمانلىقلىرى نەچچە مىليون يىللار ئىلگىرى سۇ، يەنى دېڭىز ئىكەنلىكى مەلۇم. بۇ ئۆتكەن زامان. قەدىمكى زامان مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ بىرى بولغان، ھېلى ھەم ئوتلۇق باغرىدا ئىنسانلار ھاياتى داۋاملىشىۋاتقان تۇرپان ـ يەر شارىنىڭ تەكتى سۇ يۈزىدىن، يەنى دېڭىز يۈزىدىن نەچچە يۈز مېتىر چوڭقۇرلۇقتا. بۇ ھازىرقى زامان، ئۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، ئىنسانىيەت ھاياتى مۆجىزە، دېڭىز ئاستىدا تۇرۇپ ھۆل بولمىغان، قەدىمكى ھاياتلىق تەجرىبىلىرى ۋە يوقلۇق ئېڭى ئارقىلىق ھالاك بولۇشتىن ساقلانغان مىللەتلەر ھەقىقىي مەدەنىيەتلىك مىللەتلەردۇر. كەلگۈسى ئىنسانلار روھى چاقىرىقلارنى ئۇنتۇپ ئۆزىنى چەكلىمىسىز قويۇۋەتكەن كۈنى دۇنيانىڭ ھالاكەت كۈنىدۇر!



# رۇسلارنىڭ نەزەرىدىكى ئۈرۈمچى چېگرا سودىسى

ئالېكسى ئافتوكراتوف (روسىيە)

### «ستالىن»

شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ «TY ـ 154» تىپلىق ئايروپىلانى ئۈرۈمچى ئايرودرومىغا ئاستاغىنە قوندى. سودىگەرلەر ئادەتتىكىدەك چاۋاك چېلىپ ئۆزلىرىنى تۇتالماستىن «ئۇررا» دېيىشتى. ئۇلار ئۈرۈمچىگە ئوڭۇشلۇق يېتىپ كەلگەنلىكىدىن چەكسىز شادلانغانلىقلىرىنى شۇ يوسۇندا ئىپادىلىشەتتى. چۈنكى ئۈرۈمچى كۆپلىگەن كىشىلەرنى باي قىلغان، كۆپلىگەن كىشىلەرگە ئامەت كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى بەختلىك قىلغانىدى. شۇنىڭدەك كۆپلىگەن كىشىلەرنى بار - يوقىدىن ئايرىپ ئىسسىق ئۆيلىرىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلغانىدى.

ئۈرۈمچى – روسىيە سودىگەرلىرى بايىغان جاي. ھەي ئۈرۈمچى، ھەر بىر سودىگەر ئايروپىلان پەلەمپىيىدە تۇرۇپ ساڭا نەزەر سالغىنىدا، ئۆز - ئۆزىگە: «قېنى كۆرۈپ باقايلى، بۇ قېتىم كىم ئۇتاركىن، مەنمۇ يا سەن؟» دەپ قويىدۇ.

بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارمۇ ئۆز يولىدا داۋاملىشىدۇ، بۇ يەردە ئېھتىياتچان جۇڭگو تاموژنا خادىملىرى ئاددىي كىيىنگەن كىشىلەردىن، ھەر ئېھتىمالغا قارشى «ساياھەتچىمۇ سىز؟» دەپ سوراپ قويىدۇ. «ھەئە، ساياھەتچىمەن» دېگەن جاۋابنى ئالغاندىن كېيىن ئارتۇق گەپ قىلمايدۇ. ئۇلارنى «ساياھەتچىلەر» ئەمەس، كۆپىنچە «خىزمەتچى خادىملار» قىزىقتۇرىدۇ. بۇنداقلارغا جۇڭگودا ئېتىبار بېرىشىدۇ، ئۇلار ھەممە يەردە نۆۋەتسىز ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ. باجخانىدىمۇ ئۇلارنىڭ ھېچنەرسىسىگە چېقىلمايدۇ.

«ساياھەتچى» بولسا كۆپلىگەن چىغىرىقلاردىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، پاسپورت ياخشىلاپ تەكشۈرۈلىدۇ، بۇ يەردە ساياھەتچىلەر، ئېنىقراقى سودىگەرلەر (ئۈرۈمچىدە ھەقىقىي ساياھەتچىلەر يوق دېيەرلىك) تەكشۈرۈشتىن ئۈمەك - ئۈمەك بولۇپ كەلگەن بولسا ئاسان ئۆتۈپ كېتىدۇ، بولمىسا قىيىن. گەپ شۇنىڭدىكى، جۇڭگوغا بېرىش ئۈچۈن كېرەك بولغان ۋىزا ئىككى خىل: بىرى، ئۈمەك ھالدا (ساياھەتچىلىك شىركەتلىرى تەرىپىدىن)؛ يەنە بىرى، يالغۇز تەرتىپتە (خۇسۇسىي) رەسمىيلەشتۈرۈلىدۇ. ئادەتتە ۋىزىنى ئۈمەك شەكلىدە رەسمىيلەشتۈرۈش يەككە ھالدىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئون ھەسسە ئەرزان توختايدۇ. شۇ سەۋەبلىك سودىگەرلەر جۇڭگوغا ئۈمەك بولۇپ بېرىشنى ياخشى كۆرۈشىدۇ. بولۇپمۇ تاموژنىدىن ئۈمەك بولۇپ ئۆتۈشىدۇ.

«ستالىن»مۇ باشقىلار قاتارىدا تاموژنا خادىمىغا ئۆز پاسپورتىنى سۇندى، رويخەتتىن ئۆز فامىلىسىنى تېپىپ، تىرنىقى بىلەن سىزىپ كۆرسەتتى. تاموژنا خادىمى ئۇنىڭغا قاراپ باش ئىرغىتتى - دە، ئاۋۋال «ستالىن»نىڭ چىرايىغا، ئاندىن پاسپورتىدىكى فوتو سۈرىتىگە تىكىلدى. ئۇلاردىكى ئوخشاشلىقتا شۈبھى قالمىغاندىن كېيىن، پاسپورتقا تامغا بېسىپ ساياھەتچىنى ئۆتكۈزۈۋەتتى.

«ساياھەتچىلەر» تاموژنىدىن ئۆتۈپ، باجخانا

تەكشۈرۈشكە بارىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆرىدىغان زىيانلىرىنىڭ بىرىنچىسىمۇ شۇ يەردە باشلىنىدۇ. شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، جۇڭگو باجخانىسىدىكى چىقىم قازاقىستان ياكى روسىيە باجخانىسىدىكى چىقىملارغا قارىغاندا ھېچ گەپ ئەمەس. بۇ يەردە ئۇششاق - چۈششەك ئىشلاردا تالىشىدۇ. ئېيتايلۇق، ساياھەتچىلەر يېمەكلىكلەر، سۇرلەنگەن كولباسا، مۇزلاتقان گۆش، بېلىق كونسېرۋاسى ئېلىپ كەلگەن بولسا، تەكشۈرگۈچى: «كولباسانى ئۆتكۈزۈشكە بولمايدۇ» دەيدۇ ۋە ئۇنى ئېلىپ قالىدۇ، باشقا نەرسىلەرگە چېقىلمايدۇ. مۇزلاتقان گۆشنى، بېلىق كونسېرۋاسىنى ئېلىپ قالىدۇ.

بۇ ئىشلارنى قايغۇلۇق دېگەندىن كۆرە، كۈلكىلىك دېگەن تۈزۈك. لېكىن بۇ يەردە ھېچكىم تالىشىپ ئولتۇرمايدۇ. كۆپنى كۆرگەن تەجرىبىلىك سودىگەرلەر يېمەكلىك ئېلىپ يۈرۈشمەيدۇ. خۇداغا شۈكرى، ئۇلار ئاچارچىلىق بولۇۋاتقان ئۆلكىگە بېرىشىۋاتقىنى يوق، ئۇ يەردە ھەرقانداق دۇكاندا خالىغان نەرسە تېپىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە باجخانىدا كىشى بېشىغا بىر لىتىر هاراق ۋە ئون قاپ سىگارت ئېلىپ ئۆتۈشكە قانۇنىي ئاساستا رۇخسەت قىلىنىدۇ. جۇڭگو باجخانىسىدا ھېچقاچان سىنىڭ يانچۇقۇڭغا كۆز تىكىشمەيدۇ، ئىغۋاگەرچىلىك قىلىشمايدۇ، پۇلۇڭغا كۆز ئالايتىشمايدۇ.

رەسمىي ئورگانلارنىڭ تەكشۈرۈشىدىن قۇتۇلغان سودىگەرلەر شىنجاڭنىڭ پارقىراپ تۇرغان قۇياشى ۋە كۆپكۆك ئاسمىنى ئاستىدىكى ئايرودروم بېكىتىگە يول ئېلىشىدۇ. رەسمىي قائىدە - تەرتىپلەر تۈگىگەنلىكتىن ئەمدى ھەر كىم ئۆزى بىلگىنىنى قىلىدۇ.

ئۆمەك باشلىقى تاكسىغا ئولتۇرۇپ، مېھمانخانىغا يول ئالىدۇ، ئۇ يەنە ئامبار - ئىسكىلاتلار بىلەن سۆزلىشىپ قويۇشى كېرەك. ئۆمەك ئەزالىرى بولسا ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ مېڭىشىنى كۈتىدۇ. ئەمما ئاپتوبۇس سىنىڭ قانچىلىك تىت - تىت بولۇشۇڭدىن قەتئىينەزەر، قوزغىلاي دېمەيدۇ. كۈتۈۋالغۇچى ساياھەتچىلىك شىركىتى ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئۆمەكلەر بىلەن كېلىشىپ، بىر ئۆمەكنىڭ ئورنىغا ئۈچنى ئېلىپ كەتمەكچى بولۇشىدۇ.

ئاپتوبۇسنى ئالالىغان ئۇيغۇر بالىلىرى ئورنۇۋېلىشىدۇ. كىچىك يانچۇقچىلار، «تەرجىمانلار» ۋارقىرىشىدۇ، نېمىلەرنىدۇر دەپ چۇرقىرىشىدۇ. ئۇلار كونا سودىگەرلەرنى تونۇۋېلىشىپ، ئاپتوبۇس ئەينىكىنى چېكىپ، سالاملىشىدۇ. ئۇلار «ستالىن»نى تونۇپ قېلىپ ۋارقىراشتى:

– ستالىن، سالام ستالىن!

– ستالىن، مەن ساڭا ياردەم قىلايمۇ؟

ئۇلار ئەنە شۇنداق ساڭا چاپلىشىۋېلىپ، ئەتىدىن - كەچكىچە يېنىڭدىن ئايرىلماي، سوداڭغا كاشىلا قىلىدۇ.

«ستالىن» دېگىنى مەن بولىمەن. ئۇيغۇرلارنىڭ گېپىگە قارىغاندا ساقال قويۇپ، كۆزەينەك تاقاپ يۈرگەنلىكىم ئۈچۈن ستالىنغا بەكمۇ ئوخشارمىشمەن، ھالبۇكى، «ھەقىقىي ستالىن بولسا ساقال قويمىغان، كۆزەينەك تاقىمىغان» دەپ شۇنچە چۈشەندۈرسەممۇ، ئۇنىڭ ھېچبىر پايدىسى بولمىدى. ستالىن بولسا بولمامدۇ، كۆرىدىغان پايدامغا تەسىر يەتكۈزمىسىلا بولدىغۇ، دەپ بولدى قىلىمەن.

«ستالىن» كونا سودىگەرلەردىن بولمىس[illegible] ئۈرۈمچىگە قاتنىغان بولۇپ، كۆزى خېلى پى[illegible] قالغان. ئۇنىڭدىن پۇل ئۈندۈرگىلى بولم[illegible] ئۇيغۇرلار بۇنى بىلىشىدۇ، چاقچاقلىش[illegible] خالاس.

بۇ يەرگە يېڭى كەلگەنلەرگە قىيىن[illegible] مال ئالغىلى كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە يې[illegible] كەلگەنلەردىن بىرەرىنى كۆرۈپ قېلىشتىمۇ [illegible] تامام، ئۇلارنىڭ كەينىگە توپ - توپ ب[illegible] ئەگىشىۋالىدۇ. سودىگەر قەيەرگە بار[illegible] ئۇيغۇرلارمۇ شۇ يەرگە بېرىشىدۇ، گەپكە تۇتىد[illegible] (ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى رۇسچە سۆزلەيدۇ).

– ھەي، بۇرادەر، قاچان كەلدىڭ؟ قەيەردىن كەلدىڭ؟ قانداق مال ئالىسەن؟ باھاسى قانچە بولسا بولىدۇ؟ – ئۇلار پاراڭ داۋامىدا سودىگەرنىڭ مىجەزى، ئىش - ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىشىدۇ، قىلىقلىرىنى كۆزىتىشىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ قورققاق، يا قورققاق ئەمەسلىكىنى، ئۈرۈمچى ۋەزىيىتىنى بىلىدىغان - بىلمەيدىغانلىقىنى، ئۇنى ئالدىغىلى بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى، قانداق قىلسا پۇل ئۈندۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئېنىقلاشقا ئۇرۇنىدۇ. يەنە تېخى ئۇنى ھوشيارمۇ قانداق دەپ، يانچۇقىغا قاراپ قويىدۇ.

ئەسلىدە ئۇلارنىڭ «ياردەم كېرەكمۇ؟» دېگىنى «تەرجىمان كېرەكمۇ؟» دېگىنى. ھالبۇكى، بۇ يەردە تەرجىمانغا ئېھتىياج لازىم ئەمەس. خەنزۇچە بەش - ئون سۆزنى بىلىۋالساڭ كۇپايە (ئۇرۇمچىدە كىيىم - كېچەك سودىسىنى پەقەت خەنزۇلارلا قىلىدۇ). مال ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى ئېلېكترونلۇق ھېسابلىغۇچ ۋە كۆرسەتكۈچ بارمىقىنىڭ ياردىمىدە باھا تالىشالايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە مال ساتقۇچى خەنزۇلارنىڭ كۆپچىلىكى رۇسچە سۆزلىشەلەيدۇ. چۈنكى ئۇلارمۇ شۇنىڭ بىلەن نان تېپىپ يەيدۇ - دە. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇيغۇر باللىرى سۆھبەتكە ئارىلىشىپ، رۇسچە، خەنزۇچە ئېيتقان بىرنەچچە ئېغىز سۆزى ئۇچۇن ساتقۇچىدىن كۆپ پۇل تەلەپ قىلىشىدۇ. ئەسلىدە بولسا خېرىدار ئۆزى كەلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۇلارغا ئەگىشىپ كېلىشىدۇ. نەتىجىدە مالنى ئەسلى نەرقىدە سېتىش، ئېلىش مۇمكىنچىلىكى بولماي الىدۇ. خەنزۇ سودىگەر سېتىشتىن زىيان تىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇيغۇرلارغا چوتا شى كېرەك تېخى. شۇنداق قىلىپ رلارغا بېرىدىغان چوتانى ھېسابقا ئېلىپ مال نى ئاشۇرىدىغان بولسا، مال سېتىۋالغۇچى پايدا ئالالمايدۇ.

اشقا خىل ئۇيغۇر «تەرجىمان»لىرىمۇ بار. ئۇنچىلىك كۆپ ئەمەس، لېكىن ئۇلاردىن يگىدۇ. ئادەتتە ئۇلار يانچۇقۇڭغا كۆز دۇ. ئۇلار سېنى قىزىقتۇرىدىغان مالنى دىن تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىشىدۇ. ر قايسى خەنزۇنىڭ باشقىلارنىڭ مېلىنى ساتىدىغانلىقىدىن، قايسىسىنىڭ ئۆز مېلىنى ساتىدىغانلىقىدىن ياخشى خەۋەردار. بۇنىڭدىن تاشقىرى بەزى «تەرجىمان»لار سېنىڭ خەنزۇ ساتارمەن بىلەن بولغان جېدەل - ماجىرالىرىڭنى بىر ياقلىق قىلىشىڭغا ياردەم بېرىشى مۇمكىن. مەسىلەن، خەنزۇ سودىگەر سەن ئالغان مالنىڭ ئورنىغا باشقىسىنى بەردى ياكى ناچار، ساختا مالنى ئارىلاشتۇرۇپ قويدى، دەيلۇق، سەن بۇنى بىلمەي پۇلىنى تۆلەپ، مالنى ئېلىپ كەتتىڭ. ئىسكىلاتىڭغا بېرىپ قارىساڭ، يا پەرۋەردىگارا، بېشىڭدىن تۇتۇن چىقىپ كېتىدۇ. ئەمدى سەن ئۆزۈڭ ئۇ ساتارمەن خەنزۇنى تاپالمايسەن. چۈنكى ئۇنىڭ دۇكىنى تاقاق بولىدۇ، كىشىلەردىن سورىساڭ ھېچكىم ھېچنەرسە بىلمەيدۇ. بۇ چاغدا «تەرجىمان»غا ئىلتىماس قىلىسەن. ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇپ: «ھېلىقى ساتارمەندىن پۇلۇمنى ئۇندۇرۇپ بەرسەڭ، ئۇنىڭ يېرىمىنى (ياكى ئېيتايلۇق، چارىكىنى) ساڭا بېرىمەن» دەيسەن. ئۇيغۇر «تەرجىمان» ھېلىقى خەنزۇنى تاپىدۇ، ھەتتا يەرنىڭ تېگىدىن بولسىمۇ ئىزدەپ تاپىدۇ. پۇلۇڭنى ئۇندۇرۇپ بېرىدۇ. ھەتتا بەزىلىرى پۇلۇڭنىڭ ھەممىسىنى ھالال قىلىپ ئۇندۇرۇپ بېرىدۇ، تېخى ئۆزىنىڭ تېلېفون نومۇرىنىمۇ قالدۇرىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە كېيىنكى قېتىم كەلگىنىڭدە ئۆزىگە مۇراجىئەت قىلىشىڭ ۋە ئۇنى باشقىلارغىمۇ تەۋسىيە قىلىشىڭ ئۇچۇندۇر.

ئىككىنچى ئۆمەك يېتىپ كېلىدۇ، «سەل سۇرۇلۇڭلار» دېيىشىدۇ. بۇلار قازاقىستان پۇقرالىرى، يېرىمى قازاق، يېرىمى رۇسلار. مەيلى، قىسىلساق قىسىلدۇق دەيمىز. ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇچىنچى ئۆمەك ئەزەربەيجانلىقلار كېلىدۇ، ئۇلار ھېچنەرسىگە قارىمايدۇ، ئۆز تىللىرىدا ۋىچىرلىشىدۇ، قويۇپ بەرسىڭىز ئۇلار بېشىڭىزغا چىقىۋېلىشتىن يانمايدۇ، ئۇرۇپ - سوقۇپ ئاپتوبۇسقا تىقىلىشىدۇ.

ئاخىر ئاپتوبۇس قوزغىلىدۇ. قاراڭ، ئاپتوبۇسقا ئويۇنچۇق ساتقۇچى خەنزۇ «ۋالودىيە»مۇ چىقىۋاپتۇ. ئۇنىڭ شىركىتى «خوچېزەن پىفا» (پويىز ئىستانسىسى توپ سېتىش بازىرى) دا، بازارنىڭ نامى شۇنداق ئاتىلىدۇ. ئۇ ئۆزۈندىن بىرى يەنە بىر ئويۇنچۇق ساتقۇچى بىلەن رىقابەتلىشىدۇ. قاچانلا قارىماڭ، ئۆز مېلىنى ماختىغىنى ماختىغان.

ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن كېسەكتىن قوپۇرۇلغان ئۆيلەر، تاملار لىپ - لىپ ئۆتۈپ تۇرىدۇ، ئۇلارغا خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر يېزىقلىرىدا شوئارلار يېزىلغان لاتا لوزۇنكىلار ئېسىلغان. ئاخىر شەھەرگە يېتىپ كەلدۇق. ئەمدى تاملار ۋە ئۇلارغا ئېسىلغان لوزۇنكىلار ئۆزگىرىدۇ. شەھەردە قۇرۇلۇشلارنىڭ تېز تەرەققىي قىلىپ كېتىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ھەر بىر قۇرۇلۇش ئالاھىدە تاختا تاملار بىلەن ئورىۋېلىنغان. ئۇلاردىكى لەۋھە - شوئارلارمۇ يېڭى. ئۇلاردا نېمىلەر يېزىلغانلىقىنى ئېنىقلاش

قىيىن. ئامال قانچە، خەنزۇشۇناس ئەمەسمەن، خەنزۇچىنى بىلمەيمەن.

مەن ئۈچ يىلدىن بېرى مۇشۇ شەھەرگە قاتناۋاتىمەن. ئون بەش قېتىمچە كەلگەندۇرمەن. يەرلىك ئادەتلەرنى، نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلمەن. ھەر قېتىم كەلگىنىمدە بۇ يەردە يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەردىن ھەيران بولىمەن. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزىي شەھىرى كۆز ئوڭۇمدا ئۆز قىياپىتىنى ئۆزگەرتتى. قىڭغىر - قىيسىق ۋە كۆرۈمسىز ئۆيلەرنىڭ ئورنىنى كۆپ قەۋەتلىك ئېسىل ئىمارەتلەر ئىگىلىدى، كەڭ كوچىلار ۋە خىيابانلار پەيدا بولدى. مىليوندىن ئوشۇق ئاھالىسى بار بولغان بۇ شەھەردە 90 - يىللاردا چوڭ تۇرلۇك ماللار ماگىزىنىدىن 3 - 4 سىلا بار ئىدى. ئۇلاردىن ئەڭ ياخشىسى «دوستلۇق» سودا سارىيى بولۇپ، روسىيە پايتەختىدىكى «موسكۋا» تۇرلۇك ماللار ماگىزىنىغا تەڭ كېلەتتى. ھازىرقى كۈندە بۇ شەھەردە يىلىغا ئۈچ - تۆتلەپ يېڭى سودا سارىيى ئېچىلىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى «دوستلۇق» ۋە «موسكۋا» دىن چوڭراق كېلىدۇ. يەنە رېستورانلار، مېھمانخانىلار، يول - كۆۋرۈكلەر قۇرۇلدى. ئۆي - جايلار قەد كۆتۈردى. ئىشقىلىپ قۇرۇشقا مۇمكىن بولغان ھەممە نەرسە قۇرۇلدى. بۇ يەردە كېچە - كۈندۈز ئىش قايناپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئىش كۈچى ئېشىپ - تېشىپ تۇرۇپتۇ. شىنجاڭغا جۇڭگونىڭ ھەممە يەرلىرىدىن ئىشلەمچى خەنزۇلار ئېقىپ كېلىدۇ. جۇڭگو باشلىقلىرىنىڭ كاللىسىنىڭ ياخشى ئىشلەۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

مەن جۇڭگودىكى سىرلىق ئۆزگىرىشلەر توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە كۆپ ئۇرۇندۇم. خەنزۇ جاپاكەشلىرىنىڭ تىنىمسىز ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆردۇم، ناھايىتى كۆپ كۆردۈم.

بۈلتۈر يازدا سەپەرداش ئىگور ئىۋانوۋىچ بىلەن بىز چۈشكەن مېھمانخانا يېنىدىكى قۇرۇلۇش ئورنىدا ئىش جەريانىنى خېلىغىچە كۆزەتتۇق. ئۇ يەردە بىر خەنزۇ قىز ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن باشلاپ ئۆتكەرمىگە گۈرجەك بىلەن قۇم تاشلاپ ئىشلەشكە باشلىدى. ئۇ پىژغىرىم قۇياش نۇرى ئاستىدا، ئوتتۇز گرادۇسلۇق ئىسسىقتا توختىماي ئىشلىمەكتە ئىدى.

- قارىغىنا، ئاۋۇ قىز دەم ئالمايدىغۇ، - دېدىم ئىگور ئىۋانوۋىچقا، - يىقىلىپ قالمىسا بولاتتى.

- ياق، دەم ئالمايدۇ، كېلە، ئون يۇەندىن ئۆتۈشەيلى، دەم ئالماستىن ئىشلەيدۇ. پەقەت چۈش ۋاقتىدا ئوتتۇز مىنۇتلۇق تاماق ۋاقتىدىلا توختايدۇ.

- ماقۇل، ئۆتۈشسەك ئۆتۈشتۇق.

مەن ئۇتتۇرۇپ قويدۇم. ئۇ قىز دەم ئالمىدى، چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە قىزنىڭ ئورنىغا باشقىسى كەلدى، ئىش ئۈزلۈكسىز داۋام قىلدى. ئەتىسى ئەتىگەندە قوپسام قۇم دۆۋىسى خېلىلا ئازىيىپتۇ. دېمەك، ئۈچىنچى ئىسمېنىمۇ ئىشلىدى، دېگەن گەپ.

روسىيىدە بولسا بۇنداق ئىشلەشتىن ئەڭ كۈچلۈك ئەركەكمۇ باش تارتىشى مۇمكىن ئىدى. جۇڭگودا ئەركەكلەر نىمجانراق كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئالتىسى بىر بولۇپ تۆمۈريول رېلىسىدەك كېلىدىغان پولات لىملارنى، خىش، بېتون لاي ۋە باشقا نەرسىلەرنى قۇرۇلۇۋاتقان ئىمارەتنىڭ ئونىنچى قەۋىتىگىچە ئاچىقىدۇ. يەنە كېلىپ يەلكىلىرىدە كۆتۈرۈپ دەڭە! بولمىسا ئېلېكترلىق يۈك كۆتۈرگۈچ ئىشلەپ تۇرىدۇ. ئەمما ئېلېكتر قۇۋۋىتىنى تېجەش كېرەك - تە. چۈنكى ئېلېكتر قۇۋۋىتى باشقا مەقسەتلەر ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر. مەسىلەن، مۇشۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئۆزىنى ئېلىپ ئېيتساق، توك ئېلېكترلىك كەپشەرلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بەزى كېچىلىرى ياتاقتا دىمىقىپ تاشقىرىغا چىقساڭ، پۈتۈن شەھەردىكى قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدا ئېلېكتر كەپشەرلەشتىن چىقىۋاتقان ئوت ئۇچقۇنلىرىنى كۆرىسەن. ئەنە شۇ قۇرۇلۇشلار ئەتراپىدا ئادەملەر كېچە - كۈندۈز مىغىلدايدۇ.

مانا ھازىر شەھەر جۇشقۇن ئەمەلىي پائالىيەت قۇچىقىدا. ھەممە كىشى تىنىمسىز قىمىرلايدۇ. كىملەردۇر بىرنەرسىلەرنى توشۇيدۇ، ئاپتوموبىل - پويىزلارغا قاچىلايدۇ، چۈشۈرىدۇ، يەنە كىملەردۇر بىرنەرسىلەرنى ساتىدۇ، يەنە قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتىشىدۇ. بۇ يەردە تۇرار جاي بىنالىرىنىڭ بىرىنچى

uyghurkitap.com



قەۋەتلىرىنى ھەر خىل دۇكانلار، ئاشخانىلار ئىگىلىگەن. ئۇلاردا توخۇ سۈتىدىن باشقىسى تېپىلىدۇ. ھەر قەدەمدە تېلېفونخانىلار بار بولۇپ، ئۇلارنى مومايلار ساقلاپ ئولتۇرىدۇ. كوچا - كويلاردا، يەردە تاشلىنىپ ياتقان بىرەر پارچە ئاياغ كىيىمنى، ھەتتا داتلاشقان بىرەر تال مىخنىمۇ كۆرمەيسىز. ھەممىسىنى يىغىۋېلىشىدۇ.

كېيىنكى يىللاردا ھەربىي كىيىم فورمىسىدىكى تىتىلىپ كەتكەن كۆك كىيىم - ئىشتان كىيگەنلەر كوچىلاردا ئومۇمەن كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالدى. كىشىلەر خېلىلا تۈزۈك كىيىنىدىغان بولۇپ قالدى. دۇكانلاردا خالىغىنىڭىز تېپىلىدۇ، خۇددى بىزدىكىدەك. پۇل تۆلىسەڭلا بولغىنى. ئوتتۇرا دەرىجىلىك خىزمەتچىنىڭ، قولىدىن ئانچە - مۇنچە ئىش كېلىدىغان ئىشچىنىڭ، مەسىلەن، كەپشەرچىنىڭ ئايلىق مائاشى 4 - 5 يۈز يۈەندىن توغرا كېلىدۇ. بۇ تەخمىنەن 50 - 60 دوللار دېمەكتۇر. بۇ يەردە مال باھاسى روسىيەدىكىدىن، بولۇپمۇ موسكۋادىكىدىن خېلىلا ئەرزان.

- نېمە ئۈچۈن ئۇلاردا يۈكسىلىش بۇ قەدەر ياخشى، ئۆسۈش ۋە راۋاجلىنىش ئەۋجىدە، بىزدە بۇنىڭ ئەكسىچە، ھەممە نەرسە قۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ؟- دەپ جۇڭگوغا قاتنايدىغان سودىگەرلەردىن سوراپ كۆرۈڭچۇ... «ھە، شۇنداق بولماتتى ئەمەسە»،- دەپ جاۋاب بېرىدۇ ئۇلار،- بىزنىڭ دوللىرىمىزنىڭ قەيەردە قېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەمسەن؟ مۇشۇ يەردە قېلىۋاتىدۇ! شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار يۈكسىلىۋاتىدۇ - دە!»

ئېھتىمال، بۇ سۆزدە بەلگىلىك ھەقىقەت باردۇر. لېكىن شۈبھىسىزكى، بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى - جۇڭگو ئىگىلىكىنىڭ ئومۇميۈزلۈك يۈكسەلگەنلىكىدە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ جۇڭگونىڭ سانائىتى خېلىلا قالاق بولغان ئۆلكىسى - ش ئۇ ئا ر غا كۆپ مىقداردا مەبلەغ ئاجرىتالىغاندىدۇر. ئېھتىمال، شىنجاڭنىڭ تۈپ ئاھالىسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئىنتىلىشىمۇ چوڭ رول ئويناۋاتقان بولسا كېرەك.

* *

ئۈرۈمچىگە كېلىدىغانلار كۆپەيگەندىن كېيىن، تۈرلۈك - تۈمەن ئاشخانىلاردا رۇس تىلىدا: «بىزنىڭ مۇسۇلمان رېستورانىمىزغا مەرھەمەت، تاماقلىرىمىز ھەم مەززىلىك، ھەم ئەرزان» دېگەن يېزىقلار پەيدا بولدى. ھەقىقەتەنمۇ ئۇيغۇرلار تاماقلارنى ناھايىتىمۇ مەززىلىك تەييارلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئەڭ ئۇستا ئاشپەز سانىلىشى بىكار ئەمەس. بۇ يەردىكى ئاشخانىلار ھەقىقىي لەغمەن ۋە پولۇ بىلەن سىزنى كۈتۈۋېلىشىدۇ. روسىيەدىكىگە ئوخشاش پولۇ ياكى لەغمەن دەپ قانداقتۇر بىرنېمىلەرنى ئالدىڭىزغا ئەكېلىپ قويمايدۇ. بولۇپمۇ كوچىلاردا كاۋاپ بىلەن سودا قىلىش راۋاجلانغان.

جۇڭگونىڭ يېنىك سانائەت كارخانىلىرى ناھايىتى كۆپ مىقداردا مەھسۇلات ئىشلەپ چىقىرىدۇ. بۇ بۇيۇملار بازاردا غەرب مەھسۇلاتلىرى، جۈملىدىن ئامېرىكا ماللىرى بىلەنمۇ بىمالال رىقابەتلىشەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە غەرب بازارلىرىمۇ جۇڭگو ماللىرى بىلەن توشقۇزۇۋېتىلگەن بولۇپ ھەم سۈپەتلىك، ھەم ئەرزان (چۈنكى جۇڭگودا ئەمگەك كۈچى ناھايىتى ئەرزان). بۇنداق سۈپەتلىك ماللار ئىچكى بازارغا چەكلەنگەن مىقداردا چىقىرىلىدۇ ۋە بۇنداق ماللار ئايرىم دۇكانلاردىلا سېتىلىدۇ. بۇنداق ماللارنى كىشىلەر بىردەمدىلا تالاپ تۈگىتىدۇ. ئېيتايلۇق، جۇڭگودا ئىشلەپ چىقىرىلغان ئەرلەر شىبلىتى 500 - 1500 يۈەن (60 - 180 دوللارغىچە) باھادا سېتىلىدۇ. بۇ ئوتتۇرا دەرىجىلىك خىزمەتچىنىڭ بىر ئايدىن ئۈچ ئايغىچە بولغان مائاشىغا تەڭ. بۇ تېخى چەك ئەمەس. بۇنداق قىممەت ماللارنى كىم سېتىۋالىدۇ؟ ھازىر جۇڭگودا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولغا قويۇلماقتا. دېمەك، ئۇ يەردە باي ئادەملەرمۇ بار. گەرچە ئۇلار جۇڭگو ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ ئاران ئىككى پىرسەنتىنى تەشكىل قىلسىمۇ، دېمەك، جۇڭگودا ئىككى يېرىم مىليون باي بار دېگەن گەپ. ئاخىر، ئۇلارنىڭمۇ ياخشى كىيىنگىسى كېلىدۇ - دە. ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ماللىرى بولغىنى ياخشى، غەربنىڭ ياكى ياپونىيىنىڭ ماللىرى كېرەك ئەمەس. دۇكانلاردا چەتنىڭ ماللىرى بار بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ نەرقى ناھايىتى

يۇقىرى. ئەمما بۇنداق ماللارنى توپ تارقىتىش بازارلىرىدا ئۇچرىتالمايسىز. بۇنداق ماللار يۇقىرى سۈپەتلىك مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش سانائىتى راۋاجلانغان جەنۇبىي ۋە شەرقىي جەنۇبىي جۇڭگودىكى ئونلاپ زاۋۇت - فابرىكىلاردا ئىشلەپ چىقىرىلىدۇ. بۇنداق ماللارغا «جۇڭگودا ئىشلەپ چىقىرىلغان» دېگەن خەت يېزىلىدۇ ۋە ئىشلەپ چىقارغان فابرىكىنىڭ نامى كۆرسىتىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇڭگودا يۈزلەپ - مىڭلاپ ئۇششاق كارخانىلارمۇ بار. ئۇلار ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات ئىشلەپ چىقىرىدىغان فابرىكىلارنىڭ مېلىغا ئوخشىتىپ مەھسۇلات ئىشلەپ چىقىرىدۇ - دە، بازارلارنى تۆكمە - تۆكمە قىلىۋېتىدۇ. بۇنداق فابرىكىلارنىڭ مەھسۇلاتى توپ تارقىتىش بازارلىرىدا ئۇچرىسىمۇ، سودىگەرلەر ئۇلارنى ئانچە ئېلىپ كەتمەيدۇ. بۇنداق ماللار كۆپىنچە ھاللاردا روسىيە سودا شىركەتلىرى تەرىپىدىن بىۋاستە فابرىكىلاردىن سېتىپ ئېلىنىدۇ ۋە كېيىن روسىيىنىڭ دۇكانلىرىدا پەيدا بولىدۇ.

جۇڭگودا يەنە مىڭ - مىڭلاپ فابرىكىلار باركى، ئۇلار تۆۋەن سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ چىقىرىدۇ. لېكىن روسىيىدە بۇ ماللار سۈپىتى ياخشى بۇيۇملار قاتارىغا كىرىدۇ. مانا مۇشۇنداق ماللار سودىگەرلەرنىڭ جېنى سانىلىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشى ياخشى، چىرايلىق قاپلارغا قاچىلانغان، خېلى تۈزۈك خام ئەشيالاردىن، تېخنىك جەھەتتىن مۇۋاپىق ئىشلەنگەن. شۇ سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ روسىيىدە بازىرى ئىتتىك. چۈنكى بۇ ماللارنىڭ «باھا - سۈپەت» نىسبىتى خېلىلا ئۇيغۇن بولىدۇ.

ماللارغا چاپلانغان تامغىلارغا كەلسەك، ئۇلار تۈرلۈكچە بولۇشى مۇمكىن. بىر خىل مەھسۇلاتنىڭ بەزىلىرىدە «جۇڭگودا ئىشلەنگەن» ۋە بەزىلىرىدە «ئىتالىيىدە ئىشلەنگەن» دېگەن تامغىلارنىڭ چاپلىنىشى ئادەتتىكى بىر ئىش. شەخسەن ئۆزۈم ئوتتۇز جۈپتىن ئاياغ كىيىم قاچىلانغان كارتون ساندۇقلارنى كۆرگەنىدىم. شۇنداق ساندۇقلاردىكى ئاياغ كىيىملەرنىڭ بىر جۈپىگىلا «جۇڭگودا ئىشلەنگەن» دېگەن تامغا چاپلانغانىدى ( بۇ باجخانىنىڭ تەكشۈرۈشى ئۈچۈن تەييارلانغان) . قالغان 29 جۈپىگە بولسا «كورىيىدە ئىشلەنگەن» دېگەن تامغا بېسىلغان (بۇ روسىيە خېرىدارلىرى ئۈچۈن، چۈنكى روسىيىدە كورىيە ماللىرىنىڭ ئىناۋىتى جۇڭگو ماللىرىنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ) .

## مېھمانخانىلار ۋە ئامبارلار

ئۈرۈمچى شەھىرىدە مېھمانخانىلارنىڭ ھەرقانداقتى بار بولۇپ، بەش يۇلتۇزلۇق ئىستىراھەت مېھمانخانىسىدىن تارتىپ، ئەڭ ئاددىيلىرىغىچە تېپىلىدۇ. ئادەتتە سودىگەرلەر، يەنى مال سېتىۋالغىلى كەلگەنلەر ئۇلارنىڭ ئەرزانراقىنى ئىزدەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سېتىۋالغان ماللىرىنى ئېچىپ كۆرۈپ تەكشۈرۈش ۋە ساقلاش ئۈچۈن، مېھمانخانىلارنىڭ ئامبىرى بار - يوقلۇقىغا دىققەت قىلىشىدۇ. مېھمانخانىلاردىكى ئامبارلار ئۈچۈن كۈرەش ئايرودرومدىلا باشلىنىدۇ. موسكۋالىقلار، ئۇكرائىنلىقلار، ئەزەربەيجانلىقلار، گىروزىنلار، قازاقلار، ئىشقىلىپ مېھمانخانىغا كىم بىرىنچى بولۇپ يېتىپ كەلسە، ئامبارنى شۇ ئىگىلىۋالىدۇ. كېيىن قالغانغا يەتمەسلىكىمۇ مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايروپىلاندىن چىقىرا تەكشۈرۈشكە بىرىنچى بولۇپ يۈگۈرۈپ بېرىشى كېرەك، كېيىن باجخانا تەكشۈرۈشكە چېپىش لازىم. ئۇنىڭدىن كېيىن «مۇلازىمىتىڭنى قىلىمەن» دەپ تۇرغان ھەر خىل ئادەملەردىن قۇتۇلۇپ، تېزدىن تاكسىغا ئولتۇرۇپ مېھمانخانىغا بېرىش كېرەك. ئامبارخانا ئاچقۇچىنى قولۇڭغا ئېلىپ، دېمىڭنى رۇسلاپ، بىر شىشە پىۋىنى ئېلىپ ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كېلىۋاتقانلارنى غالىبانە كۆزەتكىنىڭچە ئېچىپ ئولتۇرۇش نېمىدېگەن راھەت - ھە! ئەڭ ئاخىرىدا كەلگەنلەر باشقا مېھمانخانىلارنى ئىزدەيدۇ، بەلكى ئۇ يەرلەردە ئامبار بولۇشى مۇمكىن.

بىراق، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن موسكۋالىق سودىگەرلەر خېلىلا بېيىپ بۇ مېھمانخانىلارنى ياراتمايدىغان بولۇپ قېلىشتى. ئەمدىلىكتە ئۇلار ئۈچ يۇلتۇزلۇق «يىپەك يولى» ، تۆت يۇلتۇزلۇق «ئۈرۈمچى» مېھمانخانىلىرىدا، كاتتا بايلىرى بولسا ئىستىراھەت مېھمانخانىسىدا ياشىماقتا.

uyghurkitap.com

## توپ سېتىش بازىرى

مەن خەنزۇچە «پىفا» دېگەن سۆزنىڭ نېمىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلمەيمەن. ئۇنىڭ مەنىسى بىرنەچچە خىل بولسا كېرەك، يەنى توپ تارقىتىش، ئۇلگۇرجە سېتىش، كۆتۈرمىسىگە سېتىش، يەنە توپ سېتىلىدىغان ۋە ئېلىنىدىغان بازار، دېگەندەك. سىز ساتارمەندىن مال باھاسىنى سورىغاندا: «توپ باھاسى قانچە» دەيسىز. شۇنىڭدەك تاكسىغا ئولتۇرغاندا (ئۈرۈمچىدە سودىگەرلەر باشقا قاتناش ۋاسىتىلىرىگە ئولتۇرۇشمايدۇ) ھەيدىگۈچىگە: «خوچېزەن پىفا» (پويىز ئىستانسىسى توپ سېتىش بازىرى) دەيسىز.

بۇنىڭغا ئوخشاش توپ سېتىش بازارلىرىدىن ئۈرۈمچىدە بىرنەچچىسى بار، ئۈرۈمچىدىكى توپ سېتىش بازارلىرى ئۈچ - تۆت قەۋەتلىك بولۇپ، ھەر بىر قەۋىتىدە ئۇزۇن دەھلىز - كارىدور بار. ئۇزۇن كارىدورنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدە كىچىك - كىچىك خانە - دۇكانلار جايلاشقان بولۇپ، مال جاۋەنلىرىگە ھەر خىل ماللار تىزىلغان. ئۇ يەرلەردىن ئىزلىگىنىڭىزنى تاپالايسىز.

كېيىنكى چاغلاردا پىفالارنىڭ رولى خېلىلا تۆۋەنلەپ كەتتى. ئۆز ۋاقتىدىكى بازىرى ئىتتىك ئاۋات پىفالار كاساتلىشىپ قالدى. بۇ پويىز ئىستانسىسى توپ بازىرى بىلەن بولغان رىقابەتنىڭ ئاقىۋىتى. بۇنداق چوڭ بازارلار، ئېھتىمال ھېچيەردە، ھەتتا بېيجىڭ، باڭكوكتىمۇ يوق بولسا كېرەك. بۇ يەردە ئۈچ - بەش قەۋەتلىك يەتتە سودا بىناسى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېنىدا يەنە بىرنەچچىسى قۇرۇلۇۋاتىدۇ.

مەشھۇر مۇنارلار تىكلەنگەن چاغلاردا مەن بابىل شەھىرىدە بولمىغانمەن. لېكىن ھازىرقى خوچېزەن پىفانى شۇلارنىڭ رەمزى بولسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن. بۇ يەردە كىشىلەر مىغ - مىغ بولۇپ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ، تاراق - تۇرۇق ئاۋازلار جاھاننى بىر ئالغان، تەبىئىيكى، كىشىلەر بۇ يەردە بىر - بىرىگە سوقۇلۇپ كېتىدۇ - دە، بىر - بىرىگە ھومىيىشىدۇ، ۋارقىرىشىدۇ، جاڭجاللىشىپ مۇشتلىشىدۇ. ئادەتتە بۇنداق ئىشلار ئۆز - ئۆزىدىن بېسىلىپ، قومغا سۇ سىڭگەندەك جىمىقىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا جاڭجالغا مەمۇرلار، ھەتتا ساقچى دائىرىلىرى ئارىلىشىدۇ.

## پۇل ئالماشتۇرغۇچىلار

ئۈرۈمچىدە يەنە بىر كەسىپ بار بولۇپ، بۇ پۇل ئالماشتۇرۇش ئىشىدۇر. پۇل ئالماشتۇرغۇچىلار ھەممە مېھمانخانىلار ئالدىدا دېگۈدەك ئايلىنىپ يۈرۈشىدۇ. ئۇلار ۋېلىسىپىتلىرىگە لىق پۇل قاچىلانغان سومكىلىرىنى ئارتىپ سودىگەرلەرنى پايلىشىدۇ. تەبىئىيكى، پۇل ئالماشتۇرغۇچىلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىشلىمەيدۇ، چۈنكى پۇل ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەمەس. ھالبۇكى، ئۇلار چەت ئەل پۇلى ئالماشتۇرۇش قانۇنىنى ئاشكارىدىن ئاشكارا بۇزىدۇ.

سومكىدىكى پۇل قانچە دەيسىز ـ 100 مىڭ يۈەن، 200 مىڭ يۈەن؟ ئېھتىمال شۇنچىلىك بولسا كېرەك. روسىيىدە بۇنداق پۇل ئالماشتۇرغۇچىلارنىڭ كۈنى ئۇزاققا بارمايدۇ. 70 - 150 مىڭ دوللار دېگەن چاقچاق گەپ ئەمەس - دە، ئەتراپىڭىزدا خىلمۇخىل كىشىلەر، قاقتى - سوقتا قىلغۇچىلار، يەنە كىملەردۇر پايلاپ يۈرۈشكەن بولىسچۇ. . . ھالبۇكى، ئۈرۈمچىدە بولسا مېھمانخانىلار ئالدىدا ھەر كۈنى ئونلاپ پۇل ئالماشتۇرغۇچىلار يۈرۈشىدۇ، ئەمما ھېچ ئىش بولمايدۇ.

دوللارنى ئۇلار بىلەن ئالماشتۇرۇش پايدىلىق. ئەگەر بانكا، ئېيتايلۇق، بىر دوللارغا 8.16 يۈەن تېگىشىپ بەرسە، ئۇلار ساڭا 8.18 يۈەن ھېسابىدا ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ. شۇ تەرىقە مىڭ دوللارنى تېگىشكەن سودىگەر 200 يۈەن پايدا كۆرىدۇ. بۇ دېگەنلىك 400 زىخ كاۋاپ ياكى تاكسىغا ئوتتۇرىچە ھېسابتا يىگىرمە قېتىم چۈشۈش دېمەكتۇر. پۇل ئالماشتۇرۇشتا قەتئىي تەرتىپكە ئەمەل قىلىنىدۇ.

ـ سالام، كېرىم! سېنىڭ باھايىڭ نەچچە؟

ـ 8.78! ئەتىگەندە 77 ئىدى.

ـ قويساڭچۇ كېرىم! 8.8 دىن ئالماشتۇرۇپ بەرسەڭچۇ.

ـ قانداقسىگە 8.8 بولسۇن؟ بۈگۈن بانكىدا 8.58.

ـ 8.78، بولدى! ـ دەپ تەستىقلىشىدۇ شۇ زامان قەيەردىندۇر پەيدا بولغان ئۇيغۇرلار،ـ

باشقىچە باھا ھېچيەردە يوق!

شۇنداق قىلىپ سودا پۈتۈشۈلىدۇ. كېرىم سومكىسىدىن 8780 يۈەن چىقىرىپ بېرىدۇ. سودىگەر ساناپ ئالىدۇ ۋە پۇلنى يانچۇققا سالىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كېرىمگە دەۋا قىلالمايدۇ. ئەمدى ئۇ يانچۇقىدىن مىڭ دوللارنى چىقىرىپ كېرىمگە بېرىدۇ، ھەمدە ئۇ «ياخشى» دەپ، دوللارنى سومكىسىغا سالمىغىچە ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ سودا پۈتكەن ھېسابلىنىدۇ.

خوش، بۇنداق پۇل ئالماشتۇرغۇچىلارنىڭ ئۆزى نېمە پايدا كۆرىدۇ؟ ئۇلار «مىڭ دوللاردىن سەككىز - ئون يۈەن پايدا كۆرىمىز» دېيىشىدۇ. مېنىڭچە، ئۇنچىلىك ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇل ئالماشتۇرغۇچىلارنىڭ كىرىمى يىلدىن - يىلغا ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ. ھازىر خەنزۇ سودىگەرلەر دوللارنى قاراڭغۇ بازاردىكى باھاسى بويىچە ئېلىشقا رازى بولىدىغان بولدى. بۇرۇنلاردا دوللار ئېلىشتىن قورقۇشاتتى.

## سودىگەرلەر

سودىگەرلەر تۈرلۈك - تۈمەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىنژېنېرلارمۇ، دوختۇرلارمۇ بار. سابىق سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىمۇ، ئىشچى - شوپۇر، ئاسپىرانت، مەكتەپنى ئەمدىلا پۈتتۈرگەن ئۆسمۈر بالا، موسكۋادىكى چوڭ كارخانىلاردىن بىرىنىڭ باش دىرېكتور ئورۇنباسارىمۇ ئۇچرايدۇ. يەنە تېخى ئۆتۈپ كەتكەن مۇتتەھەممۇ، 65 ياشلىق مومايمۇ، بىكارچى لۈكچەكمۇ تېپىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى كەسىپلىرىنىڭ ئومۇمەن ئەھمىيىتى قالمىغان. سوۋېت ھاكىمىيىتى دەۋرىدە ئاسان پۇل تېپىشقا ئۆگەنگەن ھەر خىل مۇتتەھەم كىشىلەر ۋە ئاشخانا مۇدىرلىرى ھازىرقى سودىدا تېزلا خانىۋەيران بولدى. زىيالىيلار بولسا غەلىتە يوسۇندا خېلىلا ئۇستۇنلۇككە ئېرىشتى.

سودىگەرلىكنىڭ ئالتۇن دەۋرى ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتتى. بۇ دەۋر گورباچېفنىڭ «قايتا قۇرۇش» ۋە گايدارنىڭ ئىسلاھاتلىرى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. شۇ چاغدا سودىگەرچىلىكتە بالدۇر ئويغانغانلار ناھايىتى كۆپ پۇل تېپىشتى.

مەسىلەن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن باش دىرېكتور ئورۇنباسارى ئۆزىنىڭ دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئۇرۇمچىگە بېرىپ، كىمدىندۇر ئالغان 600 - 700 دوللار قەرزى ھېسابىغا بىر مىليون رۇبلى ساپ پايدا كۆرگەنىدى. بۇ يەردە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئەينى چاغدا ئۇنىڭ كارخانىدىكى ئايلىق مائاشى 650 رۇبلى ئىدى. ئۇ ھېسابلاپ كۆردى - دە، ئۆزىنىڭ نوپۇزلۇق ئەمىلىدىن، شەخسەن ئۆزىگە تەيىنلەنگەن ماشىنىدىن، ھەر خىل ياردەمچىلەر ۋە كاتىپلاردىن ۋاز كەچتى. شۇنىڭدىن بېرى ئۇ سودىدا جەۋلان قىلىۋاتىدۇ.

شۇ چاغلاردا يىلىغا سەككىز - ئون قېتىم بېرىپ كېلىش ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇنداق سودا بىلەن بۇرۇن بارماق ساناپ ئاينىڭ توشۇشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىدىغان كىشىلەر يېرىم يىل ئىچىدىلا ھاللىنىپ قالدى ۋە ئۆي - جاي، ماشىنا ۋە باشقا نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشتى. بۇنىڭدىن ئايرىم كىشىلەر گاڭگىراپ قېلىشتى. ئۇلار بىر ئاماللاپ مىڭ دوللار تېپىپ، ئۆزلىرىنى سودىغا ئاتتى. ئۇلارنى تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئايلىق مائاش ئورنىغا 150 - 200 مىليون تېپىش ئىمكانىيىتى ئۆزىگە تارتتى.

تەبىئىيكى، بۇ ھال ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى. دوللارنىڭ باھاسى كەسكىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، رىقابەت كۈچەيدى. ئاسانلا پۇل تېپىش يولىدىن خەۋەر تاپقان كىشىلەرنىڭ سانى ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتتى. 1994 - يىلىغا كەلگەندە سودىگەرلەر يىلىغا ئاران ئىككى قېتىم بېرىپ كېلەلەيدىغان بولدى. ئەمدى سودىگەرلەرنىڭ چىقىملىرىنى قاپلاپ، 30 - 40 پىرسەنت ساپ پايدا ئېلىشى ناھايىتى ياخشى پايدا ھېسابلىنىدىغان بولۇپ قالدى. كېيىنكى بىر - ئىككى يىل ئىچىدە ئېلىنىدىغان پايدا لەسسىدە چۈشۈپ، زىيان تارتماستىن 10 - 15 پىرسەنت پايدا كۆرۈشمۇ ناھايىتى چوڭ گەپ بولۇپ قالدى.

توغرا، مەسىلىنىڭ ئىككىنچى بىر تەرىپىمۇ بار. بۇ سودىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا پەر ئۈچۈن 700 - 1000 دوللار سەرپ بوى. بىرەرسىدە 1500 - 2000 دوللار بولسا كۆپ ھېسابلىناتتى. ھازىرقى كۈندە 10 مىڭ دوللاردىن

www.uyghurkitap.com



ئاز پۇل بىلەن بارساڭ پايدا كۆرمەيسەن.

## جەريان

سودىگەرلەر ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىكى ئاساسىي قىيىنچىلىقلارنىڭ بىرى ۋاقىتنىڭ يېتىشمەسلىكىدۇر. ئالمۇتادىن ئۇچقان ئايروپىلان ئۈرۈمچىگە جۈمە كۈنى كەچقۇرۇن يېتىپ كېلىدۇ. ھالبۇكى، قورغاس تاموژنىسى شەنبە كۈنى چۈشكىچە ئىشلەيدۇ، يەكشەنبە كۈنى تاقىلىدۇ. دېمەك، سودىگەرلەر ئۈچۈن مال سېتىۋېلىش، «كومىسسىيە»دىن ئۆتۈش، مالنى قاچىلاش ۋە 800 كىلومېتىر كېلىدىغان قورغاسقا يېتىپ بېرىشقا پەقەت بىر ھەپتىلا ۋاقىت قالىدۇ.

شۇڭلاشقا سودىگەرلەر مېھمانخانىغا جايلىشىپ، ئامبارنىڭ ئاچقۇچىنى ئالىدۇ - دە، مال ئىزدەشكە ئالدىرايدۇ. مالنى تېپىپ، ئۇنى يارانقاندىن كېيىن باھاسىدا كېلىشىپ سېتىۋېلىپ، ساتقۇچىنى بۇ مالنى ئامبارغا ئاپىرىپ بېرىشكە كۆندۈرۈش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىنئالا 100 يۈەن كاپالەت پۇلى بېرىش لازىم. شۇ چاغدىلا ساتقۇچى مالنى ئامبارغا ئاپىرىپ بېرىدۇ. لېكىن سېتىۋالغان مالنى ئامبارغا ئاپىرىپ بېرىشكە خەنزۇلار ھەمىشە ماقۇل بولىۋەرمەيدۇ.

. . . ئۈچ قەۋەتلىك ئۇزۇن ئاق بىنادا قونچاق ساتقۇچى مىتيەنىڭ دۇكىنىغا يانمۇيان بىر يېڭى شىركەت قۇرۇلۇپتۇ. كىرسەم مەن ئىزدىگەن مالنىڭ دەل ئۆزى - ئاياغلار ئىكەن. بۇ 35 -، 39 - رەزمىردىكى ئاياغلار بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۈنئىي چەم ئىكەن. «سۈنئىي چەم» دېگىنىمىز چەم پۇرۇشلىرى مەخسۇس ئۇسكۈنىدە ئۇششاقدىلىپ، كېيىن ئۇنىڭغا يېپىشقاق ماددا ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ئاخىرىدا بىرىكتۈرۈلۈپ تەييارلانغان سۈنئىي چەمدۇر. ئۇ گەرچە سۈنئىي بولسىمۇ، ھەقىقىي چەمنىڭ ئورنىنى باسىدىغان ماتېرىيالدىن خېلىلا پىششىق كېلىدۇ.

قانچە پۇل؟

سىز قايسى مېھمانخانىغا چۈشتىڭىز؟- دەپ سورىدى تەرجىمان قىز.

- «سىتى»گە، ھە، نېمە بولدى؟

- نەچچىنچى خانا؟

- 307 گە، ئاياغ قانچە دەپ سوراۋاتىمەن؟

- يالغان! بۇنداق خانا يوق!- دېدى ئۇ كۆزىنى پارقىرىتىپ.

«ساراڭمۇ نېمە ئۇ، تېزلا كېتەي» دېدىم، لېكىن ئاياغ ئاجايىپ چىرايلىق ئىكەن. مەن يانچۇقۇمدىن ئۆزۈم چۈشكەن مېھمانخانا ياتىقىنىڭ ئاچقۇچىنى چىقاردىم. ئۇنىڭغا «سىتى 307» دېگەن خەت يېزىلغان بولۇپ، ئۇنى ئۇلارغا كۆرسەتتىم. تەرجىمان قىز ۋە باشقا خەنزۇلار خۇددى ساختا دوللارغا قارىغاندەك قادىلىپ قېلىشتى. ئۇلار خەنزۇ تىلىدا بىرنېمىلەرنى دەپ مۇھاكىمە قىلىشتى.

- بولدىمۇ ئەمدى،- دېدىم ئۇلارغا،- ئاياغ نەچچە پۇل؟

- 36 يۈەن.

- ئەگەر مىڭ جۈپ ئالسام قانچىدىن بېرىسەن؟

- مىڭ جۈپ يوق، 600 جۈپ بار.

- نەچچىدىن بېرىسەن؟

- 35 يۈەندىن، نەخ يېرى شۇ.

ئۇنداق دېسەم بۇنداق دەيدۇ، بۇنداق دېسەم ئۇنداق دەيدۇ، زادىلا باھاسىنى چۈشۈرۈپ بەرمىدى. ئەگەر مېلىنى ئالسامۇ ئامبىرىمغا ئاپىرىپ بەرگۈسى يوق. نېمىدېگەن جاھىل بىرنېمىلەر، ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۈرۈمچىگە يېڭى كەلگەنلەر ئوخشايدۇ. بوپتۇ، «پۇلنى ئۇلارنىڭ ئامبىرىدا تۆلەي» دېدىم. بۇنداق ياخشى ئاياغلارنى قولدىن چىقىرىۋېتىشكە بولمايتتى. ئامبار بولسا مۇشۇ بىنانىڭ يەر ئاستى ئۆيىدە ئىدى.

- ھامماللار سېنىڭدىن، ماشىنىمۇ سېنىڭدىن بولىدۇ،- دېدىم ئۇلارغا.

ئۇلار ئۆزئارا پىچىرلىشىپ، ئاخىر ماقۇل بولۇشتى. ئامبارغا چۈشتۇق. ھامماللارمۇ ئۆزلىرىدىن ئىدى. ئۇلار 20 ساندۇق مالنى ئەكېلىپ، ماشىنىغا قاچىلىماقچى بولدى.

- توختا، ئالدى بىلەن بىر كۆرۈپ باقاي، قائىدە شۇنداق،- دېدىم ئۇلارغا. شۇنداق قىلىپ ئالتە ساندۇقنى تەكشۈرۈپ چىقتىم. ھەممىسى ياخشى ماللاردىن ئىكەن. خەنزۇلار ماللارنى ماشىنىغا قاچىلاپ، ئارقان بىلەن باغلىدى. مەن پۇلنى تۆلىدىم.

مەن ئۆز ئامبىرىمغا يېتىپ كەلگەندىن

كېيىن، قالغان 14 ساندۇقنىمۇ تەكشۈردۈم. قارىسام ئاخىرقى 14 - ساندۇقتىكى مال ساختا چىقتى. ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي باشقا خىلدىكى ئاياغلار قاچىلانغانىكەن. سۈنئىي چەم ئورنىغا باشقا ماتېرىياللار ئىشلىتىلگەنىكەن. كۆرۈنۈشى يامان ئەمەس، لېكىن باھاسى ئوتتۇز بەش يۈەنلىكتىن بولماستىن، ئون توققۇز يۈەنلىكتىن ئىدى. بۇنداق نەرسىلەرنىڭ ماڭا نېمە كېرىكى بولسۇن، ياندۇرۇۋېتىش ئۈچۈن بىر ساندۇق ساختا مالنى ئېلىپ يېرىم سائەتتىن كېيىن ھېلىقى دۇكانغا باردىم. مەن «شىركەت بىر ساندۇق مالنى دەپ مېنىڭدىن يۈز ئۆرۈمەس» دەپ ئويلىغانىدىم. ئەسلىدە ھامماللار مالنى خاتا ئېلىپ چىقىشقانىكەن.

ئەڭ ئاخىرىدا ماللىرىمنى ئوبدان ئوراپ باغلاپ تەييار قىلدىم. ئۇنداق قىلمىسام بولمايدۇ. چۈنكى يول ھەققى مالنىڭ ھەجمىگە قاراپ ئېلىنىدۇ. ماللىرىمنىڭ ئالمىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قاپلىرىمنىڭ ئۈستىگە ئىسمىمنى يېزىپ قويدۇم.

ئەمدى نۆۋەت كومىسسىيىدە.

## كومىسسىيە

سودىگەرچىلىك باشلانغان دەسلەپكى چاغلاردا ھېچقانداق كومىسسىيە دېگەن نەرسە يوق ئىدى. بىر قېتىم جۇڭگونىڭ بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى روسىيىگە بېرىپ، بىر تۇرلۇك ماللار ماگىزىنىدا «جۇڭگو مېلى بولمىغان ماگىزىن» دېگەن يېزىقنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ بۇنىڭ نېمە گەپ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشنى سوراپتۇ ۋە روسىيىدە جۇڭگو ماللىرىنىڭ ئىناۋىتىنىڭ ناھايىتى تۆۋەن ئىكەنلىكىنى بىلىۋاپتۇ. بۇ ئەمەلدار جۇڭگوغا قايتىپ كېلىپ، بىر قاتار تەدبىرلەرنى يولغا قويۇپتۇ. ئەنە شۇنىڭ نەتىجىسىدە جۇڭگودىن چىقىدىغان ماللارنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرىدىغان «كومىسسىيە»لەر پەيدا بولدى. بۇ كومىسسىيىنىڭ ۋەزىپىسى ساختا ماللارنى ئۆتكۈزمەسلىك ۋە فابرىكا ماللىرىغا غەربنىڭ «ئادىداس»، «پۇما» دېگەن تامغىلىرىنىڭ چاپلانماسلىقىنى نازارەت قىلىش بولۇپ، ھەرقانداق مالدا «جۇڭگودا ئىشلەنگەن» دېگەن يېزىق بولۇشى كېرەك، «ئىتالىيىدە ئىشلەنگەن»

ياكى «گېرمانىيىدە ياسالغان» دېگەن يېزىقلارنىڭ بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. مۇشۇ تەلەپلەرگە ئۇيغۇن كەلگەن ماللارنىڭ جۇڭگودىن ئېلىپ چىقىپ كېتىلىشىگە رۇخسەت قىلىنىدۇ.

ئەلۋەتتە، سودىگەرلەر بۇ تەلەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئورۇنداشقا قادىر ئەمەس. بىراق ئۇلار بىرقىسىم سۈپەتلىك ماللارنىمۇ سېتىۋالىدۇ. كومىسسىيىگە ئەنە شۇ سۈپەتلىك ماللار كۆرسىتىلىدۇ. سۈپەتسىز ماللار ساندۇق - قاپلارنىڭ تېگىگە يوشۇرۇلىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئامبارغا بىر ئەر ياكى ئايال كىرىپ كېلىدۇ - دە، ماللارنىڭ ئۆلگىلىرىنى كۆزدىن ئۆتكۈزىدۇ ۋە مالنى ئامباردىن ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە رۇخسەت قىلىنىدىغان ھۆججەتكە قول قويىدۇ. كومىسسىيىلەرنىڭ رەسمىي خىزمەتلىرىمۇ پۇللۇق بولۇپ، كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە ئون باراۋەر ئاشتى ۋە بۈگۈنكى كۈندە 200 دوللارغا چىقتى.

لېكىن، يېقىندا بۇ كومىسسىيىنىڭ ئىشىمۇ سۇغا چىلاشتى. ھېلىقى ئەمەلدار ياكى باشقا بىر چوڭ ئەمەلدار كومىسسىيىنىڭ ئىشىدىن پايدا يوقلۇقىنى چۈشىنىپ يەتكەن بولسا كېرەك، ئۇلارنىڭ پائالىيىتىنى توختاتتى. چۈنكى بۇنداق كومىسسىيىلەرنىڭ ھەر خىل چىرىكلىكلەرنىڭ كۆچىيىشىگە يول ئېچىپ بېرىۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى. جۇڭگودا چىرىكلىك ئىشىغا يۈز - خاتىرە قىلىنمايدۇ. ئەڭ چوڭ ئەمەلدارلارنىمۇ ئېتىپ تاشلايدۇ. كومىسسىيىلەر بىلەنمۇ شۇنداق. قارىساڭ بۈگۈن بارى، ئەتىسى يوق.

«كومىسسىيە» ئىشىنى تۈگەتكەندىن كېيىن يۈك (مال) ماشىنىغا قاچىلىنىدۇ. تاكى 1995 - يىلىغىچە بۇنداق ماشىنىلار قازاقىستاننىڭ بولۇپ، ئۈرۈمچىدىن موسكۋاغىچە قاتنايتتى. كېيىن جۇڭگو دائىرىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ترانسپورتىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ غېمىنى قىلىپ، قازاقىستان ماشىنىلىرىنىڭ جۇڭگوغا كىرىشىنى مەنئىي قىلدى! بۈگۈنكى كۈنلەردە ئۈرۈمچىدىن ئالمۇتاغىچە جۇڭگو ماشىنىلىرى ياللىنىدۇ. ئۇ يەردە مال قازاقىستان ماشىنىسىغا يۆتكىلىپ، موسكۋاغا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

جۇڭگو ماشىنىلىرىغا مال قاچىلاشنى ھامماللار ماھىرلىق بىلەن بېجىرىشىدۇ. ئۇلار

ماللارنى ماشىنىغا قاچىلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۈستىنى قار - يامغۇر ئۆتمەيدىغان بىنت (سۇئىي تالالىق رەخت) بىلەن چىڭ ئوراپ باغلايدۇ. بۇ ئىش سودىلىشىش يولى بىلەن 1200 يۇەندىن 1500 يۇەنگە توختايدۇ.

## يول

سودىگەرلەرنىڭ تەقدىرى تۈرلۈكچە بولىدۇ. بەزى چاغلاردا بىر ئۆمەك ئىككى قەۋەتلىك مەخسۇس ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ مال قاچىلانغان چوڭ قارا ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن سوڭغۇشۇپ قورغاسقا قاراپ يولغا چىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە چېگرىدىن ئۆتۈپ، مال چۈشۈرۈلىدىغان جايغىچە بېرىشى مۇمكىن. لېكىن كېيىنكى چاغلاردا ئۆمەك تەركىبىدىكى ئاياللار ھەمدە ئىشقا ئالدىرايدىغان بەزى سودىگەرلەر ياكى يول ئازابىنى تارتىشنى خالىمايدىغان ئەرلەر ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىدىن ئالمۇتاغا ياكى ئۇدۇللا موسكۋاغا ئۇچىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنداق ھاللاردا ئۇلاردىن مېلىغا قاراپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن 50 - 60 دوللار ھەق ئېلىنىدۇ.

ئۈرۈمچىدىن قورغاسقا قاتناشنىڭ ئۆزى بىر ئازاب. قارىغاندا، شوپۇرلار ماشىنىنىڭ گاز پېدالىنى ئىشلىتىپ، تورمۇز پېدالىنى ئىشلەتمەيدىغانغا ئوخشايدۇ. ئاپتوبۇس گەۋدىسىنى تاراقشىتقانچە جۇڭغارىيىنىڭ ئۆتەك ئىسسىق دالاسىدا چېپىۋاتىدۇ. دېرىزىدىن ئىسسىق ھاۋا ئۇرۇلىدۇ. ئاپتوبۇس ھەر قېتىم سىلكىنگىنىدە كىشىلەر ئورۇنلىرىدىن قاڭقىپ كېتىدۇ. ئون سائەتچە يول يۈرگەندىن كېيىن ئاپتوبۇس شىخو شەھىرىگە يېتىپ بارىدۇ. شوپۇر «ماشىنا بۇزۇلۇپ قالدى، ئۈچ - تۆت سائەت ئۇخلىۋېلىڭلار» دەيدۇ.

ئاپتوبۇس كەچقۇرۇنلۇقى يەنە يولغا چىقىدۇ. شىخودىن تەڭرىتاغلىرىغا قاراپ يول ئالىدۇ، تاڭ ئاتار چاغدا داۋاننىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىغىچە يېتىپ كېلىدۇ. مانا ئەمدى كۆز ئالدىڭىزدا گۈزەل سايرام كۆلى جىلۋىلىنىدۇ. ئۇنىڭ نېرىسىغا يول پەسكە قاراپ ماڭىسىمۇ، بۇرۇلۇشلىرى خەتەرلىك. ئاخىرىدا تاغلار تۈگەيدۇ. يەنە بىر يېرىم سائەتتىن كېيىن ئاپتوبۇس جۇڭگو - قازاقىستان چېگرىسىدىكى قورغاس شەھىرىگە يېتىپ بارىدۇ.

لېكىن، بۇ قېتىم ئاپتوبۇس قورغاسقا جۈمە كۈنى قۇياش پاتماستىن بۇرۇن يېتىپ كەلدى. بىز ئاپتوبۇستىن «ۋاي - ۋاي» لىغانچە چۈشۈپ، بېقىنىمىزنى تۇتقانچە پۇتلىرىمىزنى سۆرەپ باجخانا يېنىدىكى مېھمانخانىغا كىردۇق. بۇ مېھمانخانا خېلىلا تۈزۈك بولۇپ، مۇنچىمۇ بار ئىكەن. لېكىن ئىسسىق سۈيى يوق، سوغۇق سۇ بولسىمۇ مەن جان دەپ يۇيۇنۇۋالدىم. راھەت دەڭا! گويا مۆجىزە يۈز بەرگەندەك ھاردۇقلىرىم چىقىپ، بۇ يورۇق دۇنيادا ياشاش ئىستىكىم يەنىمۇ كۈچەيدى. كىيىنىپ كوچىغا چىقتىم. قارىسىڭىز، كەڭ كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئاشخانىلاردا كاۋاپلار پىژىلدايدۇ. يوغان قازانلارغا پولۇ دۈملەنگەن. يەنە قانداقتۇر تاماقلارنىڭ خۇشبۇي ھىدلىرى ئىشتىھايىڭىزنى غىدىقلايدۇ. كىشىلەر قەيەرلەردىندۇر ئورۇندۇق - ئۈستەللەرنى ئېلىپ چىقىپ غىزا يېيىشكە ئالدىرىشىدۇ.

ئۇيغۇرلار پولۇ ۋە كاۋاپ يەپ، چاي ئىچىشمەكتە. خەنزۇلارمۇ ئۇلاردىن قېلىشمايدۇ، لېكىن ئۇلار پىۋا ئىچىشمەكتە. بىر ياقتا ئۇيغۇر ناۋاسى، ئىككىنچى ياقتا خەنزۇ مۇزىكىسى، يەنە قەيەردىندۇر ياۋروپاچە ئاھاڭلار قۇلاققا ئاڭلىنىدۇ. ئەمدى كۆڭلىمىزنى تىنجىتىپ، خاتىرجەم ئۇخلىساق بولىدۇ.

بىراق، مېھمانخانىدا تىنچ ئۇخلىيالمىدۇق. كېچىسى ماللىرىمىز يېتىپ كەلدى، ئۇلارنى ساقلاش ئۈچۈن نۆۋەتچىلىك قىلدۇق. ماشىنىلار چۈشكەن يەرگە چېگرا خادىملىرى بىزنى يېقىن يولاتمايدۇ. تەرتىپ شۇنداق. بىز يىراقتا پوستتا تۇرۇپ، يۈك ماشىنىمىزنى كۆزىتىمىز. ئىشقىلىپ تاڭنى تىنچ ئاتقۇزدۇق.

ئەتىسى سائەت توققۇزدا قۇياش قىزدۇرۇشقا باشلىغاندا باجخانا ئىشقا كىرىشىدۇ. باجخانا قەغەزلىرى رەسمىيلەشتۈرۈلىدۇ. ماشىنىلار باجخانا قاراۋۇلىدىن ئۆتۈشكە باشلايدۇ. ئۆمىكىمىز ئەزالىرى چېگرا تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ، پاسپورتىمىزغا جۇڭگو چېگرىسىدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىمىز توغرىسىدىكى تامغىنى باستۇرۇپ بولۇپ، ئاندىن بىر كىچىك ئاپتوبۇسقا ئولتۇرىمىز. بۇ ئاپتوبۇس بىزدىن بەلگىلىك مىقداردا كىرا ھەققى ئېلىپ بىزلەرنى قازاقىستان

تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ. بۇ يەردىمۇ پاسپورتلىرىمىز يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈلىدۇ، بۇ يەردە ھېچبىر ئىش كۆرۈلمەي چېگرىدىن ئۆتىمىز. دېمەك، كەتتۇق دېگەن گەپ، ئالدىمىزدا كېتىۋاتقان يۈك ماشىنىسىنىڭ كەينىدىن سوڭغۇشۇپ. مانا ئالدىمىزدا قازاقىستان، ئۇنىڭدىن كېيىن روسىيە.

## باجخانا

ئاپتوبۇس قازاقىستان چېگرىسىغا ئاستاغىنا يېقىنلاشتى. چېگرىدىكى قورغاس دەرياسى ئۈستىگە سېلىنغان كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندىن كېيىن، مەخسۇس جاھازىلانغان بىنا ئالدىدا ئادەتتىكىدەك ھەربىي فورما كىيگەن رۇس يىگىتى ئاپتوبۇسنى توختىتىدۇ. ئۇ ھۆججەتلەرنى دەسلەپكى تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ ھېچقانداق سوۋغا - سالامنى ئالمايدۇ ۋە قائىدىگە قەتئىي ئەمەل قىلىپ ئاپتوبۇسنى ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ.

تەخمىنەن 300 مېتىر ماڭغاندىن كېيىن ئاپتوبۇسنى يەنە توختىتىشىدۇ. بۇ دۆرەم ھەربىي قازاق يىگىت ھۆججەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ. ئاخىرىدا، ئاپتوبۇس باجخانا بىناسى ئالدىدا توختايدۇ. سودىگەرلەر ئىچكىرىگە كىرىشىدۇ. پاسپورتلارنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش، باجخانا رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش دېگەندەك ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردە ئىشلىنىدۇ. خادىملار سومكىلارنى ئومۇمەن تەكشۈرمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار ئاساسلىق ماللىرىمىزنىڭ ماشىنىدا ئىكەنلىكىنى، پۇل شۇنىڭغا قاراپ ئېلىنىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. بەزىدە ئاچكۆز چېگرىچىلارمۇ ئۇچراپ قالىدۇ، بۇنداقلار بىر - ئىككى تەڭگە ئۇندۇرۇۋېلىش نىيىتىدە سومكىلارنىڭ ئەستەر - پەستەرلىرىگىچە ئاختۇرىدۇ. بۈگۈن تەڭرىگە شۈكرى، ئۇنداقلار ئۇچرىمىدى.

باجخانا ئالدىدا ئونچە ئاپتوبۇس تىزىلىپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار سودىگەرلەرنى كۈتۈۋاتقان بولۇپ، قورغاستىن ئالمۇتاغىچە ئادەم توشۇيدۇ. بۈگۈن بىز ئۇ ماشىنىلارغا ئولتۇرماي، جۇڭگو تەرەپنىڭ «كاماز»لىرىغا ئولتۇرۇپ ئالمۇتاغا يۈرۈپ كەتتۇق.

باجخانا ئىشىكى ئالدىدا بىر توپ ئادەم كۈلۈشۈپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە يېڭى قائىدە يولغا قويۇلۇپتۇ. بۇ يەردە قائىدە - تەرتىپ ھەر قېتىم يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. بەزى چاغلاردا باجخانىچىلار-نى بىراقلا قاماققا تاشلىشىدۇ (يۇقىرىغا پۇلنى ئاز تاپشۇرغانلىقى ئۈچۈن)، ياكى بۇنىڭ ئەكسىچە ئالمۇتادىكى باشلىقلارنى ئىشتىن ھەيدەيدۇ ۋە ياكى قاماققا ئالىدۇ (ئۆزىدىن يۇقىرىدىكىلەرنىڭ چۆنتىكىگە كەمرەك سۆڭگۈتكەنلىكى ئۈچۈن). شۇنىڭغا بېقىپ قائىدە - تەرتىپمۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، دېگەن گەپ.

راستىنى ئېيتقاندا، بۇ يەردە ھېچقانداق ھەقىقىي باجخانا يوق. كىم نېمە ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ، قورال - ياراقمۇ، زەھەرلىك چېكىملىكمۇ ياكى جۇڭگونىڭ ئاياغ كىيىملىرىمۇ، بۇ ھېچكىمنى قىزىقتۇرمايدۇ، پەقەت باجخانا تىزىملىكىگە نېمە يېزىلغانلىقىغا قاراپ قويۇشىدۇ، شۇ. لېكىن ئېلىپ كەلگەن مالنىڭ ھەجىمى قانچە چوڭ بولسا، شۇنچە كۆپ ھەق ئالىدۇ.

ئەمدى جۇڭگوغا بارمايۋاتىمەن. جۇڭگوغا بىرنەچچە يىل بېرىش - كېلىش جەريانىدا كۆپلىگەن كەچۈرمىشلەرنى بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم. سەپەر جەريانىدا چوڭ - كىچىك ئوغرىلارغا، ساختىپەز - ئالدامچىلارغا، يول توسارلارغا يولۇقتۇم. ئىشقىلىپ، سودىگەرلەر-نىڭ ئېچىنىشلىق ھاللىرىنىڭ ۋە خۇشاللىق قوۋانچقا چۆمگەن دەملىرىنىڭ ھەممىسىنى بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم. مەن ھازىر ئۆزۈم كۆرگەن ۋە ھېس قىلغان شېئىرىي ئەسلىمىلەر قوينىدا ياشاۋاتىمەن. كۆرگەن - تارتقان قىيىنچىلىقلى-رىمغىمۇ پۇشايمان قىلمايمەن. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتمۈش سەرگۈزەشتىلىرىدۇر. سەرگۈزەشت بولسا خۇددى ئېسىل گۇلاب سۈيى (ئەتىرگۈل شەربىتى) دەك كۆڭۈللەرنى سۆيۈندۈرۈپ، يۈرەككە ئىللىقلىق بېغىشلايدۇ.

(ئۆزبېكچە «جاھان ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 2002 - يىل فېۋرال سانىدىن يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان).

www.uyghurkitap.com



# كۆيۈۋاتقان ئەر

(ھېكايە)

ئەخمەتجان ئوسمان

ئايالىنىڭ چىقىپ كېتىشى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ يۈرىكى ھەرە چاققاندەك ئېچىشىپ كەتتى. ئايالى ھەر قېتىم سىرتقا ماڭغان چاغدا ئۇنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشەتتى. ئۇنىڭ ئايالىغا بولغان گۇمانى كۈچەيگەنسېرى ئايالىنىڭ ھەممە ئىش - ھەرىكەتلىرى گۇمانلىق تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى. نېرۋىسىغا غەلىتە تەسەۋۋۇرلار، كۆز ئالدىغا بولمىغۇر كۆرۈنۈشلەر كېلىۋېلىپ قىينىلىپ كېتەتتى. ئۇنتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىناتتى، ئايالىغا بولغان ئۆچمەنلىكى، نەپرىتى كۈچىيەتتى. بولۇپمۇ ئايالىنىڭ گىرىم ئۈستىلى ئالدىدا ئۇزۇندىن - ئۇزۇن گىرىم قىلىپ، كىنو ئارتىسلىرىدەك غەلىتە كىيىنىپ «مانا ئەمدى خەقكە يارىغۇدەك بولدۇم» دېگەندەك ئەينەككە قاراپ پىسسىڭگىدە كۈلۈپ قويۇپ، ئۇنىڭ يۈرىكىگە دەسسىگەندەك تاراسلىتىپ دەسسەپ چىقىپ كېتىشى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا، روھىيىتىدە مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىۋاتقان غۇرۇرنى بىگىزلەپ ئويغاتقاندەك، ئۆلگەن مەنىۋىيىتى جانلىنىپ ئادىمىلىك، ساپ ئىنسانلىق يولىدا قايتا باش كۆتۈرمەكچى بولغاندەك قىلاتتى.

ھەممە ئۆزگەردى. ئۇنىڭ ساددىلىقى ساختىلىققا، سەمىمىيلىكى رەزىللىككە ئەل بولدى. ۋىجدان، غۇرۇرىغا ھال چۈشتى. ئىنساپ، دىيانەت، ئەخلاق، ئۆرپ - ئادەت دېگەنلەر پۇلنىڭ ئالدىدا بىچارىلىكىنى كۆرسەتتى. پۇل، پەقەت پۇللا ھەممە نەرسىدىن قۇدرەتلىك ئىكەن. مەندە كۆپرەك پۇل بولغان بولسا بۇنچىلىك خورلانمىغان بولاتتىم...

ئۇ ئۆيدە يالغۇز ئىدى. ھېلىراقتا ئايالى گىرىم قىلىپ ئولتۇرغان گىرىم ئۈستىلىنىڭ ئالدىدا، يۈرەك شەكىللىك ئەينەككە تىكىلگىنىچە ئۆرە تۇراتتى.

– ھەممە گۇناھ ئۆزۈمدە، – دېدى ئۇ ئەينەكتىكى باشقا بىر ئايالغا قاراپ تۇرۇپ، – توي قىلىدىغان چاغدا گىرىم ئۈستىلى ئالىمەن دېسە ئۇنىمىغانىدىم. شۇ سەۋەب تاس - تاماس قالغان تويۇممۇ بۇزۇلۇپ كەتكىلى. ئەسلىدە ئۇنىڭ مەقسىتى مەن ئۇچۇن ئەمەس، باشقىلار ئۇچۇن چىرايلىق ياسىنىپ يۈرۈش ئىكەندۇق... ئەجەبا، ئۇ خېلى بۇرۇنلا مۇشۇنداق قىلىشنى ئويلاپ قويغان بولغىيمىدى؟ قارىغاندا ئۇ ياخشى كۆرۈپ قالغان بىرەرسى بار ئوخشايدۇ. ئۇ ياخشى كۆرگەن بىلەن خەق ياخشى كۆرمىگەن گەپ. خەقنىڭ پەرۋايىغا، خىيالىغا كىرىپ چىقمىغاندىكىن ماڭا تەگكەن ئوخشايدۇ. ماڭا تېگىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يەردە قالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولغان بولسىمۇ، يۈرىكىدىكى يارا ساقايمىغان چېغى. توي كېچىسى پاكىزدەك قىلغان، ئەجەبا، ماڭا شۇ ئىشتىمۇ ھىيلە ئىشلىتىپ يۈرگەنمىدۇ؟ ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا قايسى بىر دوختۇرخانىنىڭ ئاياللار بۆلۈمىنىڭ ئالدىدا ئۆچىرەت ساقلاپ تۇرغان بالا چوكانلار كېلىشكە باشلىدى. دوختۇر ئالدىراش ئىدى. بىرقانچە مىنۇت ئىچىدىلا چوكانلار «قىزغا» ئايلىنىپ قايتىپ چىقىۋاتاتتى. نەچچە يۈز يىللىق ئۆرپ - ئادەت، ئەخلاق ئەندىزىلەر ھىمايىسىدە ساقلىنىۋاتقان ئىپپەت - نومۇس ئاياللار بۆلۈمىدىكى دوختۇرنىڭ قولىدىكى يىڭنە بىلەن

يىپ ئارقىلىق خورلىنىۋاتقاندەك، ماھىيىتىنى يوقىتىپ بىمەنىلىشىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. . .

ئەينەكتە پۈتۈنلەي بىمەنىلىك، ساختىپەزلىك، ئالداش، ئالدىنىش كۆرۈنۈۋاتقاندەك قىلاتتى. بەزىلەر ئايالLARنى، ئۇرۇق - جەمەتىنى ئالداۋاتسا، بەزىلەر ئەرلىرىنى، «مەڭگۈلۈك مۇھەببىتىم سەن» دەپ ۋەدە بەرگەن يىگىتلىرىنى ئالداۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇ خىيال ئۇنىڭ مېڭىسىنى ئۇماچتەك قوچۇپ قوچۇۋەتتى - دە، كۆزىگە قىزىللىق تولۇپ تىنقىلىشقا باشلىدى.

ئۇ ئۆزىدىكى تەشۋىش، ئەنسىرەشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تاماكا چەكمەكچى بولدى. تاماكا چېكىش ئۇنىڭ ئۈچۈن بىردىنبىر خاتىرجەملىك ئاتا قىلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئايالى قايتىپ كىرمىگەن، ھېلىقىدەك تۈجۈپىلەپ گىرىم قىلىپ چىقىپ كەتكەن چاغلاردا باش بارمىقىدەك توملۇقتا موخوركا ئوراپ چېكىشكە باشلايتتى. كۆكۈش تاماكا ئىسى ئۇنى گاھ يىراق ئۆتمۈشكە تارتىپ ماڭسا، گاھىدا ئۆزى ھەم كەلگۈسى توغرۇلۇق چوڭقۇر مۇلاھىزىلەرگە ئىشتىراك قىلدۇراتتى. بۈگۈن ئۇنىڭ تاماكىسى دېگەندەك ياخشى ئورالمىدى. غەزەپ - نەپرىتى تۈپەيلىدىنمۇ قوللىرى تىترەپ ئورىغان تاماكىسى بىرقانچە قېتىم چۇۋۇلۇپ كەتتى. «خەپ»لىدى ئۇ تاماكا ئوراشقىمۇ كېرەككە كەلمىگەن قوللىرىدىن بىزار بولغاندەك. ھېچقانداق بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمىدىم. بىردىنبىر قىلغان ئىشىم خوتۇن ئېلىش بىلەن بالا تېپىش بولىۋىدى، مانا ئەمدى. . .

ئۇ موخوركىنى پىرقىرىتىپ چەككەچ ئۆي ئىچىدە ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۆي توخۇنىڭ كاتىكىدەك كىچىك ئىدى. ئۇ مۇشۇ ئۆيگە ئېرىشىش ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن بەدەللەرنى تۆلىگەن، ئايالىنىڭ «ئۆي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلىنى مېھمان قىلدىم» دەپ كەچ قېلىشلىرىغا ئاچچىق يۇتۇپ ئولتۇرۇپ بەرداشلىق بەرگەنىدى. كىچىك بولسىمۇ يېڭى ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى كۆتۈرۈپ كىرگەن ئايالىغا قاراپ دەسلەپ ئايالىنى تازا بىر دۇمبالاشنى ئويلىدىيۇ، ئەمما تېزلا ھېچنېمە بىلمەيدىغان ھاماقەتلەردەك بىپەرۋا قىياپەتكە كىرىۋالغانىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ ئەنە شۇ بىپەرۋالىق ئىچىدە ياشىماقتا ئىدى. بىراق بۇنداق «بىپەرۋا»لىقنىڭمۇ چېكى بولىدۇ - دە.

- ياخشى كۆردۈم دەپ كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ پۇلى بار بىرسىگە تەگمىگەنلىكىمگە بۇرنۇمدىن - قۇلىقىمغىچە تويۇپ كەتتىم. . .

ئايالى پات - پات ئەنە شۇنداق دەپ غۇدۇراپ قوياتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ ئۆزىنى ئايالىغا قەرزداردەك ھېس قىلىپ قالاتتى. ئەركەكلىك بىلەن بىر ئايالنىڭ، ئايال قانائەت ھاسىل قىلغۇدەك ھۆددىسىدىن چىقالمىغانلىقىدىن ئۆكۈنەتتى. ئايالىنىڭ بىر بالىنى تۇغۇش بىلەن تەڭلا بۇنداق ئۆزگىرىپ كېتىشلىرىدىن ھەيران بولاتتى.

ئۇ تاماكا تۇتقان قولىنىڭ سىرقىراپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى ئويلىدىيۇ، بۇ ئاغرىقنىڭ پۈتكۈل جىسمىدا ئوخشاش مەۋجۇت بولۇۋاتقانلىقىنى، ئىچكى ئەزالىرىنىڭ، بولۇپمۇ يۈرىكىنىڭ يىڭنە سانجىلغاندەك، كۈچلۈك بىر قول مۇجۇقلاۋاتقاندەك ئاغرىۋاتقانلىقىنى، جىمىكى ھاياتىي كۈچىنى، تومۇرىدىكى قاننى، روھى ھەم مەنىۋىيىتىدىكى ساپ خىسلەتلەرنى سۈمۈرۈپ شوراۋاتقاندەك، ئۇنىڭ ئورنىغا تۈگىمەس ئازاب، ساقايماس جاراھەت، يىرىڭ - زەرداپ ئالمىشىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئايالى چىرايلىق ئىدى. ئۆزىنىڭ چىرايلىق بولۇشىغا باقماي چىرايىغا ھەر خىل گىرىم بويۇملىرىنى سۈرتۈپ يۈرۈشكە ئامراق ئىدى. ھەر كۈنى ئورنىدىن تۇرۇپ يۈز - كۆزىنى چايقاپلا ئەينەك ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئۆزىنىڭ كۈندىن - كۈنگە قېرىپ كېتىۋاتقانلىقىغا، كۆڭلىگە پۈككەن ئارمان - ئىستەكلىرىنىڭ چېچەكلەپ مېۋە بەرمەي تۇرۇپ توزۇپ كېتىشلىرىگە ئۆكۈنۈۋاتقاندەك ئۇزاقتىن - ئۇزاق ئەينەككە قاراپ ئولتۇراتتى. ئوغلىنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى تەكشۈرۈش، ئوغلىنىڭ مەكتەپتە نېمىلەرنى ئۆگەنگەنلىكىنى بىلىشنى ئويلاپمۇ قويمايتتىيۇ، قايسى خىل گىرىم بۇيۇملىرىنىڭ مودا بولۇۋاتقانلىقىغا، پات ئارىدا ئاياللارنىڭ چىرايىنى گۈزەللەشتۈرۈپ، ئون - يىگىرمە ياش ياشارتىشقا قادىر بولىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلىنىدىغانلىقىغا قىزىقاتتى. ئەرنىڭ «پۇل توپلايلى، بالىنىڭ كەلگۈسىنى ئويلايلى، كىيىم - كېچەكنى ئازراق ئالغان بولساڭ. . .» دېگەنگە ئوخشاش گەپلىرى ئايالىنىڭ نېرۋىسىغا تېگەتتى، ئوغىسىنى قوزغايتتى - دە، «سېنى باقامدىكىن، راھەت كۆرسىتەرمىكىن، يوقنى بار قىلىپ بېرەمدىكىن دەپ تەگكەن. تولا چىشىمغا تېگىدىغان گەپلىرىڭنى قىلماي ئولتۇرۇشۇڭنى بىل. مەن ساڭا ھېچقاچان زىيان سالغىنىم، سېنىڭ پۇلۇڭنى بۇزۇپ چاچقىنىم، خەجلەپ كەتكىنىم يوق. . .» دەپ چالۋاقىغىنىچە ئۆينى بېشىغا كىيەتتى. ھەتتا ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ

سوقۇشقان، قولۇم - قوشنىلارنى يىغىپ ئەرنىڭ يۈز - ئابرۇيىنى، تۈرلۈك - تۈمەن «بولۇمسىز» لىقلىرىنى دارىتمىلاپ تۇرۇپ يۇمىغان ئاياغ قىلىۋەتكەن چاغلىرىمۇ بولغانىدى.

يېڭى توي قىلغان چاغلاردا ئۇ ئايالىدىن رازى ئىدى. ئۆزىنىڭ پاك بىر قىزغا ئېرىشكەنلىكىدىن پەخىرلىنەتتى. دوستلىرىدەك ئازابلىق ئاھ ئۇرمىغانلىقىدىن خۇشال ئىدى. بىر ئۆمۈر ئايالىغا سادىق چاكار بولۇشنى، ئايالىنى ھۆرمەت قىلىشنى، ئايالىنىڭ كەمتۈكلىرىنى تولۇقلاپ ياخشى ئەر، ياخشى دادا بولۇشنى ئويلايتتى. يېقىن ئاغىنىسىنىڭ تۇرمۇشىغا ئېچىنغان ھەم تەربىيە قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئاغىنىسى ئۆيىگە كىرمەس بولۇۋالغانىدى. توي قىلىپ ئون كۈندىن كېيىنلا ئاشنا تېپىۋېلىپ ھە دېگەندە ئاشۇ قىز بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ يۈرەتتى. ئايالىنىڭ قاقشاشلىرى ئاتا - ئانىسىنىڭ ھەتتا ئۇنىڭ قىلغان تەربىيىلىرىمۇ كار قىلمىغانىدى. ئاغىنىسى بىر قېتىم غەرق مەست بولۇپ قالغان چاغدا ئۇنىڭغا يىغلاپ تۇرۇپ ئايالىنىڭ قىز ئەمەسلىكىنى، شۇ سەۋەب ئۆزىنى بەختسىزلا ئەمەس، ئەڭ يارامسىز، بولۇمسىز چاغلايدىغانلىقىنى، كوچا - كويلاردىكى ئەرلەر تىكىلىپ قارىسىلا تېنى تىكەنلىشىپ ئازابلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى، ئەرلەرنىڭ «سەن دېگەن بىر بۇزۇق قىزنىڭ ئېرى، سېنىڭ ئايالىڭ مېنىڭ قوينۇمدا ياتقان» دېگەندەك تۇيغۇ بېرىدىغان قاراشلىرىدىن بىزار بولغانلىقىنى، ھەر قېتىم كوچىغا چىقىپ كىرگۈچە دەككە - دۈككە ئىچىدە قېينىلىپ كېتىدىغانلىقىنى... سۆزلەپ بەرگەنىدى.

بىر ئەر ئۈچۈن ئايالى تۈپەيلى ھاقارەتكە ئۇچراشتىن ئارتۇق ئازاب بولمايدىكەن. سەن مەيلى قانچىلىك ئازاب چەك، خورلان، ھاقارەتكە ئۇچرا ئۇ ئۇنتۇلۇپ كېتىدىكەن. ئايالىڭ، سۆيگىنىڭ، بىرگە ياشاۋاتقان، سەن بارلىقىڭنى ئاتىغان ئادەمدىن ئۇچرىغان ھاقارەت مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدىكەن. بۇنداق ئازاب، بۇنداق خورلۇق بىرسى نېنىڭنى تارتىۋالغان، يانچۇقىڭدىكى پۇلۇڭنى بۇلاپ كەتكەن، ئېشىكىڭنى ياكى توخاڭنى ئېلىپ كەتكەندىكى ئازابىڭغا ئوخشىمايدىكەن. تۇيۇقسىز بىر تال سېرىق ھەرە ئىچىڭگە كىرىۋېلىپ ئىچكى ئەزالىرىڭنى چېقىۋاتقاندەك، يۈرىكىڭنى يۇناپ يەۋاتقاندەك ئازابلايدىكەن...

«ئەجەبا، مەنمۇ بىرسىنى تېپىۋالسام بولارمۇ؟» ئۇ ئۆزىنىڭ خىيالىدىن چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە گىرىم قىلىشنىڭ ئۆزى يالغانچىلىق، ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق ئىدى. گىرىم قىلىۋېلىپ كوچا چۆرگىلەپ يۈرگەن قىز - چوكانلارنى كۆرسە كۆڭلى يېرىم بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئەرلىرىگە، يىگىتلىرىگە ئىچ ئاغرىتاتتى. ئۇلارنى چىرايىدىكى نۇقسانلارنى يېپىپ ئۆزلىرىگە سۈنئىي لاتاپەت ئاتا قىلىۋاتقان ئاشۇ بوياقلارنىڭ ياردىمىدە قەلبىدىكى رەزىللىكلەرنى يوشۇرۇپ ئەرلەرنى، يىگىتلەرنى ئائىلىسىدە كۆڭلى سۇ ئىچمىگەن دادىلارنى ئالدىغىلى ماڭدى دەپ ئويلايتتى. ئاشنا تۇتۇش، سىرتقا باغلىنىپ قېلىشمۇ بىر خىل ئالدامچىلىق دەپ بىلەتتى. ساپ، پاكىز ياشاپ ئۇ ئالەمگە كېتىۋېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى.

ئۇ قولىدىكى كۆيۈپ تۈگىگەن تاماكا قالدۇقىنى كۈلدانغا باستى. كۈلدان ئىچىدە ھەر خىل تاماكا قالدۇقلىرى بىلەن تاماكا كۈلى لىققىدە تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىمۇ ئاشۇ كۈلدان ئىچىدە تۇرغاندەك ھېس قىلىپ قالدى.

«مەن كۆيۈپ تۈگىگەن تاماكىمۇ، كۆيۈش ئالدىدا تۇرغان تاماكىمۇ ۋە ياكى ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن، چېكىشكە بولمايدىغان تاماكىمۇ؟ ئىشقىلىپ مەن تاشلاندۇق تاماكا...»

ئۇ كۈلدانغا قاراپ خىيال سۈرۈشكە باشلىدى. «مەن سېنى قانداق قىلىدىكىن دەپ شۇنداق دەپ قويغانىدىم. ئېيتە، سەن مېنى راستىلا ياخشى كۆرەمتىڭ؟ بىر ئۆمۈر مېنى سۆيۈشنى، مېنى بەختلىك قىلىشنى قارار قىلغانمۇ؟ شۇ كۈنى سەن كەلمىگەچكە ساڭا قېيداپ، سەن بىر قەدەم كېچىكتىڭ، مەن باشقا بىرسىنىڭ بولۇپ بولدۇم، دېگەنىدى. بىلەمسەن، بۇ دېگەن چاقچاق ئىدى. مەن سېنى ياخشى كۆرەتتىم. سېنى ئويلىسام، سەن يېنىمدا بولساڭ ئۆزۈمنى چەكسىز بەخت تۇيغۇسىدا سېزەتتىم. سەن كەتتىڭ، ئارقاڭغا قاراپمۇ قويماي، مېنىڭ چىرايىمدىكى ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت قىلىشقىمۇ، ‹خوش› دەپ قويۇشقىمۇ يارىماي كەتتىڭ. سەن مېنىڭ يۈرىكىمنى، روھىمنى، بارلىق ھېس - تۇيغۇلىرىمنى ئېلىپ كەتكەنىدىڭ. مەن ساڭا ئىشىنەتتىم، سېنىڭ مېنى چىن دىلىڭدىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم. سېنى مەن نېمىلا دېسەم ماقۇل دەيدۇ، مەن قانداقلا ئىش قىلسام كەچۈرىدۇ، ئۇ مەندىن باشقا بىر قىزغا قارىمايدۇ... دەپ بىلەتتىم. ئاھ خۇدا، بۇ دۇنيادا مۇتلەق ئىشەنچلىك نەرسە

يوق ئىكەن. سەن تېزلا توي قىلماقچى بولدۇڭ. مېنىڭ تىلەكلىرىم تەڭرىگە يەتمىدى، مەن سېنىڭ يېنىمغا كېلىشىڭنى، ھېچبولمىغاندا توي قىلىشتىن، ئايالىڭنى باغرىڭغا بېسىشتىن بۇرۇن مېنى سۆيۈشۈڭنى، مېنىڭ ساڭا بەرمەكچى بولغان سوۋغىتىمنى قوبۇل قىلىشىڭنى، نىكاھلىق، قانۇنلۇق ئايالىڭ بولالمىسامۇ ساڭا ئايالىڭدىن بۇرۇن ئېرىشمەكچى بولغانلىقىمنى سەن ئويلىمىدىڭ، بىلمىدىڭ، قانچە قېتىم ئىشىك ئالدىڭغا بارغانلىقىمنى، قانچە كېچىلەرنى سەن بىلەن پوملاقلىشىپ خىيال قىلىپ ئۆتكۈزگەنلىكىمنى ساڭا قانداق بىلدۈرۈشنى بىلمەيتتىم. سىلەرنىڭ ئىناقلىقىڭلارغا ھەۋىسىم كەلسە، ئايالىڭغا نەپرىتىم قوزغىلاتتى. ئۇ بولمىغان، سېنىڭ ئاچچىق، غەزەپ، ئەلەم - ھەسرەت ئىچىدە قويغان سۆيگۈ تەلىپىڭنى رەت قىلغان بولسا سەن مېنىڭ يېنىمغا قايتىپ كېلەتتىڭ. مەن ئامراقلىقىمدىن سېنىڭ چېچىڭغا تېگەتتىم، كۆيۈشلىرىمدىن سېنى قىينىغۇم كېلەتتى، سېنى يالۋۇرغۇزسام، ماڭا نۇرغۇن، نۇرغۇنلىغان ۋەدىلەرنى بەرسە دەپ ئويلايتتىم...

مەن بىلەن بىرگە بولغۇڭ بارمۇ؟ مەن بۇزۇلۇپ كەتتىم. سېنىڭ دەردىڭدە ھەممە نەرسەمدىن ئايرىلدىم. بىراق مەن سېنى قىز چاغلىرىمدا ياخشى كۆرگەن. كۆزۈم تۇنجى قېتىم يىگىتلەرگە دىققەت قىلغان چاغدا سېنى تاللىغان، مەن رازى مېنى نېمە قىلساڭ، قانداق قىلمەن دېسەڭ مەن رازى. مەن سېنىڭ مەڭگۈ، مەڭگۈ سېنىڭ...»

ئايالى تۇغۇپ ياتقان چاغدا ئۇ تۇنجى قېتىم تەلەپ قويغان قىز ئۇنىڭغا شۇنداق گەپلەرنى قىلغانىدى. شۇ كۈنى ئۇ ئايالىغا توخۇ شورپىسى ئېلىپ ماڭغانىدى. قىز تۆت كوچا ئېغىزىدا ئۇچراپ قېلىپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقۇسى بارلىقىنى ئېيتتى.

- مەن ئايالىمغا تاماق ئېلىپ ماڭغان، دوختۇرخانىدا ئىدى. كىرىپ چىقاي.

- مەن كونا جايدا ساقلايمەن.

ئۇ دوختۇرخانىغا كىرىپ بىئارام بولۇشقا باشلىدى. قىزغا ماقۇل دەپ قويغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. يېڭىلا تۇغۇلغان بالىسىغا پېشكەللىك بولىدىغاندەك، ئايالى چىرايىغا قاراپلا بىر قىز بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانلىقىنى بىلىۋالىدىغاندەك، ئۆزىنى گۇناھلىق ئىش قىلىپ قويغاندەك سەزمەكتە ئىدى.

- ئاپامۇ توخۇ شورپىسى قىلىپ كەپتىكەن. ئۆيگە ئېلىپ بېرىپ ئۆزىڭىز ئىچىڭ، ئورۇقلاپ قالغاندەك قىلىسىز...

ئايالىنىڭ گېپى ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇردى. كېسەل كارىۋىتىدا يېتىپ تۇرۇپمۇ مېنىڭ ھالىمدىن ئەنسىرەپ، ماڭا كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرسا، مەن ئۇنىڭغا يۈزسىزلىك قىلماقچى بولسام...

ئۇ قىزغا «ماقۇل» دېگەنلىكىگە پۇشايمان قىلماقتا ئىدى. قىز ئۇنىڭغا نېمە بېرەتتى؟ يىغلار، ياكى كەچمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرەر. ئۇنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئالداشتىن باشقا نەرسە ئەمەس...

ئۇ ئايالىنىڭ يېنىدىن قايتىپ چىقىۋېتىپ بويىنى باغلىغاندەك بىر سىرلىق كۈچ ئۇنى تىزگىنلەپ تارتىۋاتقاندەك قىز تۇرغان جايغا باردى. قىز ئۇنى باغچىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى قارا ياغاچ دەرەخنىڭ تۈۋىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ساقلاپ تۇراتتى. باغچا ئىچى دىمىق، ئىسسىق بولۇپ قەبرىستانلىقتەك جىمجىت ئىدى. ئۇسساپ سولىشىپ قالغان دەرەخ يوپۇرماقلىرى بىلەن تازىنىڭ بېشىدىكى تۈكتەك ئاندا - ساندا ئۇچراپ قالىدىغان يەر يۈزىدىكى چىم - ئوتياشلار تۇپراق ئىچىدىن ئۆسۈپ چىققانلىقىغا پۇشايمان قىلىۋاتقاندەك يىگىلەپ سارغىيىشقا باشلىغان بولۇپ، باغچا ئىچىدە نە قۇشلارنىڭ، نە كېپىنەك چاغلىق ھاشاراتلارنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى.

- سېنىڭ بۇنچىلىك كۆيۈمچانلىقىڭنى ئويلىمىغانىكەنمەن. تاماق ئېتىش، قاچا يۇيۇش... كۆنۈپ كېتىپسەن دېگىنە؟

- مەندە بىر ئىشىڭ بارمىدى؟

- بولمىسا كەلسەڭ، چاقىرسام، كۆرۈشسەك بولمامدىكەن؟ سەن بەك يۈزسىز ئىكەنسەن.

- مېنى تىللىۋېلىش ئۈچۈن ئىزدىگەنمىدىڭ؟

- ياق، ئامرىقىم...

قىز ئۇنىڭ يەنە بىر قېتىم كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتتى. ئۇنىڭغا ئۇلار تونۇشقان، بىرگە ئىشتىراك قىلغان ئىشلارنى ئەسلەتتى. گەپ ئارىلىقىدا ئۆزىگە تەلەپ قويغانلىقىدىن تارتىپ ئۆزىنىڭمۇ مەيلىنىڭ بارلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشنىمۇ ئۇنتۇمىدى. مۇھەببەتلىك سۆز - ئىبارىلەر، تەسىرلىك ھېكايىلەر ئاللىقاچان ئۆتمۈشكە ئايلانغان، ئەمما قەلبىڭدە چوڭقۇر ئارمان - ئىستەكلەرنى قالدۇرغان ھايات

www.uyghurkitap.com



كەچمىشلىرىنىڭ ئىچىگە سۆرەپ كىرگەن چاغدا روھىيىتىمدە ئۆزگىرىش بولماسلىقى، قاتمۇ - قات كۆل ئاستىدا يىلىنجاپ تۇرغان چوغنىڭ چاراقلاپ يانماسلىقى مۇمكىنمۇ؟

— نېمىلا دېگەنبىلەن بولار ئىش بولدى. مەن توي قىلىپ، باللىق بولدۇم. سېنى ياخشى كۆرگىنىم، ساڭا ھېسسىياتىم بارلىقى راست. مۇھەببەت دېگەن بىرلا تەرەپنىڭ كۆيۈپ - پىشىپ يۈرۈشى بىلەن ئەمەس، ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق مەقسەت، نىشاندا بىرىكىشى، بىر - بىرنى چۈشىنىشى ھەم قۇربان بېرىشى ئارقىلىق چېچەكلەپ مېۋە بېرىدىكەن. سېنىڭ رەت قىلىشىڭغا ئۇچراپ ئازابلانغانلىقىم راست، ئازاب ئىچىدىن خۇشاللىق تېپىشنى بىلمەسلىك بىچارىلىك. مەن ئۇنداق بىچارىلىكنى ياقتۇرمايمەن. سەن رەت قىلغانىكەنسەن، «ساڭا سالجىدەك چاپلىشىپ، يۆگىمىچەتەك يۇگىشىۋېلىشىنىڭ، خۇددى سايەڭدەك ئەگىشىپ يۈرۈشىنىڭ ئورنى بارمۇ؟ ئايالىم بىلەن توي قىلىشىم يۈرىكىمدىكى ئوتقا سۇ سېپىش، جاراھىتىمگە داۋا ئىزدەش ئۈچۈن بولغان. ئەمما مەن ھازىر ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، مەن ئۇنىڭ ئالدىدا قەرزدار. ئۇ ماڭا مەن ئەڭ ئېغىر كۈندە قالغان چاغدا سۆيگۈ بەردى. مانا ئەمدى ئۇ بالامنىڭ ئانىسى.

قىز، ئايال، ئۇ يەنە نۇرغۇن ئادەملەر ئۇنىڭ ئالدىدىكى كۆلدان ئىچىدە پىرقىراۋاتقاندەك، ئاستا - ئاستا كۆلگە ئايلىنىپ ئاندىن توزۇپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى...

— ياق، مەن ئۇنداق قىلسام بولمايدۇ. نېمىشقا باشقا بىر ئايال ئارقىلىق ئۆزۈمنى ئالدىغۇدەكمەن؟ ئۇ ئايال مېنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدۇ، قانچىلىك سۆيىدۇ؟ ئۇنىڭ مېنى سۆيۈشى مۇمكىن ئەمەس. پەقەت ئۆزىنى ئالداش، يۈرىكىدىكى سۆيگۈ جاراھىتىگە تەسەللى تېپىش ئۈچۈن مەن بىلەن خۇپىيانە ئۇچرىشىپ يۈرۈشى مۇمكىن. ئەجەبا، بۇنى سۆيگۈ، مۇھەببەت دېگىلى بولامتى؟ بەزى ئاياللار، قىزلار، چوكانلار پۇل ئۈچۈن، ئاز - تولا مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ۋە ياكى سۆيۈشلىرى ئارقىلىق ئەرلەرنىڭ روھىيىتىگە سىڭىپ كىرىپ يۆلەنچۈككە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەرلەرنى، يىگىتلەرنى، دادىلارنى سۆيىدۇ. بىراق بۇ سۆيۈش ئۇلارنىڭ روھىدىكى، قەلب چوڭقۇرلۇقىدىكى پاك ھېسسىيات بىلەن ئەمەس، مۇھىت ھەم شارائىتنىڭ زورلىشى، مەجبۇرلىشى، قىستىشى بىلەن بولىدۇ. ئەجەبا، مەن ئاشۇنداق ئايال ئارقىلىق شادلىققا ئېرىشەلەرمەنمۇ؟ يۈرىكىمدىكى ئازاب پەسلەپ، غۇرۇرۇمدىكى جاراھەت ساقىيىپ قالارمۇ؟... ياق، مەن يەنە ئازابلىنىمەن، تېخىمۇ كۆپ ھەم چوڭقۇر ئازاب دېڭىزىغا چۆكۈپ كېتىشىم مۇمكىن. ئائىلە بۇ ئالەمدىكى ئادەملەر ياساپ چىققان بېھىش بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما مەن دوزاخقا مەھكۇم بولدۇم، مەن كۆيۈۋاتىمەن، تىنىمسىز كۆيۈۋاتىمەن. بىر ئايال مېنى ۋەيران قىلدى. بىرسى رەت قىلغان چاغدا ئۇ قوبۇل قىلغانىدى. ئۇ ۋۇجۇدۇمغا كىرگەن چاغدا تولىمۇ مۇلايىم، رايىش، ئىنتايىن سەمىمىي ئىدى. مانا ئەمدى بىر ئالۋاستىغا ئايلاندى...

ئۇ ئايالى توغرۇلۇق ئويلىماقتا ئىدى.

— مېنى باشقۇرىمەن دېمەي ئۆزۈڭنى باشقۇرۇپ يۈر... قاچانلا قارىسا ئىلمان سۇدەك تۇرغىنىڭ تۇرغان... ھېلىمۇ دوستلىرىم بار ئىكەن، سېنىڭ كۆزۈڭگە قاراپ ئولتۇرغان بولسام بۇ نەرسىلەرگە ئېرىشكۈچە قۇيرۇقۇمنى قۇم باساتتىكەن.

ئۇ ھەر قېتىم ئايالىغا تەربىيە قىلغان ياكى گېپىنى ئەمدى باشلاپ تۇرۇشىغا ئەنە شۇنداق گەپلەر بىلەن تۇنجۇقۇپ قالاتتى.

«خاپا بولما، مەن ئېزىپتىمەن، ئازماس ئاللا، تۆۋا قىلساق خۇدامۇ كەچۈرىدۇ، سەنمۇ بىر قېتىم كەچۈرگىن، مەن ياخشى ئايال، كۆيۈملۈك ئانا بولۇپ سېنى خۇشال قىلىشقا تىرىشىمەن» دېگەن بولسا ئۇنى كەچۈرەر ئىدىم. ئاجرىشىپ كەتكەن بىلەن بالا يېتىم بولىدىغان گەپ ئىكەن. جاھاندا ئۆگەيلىكتىن ئارتۇق ئازاب بولماس. خورلۇق - ھاقارەت، كەمسىتىش، يەكلەش... كۆزۈم ئوچۇق تۇرۇپ بالامنىڭ بەختسىز بولۇپ قېلىشىغا قاراپ تۇرسام قانداق بولىدۇ. ئۇنى ئۆز قولۇم بىلەن ئوتقا تاشلامدىم؟ بوپتۇ، ئازاب، خورلۇق، ھاقارەت مەن بىلەن تۈگىسۇن. مەنلا تارتىپ ئۆتۈپ كېتەي. ئاجرىشىپ توي قىلماي ئۆتكىلى بولمايدۇ. توي قىلسام قانداق مىجەز، قانداق خۇلق چىقىرىدىغان ئايال بىلەن تېپىشىپ قالىمەن، كىم بىلىدۇ. ئوچاقتىن قېچىپ تونۇرغا چۈشكەندەك، دوزاخ دەپ قېچىپ ۋەيلۇن دوزاخقا چۈشەمدىمەن تېخى! ئۇ چاغدا كۆيىدىغىنى يالغۇز مەنلا ئەمەس، يەنە ئوغلۇم... ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى ئۆينىڭ تورۇسىغا تىكىلدى. تورۇستىكى چىراغنىڭ كەينى تەرىپى قاراڭغۇ ئىدى. چىراغنىڭ كەينىدىكى قاراڭغۇلۇق، چىراغ

نۇرى ئاستىدىكى ھەممە - ھەممە نەرسىگە خىرىس قىلىنۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭغا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە سان - ساناقسىز ھاشاراتلار تىمىسقىلاپ يۇرگەندەك تۇيۇلماقتا ئىدى. ئۇ ھاشاراتلارنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ ھاشاراتلارنى ئاۋۋال چىۋىنغا، كۇمۇت - پاشىغا، ئاخىرىدا ئۆمۈچۈك، دۆگە ئوخشاتتى. ئۆمۈچۈك بار يەردە دۆمۈ بولىدۇ. ئۆمۈچۈك تور توقۇيدۇ، دۆ بولسا زەھەر چاچىدۇ. بىرى باغلايدۇ، بىرى نەشتىرىنى سانجىيدۇ. دەل شۇ چاغدا نۇر پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداقتا نۇرنىڭمۇ زەھىرى بارمىدۇ؟ نۇرغا كۆپ قارىسا كۆز قاراڭغۇلىشىدۇ، بىراق قاراڭغۇلۇقتا نۇر بولمىسىمۇ بولمايدىكەن...

ئۇ چىراغتىن كۆزىنى ئېلىپ قاچتى. ئۇنىڭ كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، كۆز چاناقلىرىدىن بىر خىل سۇيۇقلۇق ئېقىپ چىققاندى. بۇ سۇيۇقلۇق ئۇنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرىگە كىرىشى بىلەن تەڭ بۇرنى ئېچىشىپ ئىچكى ئەزالىرى ئارامسىزلىنىشقا باشلىدى...

ئۇ يىغلاۋاتاتتى. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم يىغلىشى ئىدى. ئەرلەر نېمە ئۈچۈن يىغلايدۇ؟ خورلۇق، ھاقارەت، زۇلۇم ئەۋجىگە چىققاندا يىغلايدۇ. شۇ تاپتا ئۇ يىغلىماي كىم يىغلايدۇ؟ ئۇنىڭ يىغىسى ئەمىلىدىن ئايرىلىپ قالغان باشلىقنىڭ، خۇمارى تۇتۇپ كەتكەن بەڭگىنىڭ، ئۆزىگە ئاجىزلەرنىڭ مىجەز - خۇلقىنى يۇقتۇرۇۋالغان ھەزىلكەشلەرنىڭ يىغىسىغا ئوخشىمايتتى...

ئۆينىڭ تورۇسىدا چىراغ پارقىراپ تۇراتتى. چىراغتىن تارقىلىۋاتقان نۇر تىنىمسىز ئۆزگىرىۋاتقاندەك سارغۇچ، ئېقىش، قىزغۇچ، توق سېرىق، ئاپئاق، قىپقىزىل... ئىشقىلىپ ئۆزگىرىپ تۇرغاندەك قىلاتتى. ھەر خىل نۇر دەستىلىرى ئۇنىڭ تۇيغۇسىدا تۇرلۇك - تۇمەن ۋەسۋەسىلەرنى ئۇرغۇتۇپ كۆڭلىگە قورقۇنچ سالاتتى. ئۇ يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان قان كەلكۈنىگە قاراش بىلەن تەڭ مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى. «قانغا قوشۇلۇپ ئېقىشتىن ئارتۇق ھۇزۇر بولماس كىشىگە» ئۇ قان كەلكۈنىگە سەكرىگەنىدى، كەلكۈن ئۇنى چۆكتۈرمىدى. باللارنىڭ ئويۇنچۇق توپىدەك كەلكۈن يۈزىدە، قان بۇژغۇنلىرى بىلەن لەيلەپ قالدى. ئۇ سۇغا چۆمۈلۈش ماھىرلىرىدەك بىرقانچە قېتىم شوڭغۇپ باققان بولسىمۇ، ھەرىكىتىنى كۆپۈكچىلەر چەكلەۋاتقاندەك قىلاتتى. «مەن نېمە ئۈچۈن چۆكەلمەيمەن؟» ئۇ كەلكۈن يۈزىدە تۇرۇپ خىيال قىلماقتا ئىدى. ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلكۈنگە چۆكەلمىگەنلىكىنى ئويلايتتى...

- دادا، قورسىقىم ئاچتى.

ئۇ چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتى. ئوغلى ئويغاتمىغان بولسا نېمە ئىشلارنى كۆرۈپ، قانداق تەشۋىش، ئەنسىزچىلىك ئىچىدە قالىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

- نېمە بالا بولدى ماڭا، كۆزۈم يۇمۇلۇشى-غىلا چۈش كۆرىمەن. چۈشلىرىم بىر - بىرىدىن غەلىتە، قورقۇنچلۇق. قارا باسماي خاتىرجەم ئۇخلايدىغان كۈنلەر نېسىپ بولارمۇ ماڭا؟

- نان يەپ ئۇخلىسەن ياكى تاماق ئېتىپ بېرەيمۇ؟

- كاۋاپ يېگۈم بار.

ئۇ ئوغلىنى ئاشخانا ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ سىرتقا چىقىشقا تەييارلىق قىلدى. يېنىنى ئاختۇرۇۋىدى، قايسى كۈنى ئايالى بەرگەن يىگىرمە يۈەن پۇل چىقتى.

شەھەر دېگەندە پۇل بولمىسا ھېچقانداق ئىشىڭ ئاقمايدۇ. يېزىلارغا ئوخشاش بىرەر باغنىڭ شورىسىدىن ئارتىلىپ ئىككى ئالما ياكى غورا، شاپتۇل ئېلىپ ئاغزىڭغا سالالمايسەن، قوغۇنلۇق ئىچىگە كىرىپ سارغايغان سويمىدىن بىرەرنى ئۈزۈپ ئىگىسىگە «رەھمەت» دەپ قويۇپ نەپسىڭنى باسىدىغان ئىش يوق. بىر قاچا سۇدىن تارتىپ بىرەر ھاجەتخانىغا كىرىش ئۈچۈنمۇ پۇلۇڭ بولمىسا بولمايدۇ.

ئۇ ئوغلىنى يېتىلەپ كەچلىك بازارغا كەلدى. بازاردا ئالارمەندىن ساتارمەن كۆپ بولۇپ، كاۋاپدان، ساماۋەر قازانلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن ئىس، ھور بازارچىلارنىڭ ئىشتىيىنى غىدىقلىماقچى بولغاندەك دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ساتارمەنلەرنىڭ خېرىدار چاقىرىپ ۋارقىراشلىرى قۇلاقنى ياراتتى. بىرلىرىنىڭ تەنها ياكى توپلىشىپ كېلىۋاتقان يىگىتلەرنىڭ، ئەرلەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ قايسىبىر جايلاردا يېڭىدىن ئېچىلغان تانسىخانا، مۇنچا، ئىشرەتخانىلارغا زورلاپ تارتقۇشلاشلىرى كىشىنى بىزار قىلاتتى. كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈپ ياشاشتىن ئىبارەت ۋاز كېچىش تەس بولغان ھايات قانۇنىيەتلىرىدىكى بوشلۇق يوقلۇق ھەم موھتاجلىقلىرىنى يېڭىش ئۈچۈن ئېپپەت - نومۇسىنى دەسمى قىلىشقا يۈزلەنگەن ئاياللارنىڭ، گۆدەك، نارەسىدە قىزلارنىڭ، يىگىتلەرنىڭ، ئىشقىۋاز ئەرلەرنىڭ كۆزىگە

www.uyghurkitap.com



شەھۋانىيلىق بىلەن قاراشلىرى، قۇيرۇقتەك لىغىلداپ تۇرغان كۆكسىنى سۇركەپ، خۇلق چىقىرىشلىرى بەزىلەرنىڭ نەپرەت ھەم غەزىپىنى قوزغىغان بولسا بەزىلەرنىڭ ھەۋىسىنى قوزغاپ لەۋلىرىگە سۇ يۈگۈرتەتتى.

— كاۋاپتىن ئون زىخ، — دېدى ئۇ خېرىدارلىرى ئانچە كۆپ بولمىغان بىر ئۇستامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — قىزىلمۇچ سالماڭ.

ئۇ ئوغلى كاۋاپ يەپ بولغۇچە يەنە ئايالى توغرۇلۇق ئويلاندى. كاۋاپدان ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرقانچە ئايالنىڭ ناتونۇش يىگىتلەر بىلەن چاقچاقلىشىپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈش بىلەن تەڭ ئايالىغا بولغان گۇمانى قوزغىلىپ قالغانىدى. ئۇ ھېلىراقتا كۆرگەن ئاياللارنىڭ ئىككىسى بىلەن بۇرۇن بىر ئىدارىدە ئىشلىگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئېرىنىمۇ تونۇيتتى ھەم سالام - سەھەتمۇ قىلىشاتتى. كېيىنكى ئايال بولسا ئۇنىڭ مەھەللىسىدە ئولتۇراتتى. ئايالنىڭ ئېرى قىمارۋاز بولۇپ كېچە - كېچىلەپ ئۆيىگە كىرمەي قىمار ئوينايتتى.

شۇ تاپتا ئايالىم نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەندۇ؟

ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئايالى ھەر قېتىم سىرتقا چىقىپ كىرگەندە قۇرۇق قول كىرمەيدىغانلىقى كېلىش بىلەن ئىچى ئاچچىق بولدى.

نېمىشقا ئۇ بىرنەرسە ئالسا ماڭا دەپ قويۇپ ئالمايدۇ. ئۇنىڭ ئىشلەتكەن گىرىم بۇيۇملىرى چەتنىڭ داڭلىق ماركىلىق، قىممەت باھالىق نەرسىلەر، ئالغان كىيىملىرىچۇ تېخى؟ ئايلىق مائاشقا قاراشلىق ئادەم قانداقمۇ بۇنچە كۆپ پۇل خەجلىيەلىسۇن؟ ئۇنىڭ «نېسىگە ئالدىم»، «دوستۇم بەردى» دېگەن گېپىنىڭ تەكتىدە گەپ بار. يات بىر ئادەمنىڭ شۇنچە قىممەتلىك نەرسىلەرنى بىكارغا بېرىۋېتىشى مۇمكىنمۇ؟ توغرا، بىزنىڭ ئارىمىزغا سوغۇقچىلىق سالغان نەرسە پۇل ئىكەن. مەن ئىش ئورنۇمدىن ئايرىلىپ قالمىغان بولسام بۇ ئىشلارمۇ يۈز بەرمىگەن بولاتتى. شۇنىڭغا قارىغاندا چوڭلارنىڭ «ئاياللارنىڭ تاپقان پۇلى ھارام» دېگىنى توغرا ئىكەن. بىراق مەن پۇل تاپالمىغاندىكىن «ھارام» بولسىمۇ خەجلىمەي نېمە ئىلاج؟ «ئۇسساپ، چاڭقاپ كەتكەندە ئېشەك سۈيدۈكىمۇ ھالال» دەيدىغان گەپ بارغۇ. شۇ تاپتا مەن پۇلغا موھتاج. پۇل بولمىسا قورساق ئاچ قالىدۇ. ئاچ قالغاندىكىن ماغدۇرسىزلىنىدىغان، ئاستا - ئاستا ئاجىزلاپ ئۆلىدىغان گەپ. ئۆلمەسلىك ئۈچۈن ھالال - ھارامنى ئايرىماسلىق كېرەك - دە! يېنىمدا ئايالىم بەرگەن يىگىرمە يۈەن بولمىغان بولسا بالامغا نېمىگە كاۋاپ يېگۈزەتتىم؟...

— دادا، سەنمۇ يېگىنە.

ئۇ ئوغلىغا قاراپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتمەكچى، ساختا بىر خىل قىياپەت ياساپ ئوغلى ئالدىدا روھىيىتىدىكى ئازاب - چۈشكۈنلۈكنى يوشۇرماقچى بولۇۋىدى، قاملاشماي قالدى.

— خاپا بولۇپ قالغان بولساڭ ئەمدى پۇل خەجلىمەيمەن.

— يە، بالام، سەن قانچە كۆپ يېسەڭ مەن شۇنچە خۇش بولىمەن.

ئۇ كاۋاپچىغا يىگىرمە يۈەن تەڭلىۋىدى، كاۋاپچى ئۇنىڭغا ئون يۈەن قايتۇرۇپ بەرگەچ ھېيلىگەرلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى - دە، «يەنە كەپ تۇرارسىز» دەپ ئۇنىڭ بالىسىنىڭ چىرايىغا بىرنەرسە ئىزدىگەندەك سىنچىلاپ قاراپ كەتتى. بالا ئەڭ ئاخىرقى بىر زىخ كاۋاپنى سىيرىپ قوۋۇزىغا لىققىدە تولدۇرۇپ قىينىلىپ تۇرۇپ چاينىغاچ دادىسىنىڭ قولىغا ئېسىلدى. ئۇ كوچا چىراغلىرى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇرغان پىيادىلەر يولىدا كېتىۋاتقاچ ياشاشنىڭ مۈشكۈلاتلىرى توغرۇلۇق ئويلانماقتا ئىدى.

تۇغۇلۇشنىڭ ئۆزىلا بىر خىل ئازابنىڭ باشلىنىشى ئىكەن. قىز بىلەن يىگىت قەلبىدىكى يوشۇرۇن ئازابنى يېڭىش ئۈچۈن تونۇشۇپ، مۇھەببەتلىشىپ تويلىشىدىكەن. مۇھەببىتى چېچەكلىگەن چاغدا بەزىلەر خۇشال بولىدىكەن، بەزىلەر خاپىلىق تارتىپ قالىدىكەن. چېچەكنىڭ قانداق مېۋە بېرىشىمۇ بىرسىنى خۇشال قىلغان بولسا، يەنە بىرسىنى ئازابلايدىكەن. ئاشكارا خۇشاللىق بىلەن يوشۇرۇن ئازاب ئىچىدىكى كۆيۈنۈش، ئاسراش، تەقدىم قىلىش بوۋاقنى غەم - ئەندىشىسىز ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىكەن. بىراق بۇنداق ئىمكانىيەت يارانقۇچىلارچۇ؟ كۆيۈش، كۆيۈش يەنە كۆيۈش ئىچىدە تىنىمسىز تىپىرلاشقا، تەقدىرنىڭ قارىغۇ قامچىلىرىدا ساۋىلىشقا دۇچ كېلىدىكەن. خىيالىدا، روھىيىتىدە، تۇيغۇسىدا ياسىغان بېھىشكە كىرىش، ئېرىشىش ئۈچۈن تىنىمسىز تىپىرلاپ ئاخىرىدا مەڭگۈلۈك جىمىپ قالىدىكەن...

يەنىلا خىزمەت تاپقىنىم ياخشى ئىدى. بىراق نېمە ئىش قىلىمەن؟ يەنە قايسى ئىدارىنىڭ ئالدىغا

بىرىپ دەشمىسىپ تۇرىمەن؟ ھەي، «ئۆيى يوقنىڭ جېنى يوق» دېگەنلەر نېمىشقا «ئىش ئورنى يوقنىڭ جېنى يوق» دېمەيدىغاندۇ. ئوغۇل بالىغا يەتمىش ئىككى خىل ھۈنەر ئازلىق قىلىدۇ دېگەن بوۋىلىرىم قېنى؟ يەتمىش ئىككى خىل ئەمەس، ئىككى خىل ھۈنىرىم بولغان بولسا جېنىمنى گۆلدەك باقاتتىم. شۇ ھۈنەرلەر مودىدىن قالدىمۇ ياكى چاتاق مەندىمۇ؟

ئۇ ئۆيگە كېلىپ بالىسىنى يوتقىنىغا سولاپ قويۇپ يەنە ھېلىقى گىرىم ئۈستىلى ئالدىغا كەلدى. بۇ قېتىم گىرىم ئۈستىلىدىكى ئەينەك يۈزىدە پۇل تاپقىلى بولىدىغان كەسىپلەر بىر - بىرلەپ خۇددى كىنو ئېكرانىدىكى كۆرۈنۈشلەردەك نامايان بولۇشقا باشلىدى.

تىلەمچى، مايلامچى، باققال، سېتىقچى، كۆكتاتچى، ئۆپكە - ھېسىپ ساتقۇچى. . .

ئۇ تىلەمچىلەرنى مەسخىرە قىلاتتى، كۆزگە ئىلمايتتى. بىراق ئۇنىڭ كۆزىگە بىرىنچى بولۇپ تىلەمچى چېلىقتى. باشقىلىرىنىڭ تاپقان پۇلى غەللىدە، پەقەت تىلەمچىنىڭلا ئالدىدىكى دوپپا ئىچىدە ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرغاچقا ئۇنىڭ كۆزى ئاۋۋال پۇلنى، ئاندىن تىلەمچىنى كۆرگەن بولۇشى مۇمكىندەك قىلاتتى. بۇ قېتىم ئۇ ئاشۇ تىلەمچىگە ھەۋەسلىنىپ قالدى. تىلەمچىنىڭ يېنىدا كىچىك، ئۆزىنىڭ بالىسىدەك ئىككى بالا ئويناپ يۈرەتتى. «تىلەمچى تىلىگەن پۇللىرى بىلەن ئاشۇ بالىلارنى يەنە ئۆيىدىكى ئايالىنى باقىدىغاندۇ. بىراق مەنچۇ؟ مەن ئايالىمنىڭ پۇلىغا قاراشلىق. ئايالىم مېنى، بالامنى بېقىۋاتىدۇ. بىراق ئۇ پۇلنى قانداق تاپىدۇ؟ تىلەمچىگە كىشىلەر ئىچ ئاغرىتىپ پۇل بېرىدۇ. ناۋادا ئايالىم راستلا ھېلىقىدەك ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەن بولسا خەق ئۇنى ئاياغ ئاستى قىلىپ، ئىچ - يۇشۇقىنى چىقارغانلىقى ئۈچۈن پۇل بېرىدىغاندۇ. ھەي، ئايالىم ئۇلارنى سۆيۈشكە، قۇچاقلاشقا، نېمە دېسە شۇنى قىلىشقا مەجبۇر. ئۇنى بۇ يولغا باشلىغان مېنىڭ بولۇمسىزلىقىم، ئىسىت، مەن بىر تىلەمچىلىكمۇ بولالمىسام يەنە قانداقمۇ ئايالىمغا. . .»

ئۇ ئەينەككە قاراشقا پېتىنالماي ياندىكى ئۆيگە كىردى. ئۆينىڭ ئىچىدىن مۇزدەك سوغۇق كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ تامغا قاراپ ئۆزىنىمۇ، يۈرىكىنىمۇ ۋىجدان، غۇرۇرىنىمۇ ئاشۇ تامنىڭ سوۋۇقىغا ئوخشاش تۆكۈلۈپ كەتكەندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۆي ئىچى سوغۇق ئىدى. ئۆي ئۇنى قارشى ئالمايدىغاندەك، ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ كەتكەندەك، ئۇنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن مۇزلاپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ئازراق بولسىمۇ ئىللىقلىق ئىزدەپ تورۇستىكى چىراغقا قارىۋىدى، تېنى تىكەنلىشىپ كەتتى. چىراغنىڭ كەينىدىكى قاراڭغۇلۇقتا يوغان بىر مەخلۇق ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا خىرىس قىلىۋاتقاندەك، ئۇنى ئىز - دېرەكسىز يوقىتىش ياكى يۇتۇۋېتىش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتقاندەك ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قاراپ تۇرغاندەك تۇيۇلۇپ كەتكەندى.

مېھمانخانا ئۆينىڭ تېمىدىكى سائەت ئىككى قېتىم داڭ ئۇردى. بۇ ئەتىگەن سائەت ئىككى بولغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. سائەتنىڭ داڭ ئۇرغان ئاۋازى بىلەن چىراغتىن تارقىلىۋاتقان نۇر دەستىلىرى بىرىكىپ، قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقان كۈلكە ئاۋازى ئارىسىدا ماتەم ساداسى ياڭراۋاتقاندەك چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر خىل ئەنسىزچىلىك پەيدا قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنى قارا بېسىۋاتقاندەك، باش - ئاخىرى يوق چۈش ئارىسىدا قاپسىلىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ ياتاق ئۆيگە كىرىپ يېشىنىپ بالىسىنىڭ يېنىغا يوتقاننى تاشلاپ يوتقانغا ئوراندى. ئۇنىڭ كۆزى يۇمۇلۇپ تۇراتتى، ئىشىكنىڭ قۇلۇپىغا ئاچقۇچ سالغان چاغدىكى تاراقلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ كۆزىنى ئاچتى. ئىشىكنىڭ ئېچىلىشى بىلەن تەڭ ئاڭلانغان رىتىمسىز ئاياغ ئاۋازى بىلەن بىر ئەرنىڭ بوش ئاۋازدا سورىغان سوئالى ھەم ئايالىنىڭ خاتىرجەم ھالدا بەرگەن جاۋابى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

– ئېرىڭ يوقتۇ - ھە؟

– ۋاي ئانامەي، مەن باشلاپ ماڭغاندىكىن خاتىرجەم بولمامسەن.

– نېمىلا دېگەنبىلەن ئېھتىيات قىلغىنىمىز ياخشى. قاياققا كىرىمىز؟

– ھەممىسى ئۆزۈمنىڭ ئۆيى، خاتىرجەم كىرىۋەر.

ئۇ كۆزىنى كىرىپىكلىرى تۆكۈلۈپ كەتكۈدەك قاتتىق يۇمدى. ئېيتقۇسىز خورلۇق، ئەلەم دەستىدىن ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. شۇ تاپ ھەممە ياق قاندەك قويۇق زۇلمەت - بىپايان قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بارلىق ئورگانىزملار توختاپ قالغاندەك قىلاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئەدەبىي خاتىرىلەر

ياسىن هاۋازى تەرجىمىسى

## بىز سەپەر ئۈستىدە

### دىك (ئامېرىكا)

بىز توختاپ قالغان هالەتتە ئەمەس، بەلكى سەپەر ئۈستىدە.

سىنىڭ كىم ۋە قەيەردە بولۇشۇڭدىن قەتئىينەزەر، مۇشۇ ۋاقىتتا هاياتلىقتىكى قىسقىغىنە مۇشۇ دەقىقىلەردە سەن بىلەن مەن بىر جەھەتتە پۈتۈنلەي ئوخشاشمىز، ئۇ بولسىمۇ، بىز توختاپ قالغان هالەتتە ئەمەس، بەلكى سەپەر ئۈستىدە. بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز كۆرگىلى بولمايدىغان بىر نىشانغا قاراپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان بىر خىل هەرىكەت، يۈزلىنىش، شۇنداقلا مۇقىم ۋە توختاۋسىز ئىلگىرىلەش هېسابلىنىدۇ. بىز هەر كۈنى پايدا ئېلىپ ۋە زىيان تارتىپ تۇرىمىز، مەرتىۋىمىز ۋە ئەخلاقىمىز قارىماققا ئىلگىرىكى بىلەن ئوخشاشتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارمۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. چۈنكى نوقۇل ۋاقىتنىڭ ئىلگىرىلىشى بىر خىل ئۆزگىرىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، سىنىڭ بىر پارچە ئېتىزىڭ بولسا، ئۇنىڭ 1 - ئايدىكى هالىتى بىلەن 7 - ئايدىكى هالىتى جەزمەن ئوخشاش بولمايدۇ. يەنى پەسىل پەرقىنى هاسىل قىلغان بولىدۇ. بالىنىڭ كەمتۈكلۈكى مەسۇم سەبىيلىك دەپ قارالسىمۇ، ئۇ چوڭلاردا ئىپادىلەنسە بالىلىق بولۇپ قالىدۇ.

بىز قىلغان هەر بىر ئىش مۇئەييەن يۆنىلىشكە قاراپ بېسىلغان قەدەمدۇر. هەتتا قىلمىغان ئىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر تۈرلۈك هەرىكەتتىن ئىبارەتتۇر. ئۇ بىزنى يا ئالغا باستۇرىدۇ ياكى ئارقىغا چېكىندۇرىدۇ. ماگنىت ئىستىرېلكىسىنىڭ مەنپىي قۇتۇپلۇق رولى ۋە مۇسبەت قۇتۇپلۇق رولى ئوخشاشلا يا رەت قىلىش يا قوبۇل قىلىش بولىدۇ.

سەن بۈگۈن ئۆز پىرىستانىڭغا تۇنۇگۈنكىگە قارىغاندا تېخىمۇ بەكرەك يېقىنلاشتىڭمۇ قانداق؟ شۇنداق، مەلۇم پىرىستانغا ئازغىنە بولسىمۇ يېقىنلىشىشىڭ تۇرغانلا گەپ. چۈنكى سىنىڭ كېمەڭ هاياتلىق دېڭىزىدا تۈنجى قېتىم سۇغا چۈشكەندىن ئېتىبارەن بىرەر دەقىقىمۇ توختاپ قالمىدىڭ. هاياتلىق ئوكيانى شۇ قەدەر چوڭقۇركى، توختىغىلى بولغۇدەك بىرەر جايمۇ تاپالمايسەن. پىرىستانغا يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن توختىشىڭغا زادى بولمايدۇ.

## بالىلىق تەسىراتلىرى

### شابانى (تانزانىيە)

بالىنىڭ قايغۇسى چوڭ ئادەم ئۈچۈن هېچ گەپ هېسابلانمىسىمۇ، بالىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قالتىس چوڭ ئىش هېسابلىنىدۇ.

ياشانغانلار بالىلىق دەۋر كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئەڭ گۈزەل پەيت، دېيىشىدۇ. ئۇلار بالىلىق دەۋرگە تەلپۈنۈپ، ئاشۇ بەختلىك كۈنلەردىكى خاتىرىلەرنى، يەنى قىزىقارلىق ئويۇنلارنى، ئېتىز - ئېرىقلاردىكى تاماشىلارنى، مەكتەپ قوينىدىكى خۇشاللىقلارنى، قەدىرلىك ئاتا - ئانىلىرىنى، سۆيۈملۈك ئۇكا ۋە سىڭىللىرىنى، تەڭتۇشلار بىلەن بىللە ئويناپ ئۆتكۈزگەن پائالىيەتلەرنى، باش - ئايىغى ئۈزۈلمەس كۈلكە - چاقچاقلارنى، شۇنىڭدەك بالىلىق چاغلىرىدا ئېلىپ تۇرىدىغان سوۋغاتلارنى ئەسلىشىپ تۇرىدۇ. ئۇلار بالىلىق چاغلىرىدا قورساق تويغۇزۇش غېمىدە جېنىنى سېتىپ يۈرۈش كەتمەيتتى. نېمە لازىم بولسا، ئانىلىرى غەملەپ بېرەتتى. ئۇلار ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىگەن چاغلىرىدا بالىلىق چاغلىرىدىكى گۇمانلىق مەسىلىلەر ۋە قىيىن مەسىلىلەر

ئەرزىمەس بولۇپ تۇيۇلىدۇ ھەتتا مەنىسىز بىلىنىپ كېتىدۇ - دە، ئىختىيارسىز ھالدا كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىنى قىستايدۇ. ئۇلار بالا چاغلىرىدا چوڭراق پېشكەللىكلەرگە يولۇقمىغان، ئېغىر مەجبۇرىيەتلىرىمۇ يوق ئىدى. ھېچقانداق خەۋپ - خەتەرلەرگىمۇ يولۇقمىغانىدى. ئۇلار ئاڭلىغانلىرىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەتتى، ئادەمنىڭ ساختا ۋە ئالدامچى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىشمەيتتى. ئۇ چاغلاردا ئۇلارنىڭ قەلبى پاك - مەسۇم بولۇپ، كۈن بويى خۇشال - خۇرام ياشايتتى. شۇڭا، ياشانغان كىشىلەر بەزى چاغلاردا بالىلىق چاغلىرىغا قايتىشنى ئارزۇ قىلىشىدۇ.

ياشانغانلارنىڭ ئېيتقانلىرى راست بولسا كېرەك. مېنىڭچە، ئۇلار بالىلىق چاغلىرىدىكى بىرمۇنچە كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇشقاندۇ. ئەگەر تەڭرى ئۇلارنى مۇراد - مەقسەتلىرىگە يەتكۈزسە، ئۇلارنى بالىلىق چاغلىرىغا قايتۇرسا ئۇلار ئۇنۇماسلىقى مۇمكىن. مۇنداق بىر ھېكايە بار ئىكەن: كىچىك بىر بالا مەكتەپتىن ئۆيىگە قويۇۋەتكەندىن كېيىن «مەكتەپكە ئەمدى بارمايمەن» دەپ يىغلاپ تۇرۇۋاپتۇ. ئۇنىڭ دادىسى: «مەن بالا بولۇپ قالىدىغان بولسام، ھازىرلا مەكتەپكە باراتتىم» دەپ ئۇنىڭغا تەنبىھ قىپتۇ. كۈتۈلمىگەندە تەڭرى ئۇنى ئارزۇسىغا قاندۇرۇپتۇ - دە، بىردىنلا كىچىك بالىغا ئايلىنىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ بالىسى بولسا چوڭ ئادەم بولۇپ قاپتۇ. بالا قىياپىتىدىكى دادا مەكتەپكە بېرىشقا مەجبۇر بوپتۇ. مەن شۇنى كېسىپ ئېيتىشقا جۈرئەت قىلىمەنكى، ئۇ بۇنداق قىلىشنى ھەرگىز خالىمايدۇ. بالىنىڭ قايغۇسى چوڭ ئادەم ئۈچۈن ھېچ گەپ ھېسابلانمىسىمۇ بالىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قالتىس چوڭ ئىش ھېسابلىنىدۇ.

## ئويلىنىش

### سېنېكا (قەدىمكى رىم)

تۇرمۇش دېگەن راھەت - پاراغەتلىك ئىش بولماستىن، بەلكى ئۇزاقتىن - ئۇزاققا سوزۇلغان يولدۇر.

ئادەم تۇرمۇشقا گويا سەپەرگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. تۇرمۇشتا خىلمۇ خىل ئىشلار ساڭا يوپۇرۇلۇپ كېلىدۇ. خىلمۇ خىل ئىشلار ساڭا زەربە بېرىدۇ. تۇرمۇش دېگەن راھەت - پاراغەتلىك ئىش بولماستىن، بەلكى ئۇزاقتىن - ئۇزاققا سوزۇلغان يولدۇر. سەن مۇشۇ يولغا قەدەم باسقانىكەنسەن، سەندە تېيىلىپ كېتىش، يىقىلىپ چۈشۈش ۋە زەربىگە ئۇچراش تەييارلىقلىرى بولۇشى كېرەك. سەن بىر جايدا بىر ھەمراھىڭ بىلەن خوشلىشىسەن، يەنە بىر جايدا يەنە بىر ھەمراھىڭنىمۇ كۆمۈپ قويىسەن، يەنە 3 - بىر جايدا بىر ھەمراھىڭدىن قورقىسەن، مانا بۇلار ئوڭغۇل - دوڭغۇل كەلگەن تۇرمۇش سەپىرىڭدە دۇچ كېلىدىغان ئىشلاردۇر. ئۆلۈشنى ئويلامسەن؟ ئۇنىڭ ھەممىسىگە ئۆزۈڭنىڭ تەييارلىقى بولۇشى كېرەك. بوران چىقىپ، چاقماق چېقىۋاتقان جايغا قەدەم باسقانلىقىڭنى تونۇپ يەتكىن، ئۇ يەردە قايغۇ - ئەلەم، ئۆچەككەشلەر ۋە غەم - ئەندىشىلەر ساڭا جاي راسلاپ قويغان بولىدۇ، تاتىرىپ كەتكەن كېسەللىك ۋە مىسكىنلىك بىلەن تولغان قېرىلىق سېنى ساقلاپ تۇرغان بولىدۇ. مانا بۇلار ئۆمۈر بويى بىللە بولىدىغان ھەمراھلىرىڭدۇر، ئۇلاردىن ئۆزۈڭنى قاچۇرالمايسەن، سېنىڭ قولۇڭدىن كېلىدىغىنى ئۇلارغا پىسەنت قىلماسلىقتىن ئىبارەت. ئۆتمۈش ھەققىدە ئۇزلۇكسىز ئويلىنىش ئارقىلىق كەلگۈسىنى مۆلچەرلىيەلەيسەن. كىشىلەر خېلى بالدۇرلا تەييارلىق قىلىپ قويغان بولغاچقىلا تۈرلۈك جاپا - مۇشكۇللەرگە، ھەتتا باشقىلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچرايدىغان ئىشلارغا نىسبەتەنمۇ توغرا مۇئامىلە قىلىدىغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، تەييارلىقسىز تۇرغان ئادەم مۇھىم بولمىغان ئۇششاق - چۈششەك ئىشلاردىن قورقۇپ يۈرەكئالدى بولۇپ كېتىدۇ. ھەرقانداق ئىش يۈز بەرگەن تەقدىردىمۇ بىزنى ھەيرانۇ - ھەس قالدۇرالمايدىغان دەرىجىدە بولالىشىمىز كېرەك.

## بىر تەرەپلىمە قاراش

### گولباخ (فرانسىيە)

بىر تەرەپلىمە قاراش بىزنى تەربىيىلىگۈچە-

مىزنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى چوقۇم قوبۇل قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

ئادەمنىڭ مېڭىسى يۇمشاق ھالەتتىكى شامغا ئوخشايدۇ. بولۇپمۇ بالىلىق دەۋردە شۇنداق بولىدۇ. ئۇ شامدا ئادەم ئېرىششنى ئۈمىد قىلغان بارلىق قاراشلىرىنىڭ ئىزناسى ساقلىنىپ قالىدۇ. ئادەمنىڭ پۈتكۈل ئەقىدىسى تامامەن دېگۈدەك تەربىيىلەشكە باغلىق بولىدۇ. ئۇ ئەقىدىلەرگە ئادەم تېخى مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىغان يېشىدىلا ئېرىشكەن بولىدۇ. بىز شۇنداق دەپ قارايمىزكى، بالىلىق دەۋرىمىزدە ئېرىشكەن بىۋاستە قاراشلىرىمىز ياكى ساختا قاراشلىرىمىز تەبىئىتىمىزدە ئەسلىدە بار بولغان بولىدۇ. بىز بۇ ئالەمگە شۇ كۆزقاراش بىلەن بىللە ئاپىرىدە بولغان، ئۇ ئەقىدە بولسا بىزنىڭ ھەر خىل سەپسەتىلىرىمىزنىڭ تۈپ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، تەربىيىچىلەرنى خېلى ئەقىللىق دەپ ھېسابلايمىز، ئۇلارنىڭ بىزگە ئۆگەتكەن بىلىملىرىنى تامامەن توغرا دەپ قارايدىغانلىقىنى قىياس قىلىمىز، ئۇلارغا تامامەن ئىشىنىمىز. چۈنكى ئۇلار بىز باشقىلارنىڭ ياردىمىگە زۆرۈر تەشنا بولغاندا، بىزگە غەمخورلۇق قىلىپ تۇرىدۇ، شۇڭا «ئۇلار بىزنى ئالدىمايدىغۇ» دەپ ھېسابلايمىز. مانا بۇلار بىزنىڭ بىزنى تەربىيىلىگۈچىلەرنىڭ زىيانلىق ساۋاقلىرىغا ئاساسەن كۆپ خىل بىمەنە قاراشلارنى تۇرغۇزۇۋېلىشىمىزنىڭ سەۋەبىدۇر. بىز ئاڭلىغان گەپ - سۆزلەر توغرىسىدا ئويلىنىش چەكلەنگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىگە بولغان ئىشەنچىمىزگە تەسىر يەتكۈزمەيلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى چىڭىتىپ بارىدۇ.

## پايدىسىز ئارتۇقچىلىق


### يۇم (ئەنگلىيە)

ئەگەر بىر ئادەمدە مەلۇم نۇقسان ياكى يېتەرسىزلىك بولسا، ھەمىشە ئۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا مەلۇم ئارتۇقچىلىقمۇ بولىدۇ. ئۇنداق ئارتۇقچىلىق ئۇنى پۈتۈن ۋۇجۇدىدىكى يېتەرسىزلىككە قارىغاندا تېخىمۇ بەكرەك قەبىھ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. پۈتۈن ۋۇجۇدى نۇقسانلار بىلەن تولۇپ كەتكەن ئادەم ئازراقلا قېيىنچىلىقتا قالسا چۆچۈپ ئويغىنىدۇ. لېكىن ئۇ كەڭ قورساق، مەرد ۋە ياخشى نىيەتلىك بولسا، باشقىلارغا ئەمەلىي ھالدا كۆڭۈل بۆلەلەيدۇ ۋە ئۇنى كۆپ جەھەتتىن ئامەتلىك قىلالايدۇ. ئۆزى بولسا تېخىمۇ بەختسىز بولۇپ قالىدۇ.

نۇقسانى بار ئادەمگە نىسبەتەن ئۇيۇلۇش ۋە نومۇس تۇيغۇسى دەرۋەقە گۈزەل ئەخلاق ھېسابلىنىدۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان نەتىجە غايەت زور كۆڭۈلسىزلىك ۋە پۇشايماندىن ئىبارەت بولىدۇ. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بەزى بۇزۇق ئادەملەر جىنايەتتىن پۈتۈنلەي ئۆزىنى تارتىپ، خەير - ساخاۋەتلىك ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنالايدۇ. مېھرىبان - ئىللىق چىرايلا بولۇپ ياخشى نىيىتى بولمىغان ئادەم باش - چېكى يوق ئىشقى - مۇھەببەتتە مەردانە خاراكتېرغا ئىگە بولغان ئادەمگە قارىغاندا تېخىمۇ تەلەيلىك بولىدۇ، ئەمما بۇنداق ئادەم شۇنىڭلىق بىلەن ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇپ پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسلىرىنىڭ قۇلى بولۇپ قالىدۇ.

بىزنىڭ ھېسسىياتىمىز ئۈچۈن غەمكىن خاراكتېر دەرۋەقە كەمتۈكلۈك ۋە يېتەرسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئۇ ھەمىشە يۈكسەك دەرىجىدىكى شان - شەرەپ تۇيغۇسى ۋە ھەقىقىي سەممىيلىك بىلەن ياندىش كېلىدۇ. گەرچە ئۇ ئادەمگە ئىنتايىن ئېچىنىشلىق تەسىر بەرسىمۇ، لېكىن ناھايىتى ئالىيجاناب ئادىمىي خىسلەت قاتارىدا چېلىقتۇرغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، شەخسىيەتچى، مۇناپىق ئادەم جانلىق، خۇشال خاراكتېر ۋە مەلۇم كۆڭۈللۈك كەيپىياتقا ئىگە بولسا ئۇمۇ ياخشى خىسلەت ھېسابلىنىدۇ. ۋەھالەنكى، ئاشۇ ياخشى تەرەپ ئۇنى بىرمۇنچە ئەسكى ئىشلارنى قىلىشقا گىرىپتار قىلىپ ئېغىر جازاغا دۇچار قىلىدۇ - دە، ئۇنىڭ تەقدىرى ياخشىلانغان بىلەن بىرمۇنچە سەۋەنلىكلەر ئۇنى پۇشايمان قىلدۇرىدۇ ۋە ئەنسىزلىككە سالىدۇ.

# «شائىر خەلقىنىڭ پۈشتى ئىكەنلىكىمدىن پەخىرلىنىمەن»



(ياش شائىر ئادىل تۇنىياز بىلەن سۆھبەت)

**ئۆمەرجان سىدىق**

**ئۆمەرجان سىدىق:** ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئادىلجان، ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟ ئالدى بىلەن سىز بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىمدىن ئۆزۈمنى ئىنتايىن خۇشال ھېس قىلىمەن ھەمدە بۇ قېتىمقى سۆھبىتىمىزنىڭ سىزگە قىزىققۇچى نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىدىغانلىقىغا، ئۇلارنىڭ تىلەكلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

**ئادىل تۇنىياز:** بۇنىڭدىن بۇرۇن شېئىرلىرىم ئارقىلىق قەلبىدە مېنىڭكىگە ئوخشاش مۇقەددەس ئوت كۆيۈپ تۇرىدىغان بارلىق دوستلارغا سالام يوللاپ تۇرغانىدىم. ھەر بىر شېئىر مېنىڭ دەرۋىشانە دۇنيادىن چىقىپ، شاۋقۇنلۇق كىشىلەر توپىغا، مەن ئۇچۇن ئەڭ ئەزىز مېھرىبان خەلقىمگە يوللىغان ئاشىقانە سالىمىم ئىدى. ھازىرغا كەلگۈچە نەشر ئەپكارلىرى ئارقىلىق بولىدىغان سۆھبەتلەردىن ئۆزۈمنى تارتىپ شېئىردىن باشقا ئىپادىلەشنى رەت قىلىپ كەلگەنىدىم. ئادەم ئادەم سېغىنىدۇ، شائىر ئادەملەرنى تېخىمۇ سېغىنىدۇ. سىزنىڭ كىشىگە ئىختىيارسىز ئىلھام بېغىشلايدىغان قىزغىن، سەمىمىي خاراكتېرىڭىز، دوستانە سوئاللىرىڭىز بىردىنلا مېنىڭ ھاياجىنىمنى قوزغاپ، مەندە ئوقۇرمەنلەر بىلەن سىردىشىش تۇيغۇسىنى ئويغاتتى، ئادەملەرگە بولغان سېغىنىشىمنى كۈچەيتتى. شېئىرىيەت كوچىسىدىكى ئىككى گادايىنىڭ ۋە سان - ساناقسىز شېئىر ئاشىقلىرىنىڭ ئەنجۇمەنى باشلىنىشتىن بۇرۇن سىزگە، شېئىرنى سۆيگەن، شېئىرلىرىمنى ئوقۇغان بارلىق ئەزىزلەرگە چوڭقۇر تەشەككۈر ئېيتىمەن.

يۈكسەك دەرىجىدە ئەقلىيلەشكەن، سانائەتلەشكەن باشقا ئەللەردە ئادەم ماشىنا ۋە كومپيۇتېرلار ئارىسىدا، روھىي دۇنيانىڭ قارشىسىدا تۇرۇۋاتقان بۇ ئەسىردە ئۇپرىماس روھىي قۇۋۋەت بىلەن ئۆز دۇنياسىدا ياشاۋاتقان شائىر خەلقنىڭ پۈشتى ئىكەنلىكىمدىن پەخىرلىنىمەن. خەلقىمىز ئارىسىدا شېئىرنىڭ ئەتىۋارى بولغاچقا، بىزنىڭ شېئىرىيەت ھەققىدىكى سۆھبەتلىرىمىزمۇ ناھايىتى كۆڭۈللۈك بولىدۇ دەپ ئويلايمەن!

**ئۆمەرجان سىدىق:** بىز قۇراملىق بىر تۈركۈم ياشلار ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان 80 - يىللارنىڭ ئاخىرى، 90 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ھەممىمىزدە ئەدەبىياتقا، شېئىرىيەتكە بولغان ئوتتەك ئىشتىياق بار ئىدى. بىرەر پارچە شېئىر ئېلان قىلىش، شائىر ئاتىلىش ئاجايىپ زور شەرەپ ھېسابلىناتتى. ھەممىمىز گېزىت - ژۇرناللاردىكى شېئىرلارنى ئالا قويماي ئوقۇيتتۇق، شائىرلارنى ناھايىتى چوڭ بىلەتتۇق. دەل مۇشۇ ۋاقىتلاردا سىز ئەمدىلا ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان، 17 - 18 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن ئۆزگىچە شېئىرىي دىت، ئالاھىدە بەدىئىي ئىستېدات ۋە كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان پاساھەتلىك شېئىرلىرىڭىز بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ

uyghurkitap.com


كەلگەنىدىڭىز. بولۇپمۇ سىزنىڭ شۇ مەزگىللەردە يازغان ئانا سەھرايىڭىزغا بولغان سېغىنىشىڭىز ۋە جەنۇب يېزىلىرىنىڭ تۇرمۇشى يارقىن بەدىئىي مۇھىت ئىچىدە يارىتىلغان «سالام سېنىڭ چوغدەك تېخىڭغا»، «مېنىڭ ئادرېسىم» قاتارلىق شېئىر، داستانلىرىڭىز جەمئىيەتتە تەسىر قوزغىدى، ھەتتا «ئادىل تۇنىياز ھادىسىسى»نى پەيدا قىلدى. سىز مۇشۇ شېئىرلارنى يېزىش جەريانىدىكى ۋە بۇ شېئىرلار ئېلان قىلىنىپ، جەمئىيەتتە تەسىر قوزغىغاندىن كېيىنكى ھېسسىياتىڭىزنى سۆزلەپ باقسىڭىز؟ بۇ شېئىرلار قانداق شارائىتتا يېزىلغان، سىز ئىجادىيەت سېپىگە قانداق مۇھىتتا كىرىپ كەلگەن؟

**ئادىل تۇنىياز:** مەن تېخىچە ئۆزۈمنى «ئىجادىيەت سېپى»گە كىرەلمىگەندەكلا ھېس قىلىمەن، نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن فرانسىيە شائىرى سان جون پېرس: «مەن ئادەملەر ئارىسىدا ياشىسام دەيمەن» دېگەنىكەن. شۇنىڭغا ئوخشاش مەنمۇ سىز ئېيتقان بۇ سەپكە قوشۇلۇۋالسام دەيمەن. بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب، ئەتراپىمدىكى تالانتلىق ئەدىبلەرگە، قەلەمكەش دوستلىرىمغا زەن سېلىپ قاراپ باقسام، مەندە ئەدەبىياتچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك نۇرغۇن «شەرت»لەر كەمدەك، گويا ئۆزۈم ئەدەبىياتچى ئەمەستەك، شېئىرلارنى بولسا بىلمەيلا يېزىپ قويغاندەك ھېس قىلىمەن. دېمىسىمۇ ياش قەلەم ساھىبلىرى جەم بولغان بىر شاراب سورۇنىدا بەزىلەر (خۇدا ئۇلارنى كەچۈرگەي!) «ئادىل تۇنىيازدا شائىرلىق ئېلېمېنتى يوق، بىلمەي يېزىپ قالغان نېمە! قاراپ تۇرۇڭلار، پات ئارىدا يېزىشتىن توختاپ قالىدۇ!» دېگەنىكەن. شۇ پاراڭلار بولۇنغىنىغا 7 - 8 يىلچە بولۇپتۇ، لېكىن يېزىشتىن توختاپ بولالمىدىم. بەزى تۈز كۆڭۈل دوستلىرىم «توي قىلغاندىن كېيىن بىر مەزگىل توختاپ قېلىشىڭىز مۇمكىن، شائىرنىڭ شائىرلىقى توي قىلغۇچە» دېگەنىدى. توي قىلغاندىن كېيىن يازماسلىققا يەنە سەۋەب تاپالمىدىم. «بالىلىق بولغىنىڭىزدىن كېيىن تۇرمۇش سىزنى ئالدىرىتىپ قويىدۇ» دېگۈچىلەرمۇ بولدى. بىراق بالىلىق بولغاندىن كېيىن بالامنىڭ يېنىمدا ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرۈپ يۈرۈشى، چۈچۈك تىلى، چوڭلارغا ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە پىكرى ۋە دۇنياسى مېنى تېخىمۇ بالا قىلىپ قويدى، بالىلىق دۇنياسىدا تېخىمۇ كۆپ شېئىرلارنى بايقىدىم. 18 - 19 ياش چاغلىرىمدىن باشلاپ ئېلان قىلغان «سالام سېنىڭ چوغدەك تېخىڭغا»، «مېنىڭ ئادرېسىم»، «ئۆمۈچۈك ناخشىلىرى» قاتارلىق شېئىر، داستانلىرىممۇ ئەمەلىيەتتە «بالىلىق كەچۈرمىشلىرىم» ئىدى. مەن ئاشۇ چاغلاردا ئۆزۈم ئوقۇغان شېئىرلارغا ئەمەس، ئۆز قەلبىمدىكى شېئىرلارغا ئەگەشكەنىدىم.

**ئۆمەرجان سىدىق:** شۇ دەۋردە ۋە كېيىنرەك ئۇيغۇر ئەدەبىيات مۇنبىرىدە «گۇڭگا شېئىر» نامى بىلەن ئاتالغان بىر تۈركۈم شېئىرلار مەيدانغا كېلىپ، بىر مەيدان «شېئىرىيەت ئىنقىلابى»نى پەيدا قىلدى. سىز بۇ خىل شېئىرلارغا - «گۇڭگا شېئىر ھادىسىسى»گە قانداق قارايسىز؟ سىزنىڭچە، بۇ «ئىنقىلاب»نىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى قانداق بولدى؟ بۇ دەۋردە سىزمۇ مۇشۇ خىل ئېقىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدىڭىزمۇ قانداق؟

**ئادىل تۇنىياز:** شېئىر - مەڭگۈلۈك يېڭى ئۇچۇر، بەزىلەر توساتتىن ئۇنى بايقاپ قالىدۇ - دە، ئۇلارغا بىردىنلا يېڭى بىلىنىپ كېتىدۇ. بەزىلەر ھېچقاچان ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشالمايدۇ، بىراق ئەزەلدىن كونىدەك ھېس قىلىدۇ. چۈنكى شېئىر ئادەمنىڭ ئۆزىگىلا باغلىق. شېئىرىيەت ئىنقىلابلىرى، شېئىرىيەت ھادىسىلىرى ھەر كۈنى، ھەر زامان ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ روھىي دۇنيايىمىزنىڭ، تىرىك ئىكەنلىكىمىزنىڭ بەلگىسى. شېئىر سەۋداسى مەندىن 5 - 6 يىل بۇرۇن بېشىغا چۈشكەن ياش ئاۋانگارتلار، شېئىرىيەت كوچىلىرىغا مەندىن نەچچە مىڭ يىل بۇرۇن قەدەم قويغان بوۋاكالان شائىرلار ئوخشاشلا مېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۇستازلىرىم. ئەمەلىيەتتە، بۇ بازاردا ھەر بىر مالنىڭ خېرىدارى ئايرىم، بۇ مازاردا ھەر بىر شەيخنىڭ گۇمبىزى باشقا. ھېچكىم ھېچكىمنى ئىتتەرمىسىمۇ پېتىپ كېتىۋېرىمىز. ئوخشىمىغان بۇلاقلارنىڭ سۈيى قوشۇلۇپ، تەسىر قىلىپ، دولقۇنلىنىپ، ئەدەبىياتنى جۇشقۇن ئۈزۈلمەس ئېقىنغا ئايلاندۇرىدۇ. 80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەدەبىياتىمىز تەقەززا بولۇۋاتقان، بولمىسا بولمايدىغان بۈيۈك شېئىرىيەت دولقۇنلىرى يېتىپ كەلدى. چاقماقتەك يارقىن،

گۇلدۇرمامـــدەك كۇچلۇك بۇ ھەرىكەت گەرچە قىسقىلا داۋاملاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىـــڭ سىلكىشى ئەدەبىياتنىڭ جان تومۇرلىرىغىچە بېرىپ تەگدى. ئۇ يەردە بىز شېئىرىيەتنىڭ ھەقىقىي غازىلىرىنى، بەزىدە ئۇلۇغلارنىڭ پەشۋاسى بىلەن يۈز - كۆزى يېرىلغانلارنـــى كۆردۇق. 90 - يىللارنىڭ بېشىدا مېنىڭ شېئىرلىرىم باشقا بىر يول بىلەن ئۆز تۇغىنى كۆتۈرۈپ، تارتىنغان ھالدا بۇ سەپكە قېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن نوپۇزنى ئەمەس شېئىرنى تونۇيدىغان بىــر تۈركۈم ھەۋەسكارلار كەينىمدىن ئەگەشتى.

**ئۆمەرجان سدىق:** يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تەرەققىيات قەدىمى تېزلىشىپ، كىشىلەرنىـــڭ ئەنئەنىۋى قىممەت قاراشلىرىنىڭ جىددىي خىرىسقا دۇچ كېلىشى، بازار، جەمئىيەت رىقابىتىنىـڭ كەسكىنلىشىشى، ئىقتىساد، پۇل ئېڭىنىـــڭ كۈچىيىشى ئارقىسىدا كىشىلەردىكى شېئىـــرغا بولغان قىزغىنلىق زور دەرىجىدە سۇسلىشىــپ كەتتى. شېئىرنىڭ بازىرى كاساتلىشىپ، شېئىر توپلاملىرى نەشرىيات، كىتابخانىلاردا تۈركۈم - تۈركۈملەپ بېسىلىپ قالدى. ئىلگىرى شېئىــر يازىدىغانلىـــقىدىن، شائىـــرلىـــقىدىن مەغرۇرلىنىدىغان كىشىلەر ئەمدى جەمئىيەتنىڭ ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجـــى تۈپەيلىـــدىن قەلىمىنى باشقا ژانىرغا يۆتكەشكە مەجبۇر بولدى. لېكىــن ئۇن نەچچە يىـــلللـــق ئىـــجادىيەت مۇساپىڭىـــزدىــن شۇ نەرسە ئايان بولۇپ تۇرۇپتۇكى، ســـزنـــڭ شېئىـــرغا بولغان مۇھەببىتىڭىز قىلچە سۇسلىشىپ قالمىدى. سىز ھەرقانداق بېسىملارغا، يەكلىنىـــشلەرگە پەرۋا قىلماستىن ئىزچىل تۈردە شېئىر ئىجادىيىتـــى بىلەن شۇغۇللىنىـــپ كەلدىڭىـــز، يازغانلىرىڭىز ناھايىتى سۈپەتلىك ھەم كۆپ يازدىڭىز، بۇ خىل روھ ھەقىقەتەن كىشىنى قايىل قىلىدۇ. مۇشۇ ھەقتىكى قاراشلىرىڭىزنى، ھازىرقى «شېئىرىيەت كرىزىسى» ھەققىدىكى ئويلىغانلىرىڭىـــزنـــى سۆزلەپ بەرســـڭىـــز. ھــازىـرقـــى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى بۇ خىل ھادىسە ســـزنـــڭ ئىجادىيىتىڭىزگىمۇ بېسىم ئېلىـــپ كەلدىمۇ؟ پىشقان قەلىمىڭىزنى ھازىرقى بازىرى بىرقەدەر ئىتتىك بولۇۋاتقان ئەدەبىي خاتىرە، ھەر خىل ئىجتىمائىي ماقالىلەر، رومانغا ئوخشاش يىرىك نەسرىي ئەسەرلەرگە ئىشلىتىپ بېقىشنى ئويلاپ باقمىدىڭىزمۇ؟

**ئادىل تۇنىياز:** توپلىق يېزا يوللىرىدا قاتار - قاتار تېرەكلەرگە ھەمراھ بولۇپ مەكتەپكە يالاڭ ئاياغ كېتىۋاتقان چاغلىرىمدا قايناق بىر تۇيغۇنىڭ مەندە شېئىر يېزىش ئىستىكىنى پەيدا قىلغىنىنى ئېنىق ئەسلىيەلەيمەن. ئاشۇ بالا چاغلىرىمدىن باشلاپ شېئىر يېزىپ ئۆگىنىپ قاپتىـــكەنمەن، يەنە قاچانغىچە يازىدىغىنىمنى بىلمەيمەن. ئۇ گويا ماڭا چاپلاشقان بىر شېرىن كېسەل، بۇ كېسەلگە داۋا بارمۇ؟

كىشىلەرنىڭ پۇل - ئىقتىـــساد ئېڭـــى كۈچىيىپ، قايسى دەرىجىگە يەتسۇن، شېئىـــر توپلاملىرى نەشرىياتلاردىكـــى ئېھتىـــياتچان ۋە مۇلايىم «قاسساپ» لارنىڭ يۇمشاق پىچىقى ئالدىدا قانسىراپ ياتسۇن، بەرىبىر مېنىـــڭ شېئىـــر يازماسلىقىمغا باھانە بولالمايدۇ، قىزغىنلىقىـــم سۇسلىشىپ قالمايدۇ. بىـــلمـــدىم، كۆيگەن يامانمۇ، كۆنگەنمۇ؟ ئىشقىلىپ ماڭا شېئىردىن ئارتۇق تۇرىدىغان باشقا ژانىـــر ۋە ئۆزۈمنـــى ئىپادىلەشنىڭ باشقا مۇۋاپىق ئۇسۇلـى يوقتەك. تارىخ، مەدەنىيەت، شېئىر، قوشاق ۋە ئەپسانە - رىۋايەتلەر ھەققىدىكى كىتابلارنـى، ئۆزگىـــچە تەپەككۇردىكى ماقالـــلەرنـــى كۆپ ئوقۇيمەن، ماقالىلەرنى شېئىرىي ھاياجان بىلەن يازىمەن. ھازىرچە پۇل ياكى باشقا نېمىنى دەپ رومان ياكى ھېكايە يېزىشنى ئويلىمىدىم. خۇدا بەرگەن بىر ئوبدان «كېسەل» نىـــڭ دەردىنـــى تارتىـــپ بولالمايۋاتقاندا قىچىشمىغان يەرنى قاشلاپ نېمە قىلاي! ؟

**ئۆمەرجان سدىق:** ئىجادىيەت مۇساپىڭىزدىن ۋە خاراكتېرىڭىزدىن تەھلىل قىلسام، ســزدە شېئىرغا قارىتا ناھايىتى پاك ۋە مۇقەددەس ئېتىقاد بار ئىكەن. بۇ خىل ئېتىقاد ھەققىدە، شېئىر ئىجادىيىتى ھەققىدە ئويلىغانلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز.

**ئادىل تۇنىياز:** مېنىڭ ئېتىـــقادىم شېئىـــر ئەمەس، شېئىر بىر خىل ھەۋەس، مەندە شېئىرغا نىسبەتەن قايناق مۇھەببەت بار. ئېتىقاد ئۇ كاتتا گەپ، ئۇنى ھېچنېمىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. بۇ سۆزنىڭ ۋەزنى، ئۇلۇغلۇقى شېئىرىي ھايات ۋە پۈتۈن كائىناتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىنسان ھەر بىر يۇتۇم سۇ، ھەر بىر لوقما تائام ۋە ھەر بىر نەپەس ئۈچۈن چەكسىز دۇئا - تەشەككۇر ئېيتىشقا لايىق تېگىشلىك بولغان بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۇنيادا مەن قىلغان ئەمەللىرىمنىڭ ئېرىشكەن نېمەتلىرىم ئالدىدا تولىمۇ ئاز، ھەتتا تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ ئۆزۈمنى گۇناھكاردەك ھېس قىلىمەن. شېئىردىنمۇ كەڭ، شېئىردىنمۇ يۇكسەك مەنىگە يۈزلىنىمەن.

**ئۆمەرجان سدىق:** ئادىلجان، سىزنى ئىزچىل تۈردە «رەڭگىنى ئۆزگەرتمەي» كەلگەن ھەقىقىي شائىر دېيىشكە بولىدۇ، بولۇپمۇ شېئىرلىرىڭىزدىكى ئۇيغۇر مىللىتىگىلا خاس بولغان مىللىي پسىخىكا، تارىخىي تۇيغۇ، يەرلىك تۈس ۋە ئەنئەنە روھى كىتابخانلارنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى، «ئەركەكلەر قېنى سىلەر»، «قەشقەردىكى يەر شارى»، «ئۆمۈچۈك ناخشىلىرى» قاتارلىق داستانلىرىڭىز، يېقىندا «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «دېرىزە ئالدىدا: قەشقەر»، «ئوسما» قاتارلىق شېئىرلىرىڭىز بۇ پىكرىمىزنىڭ دەلىلى بولالايدۇ. بۇ شېئىرلىرىڭىزدا ھەم كىشىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدىغان، كىتابخاننى شېئىردا تەسۋىرلەنگەن بەدىئىي مۇھىت ئىچىگە ئىختىيارسىز باشلاپ كىرىدىغان، ھەم كىشىنى قايتا ئويلىنىشقا ئۈندەيدىغان ئالاھىدىلىك بار. لېكىن ئوتتۇرىدا بىر مەزگىل بىر قىسىم شېئىرلىرىڭىزدىكى ھەددىدىن ئارتۇق گۇڭگىلىق مېنى سەل گاڭگىرىتىپ قويىدى. سىزنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى قارىشىڭىزنى ئاڭلاپ باقسام قانداق؟ سىزمۇ بىر مەزگىل شېئىرىيەتتە «ئۇسلۇبىڭىزنى ئۆزگەرتىش»، «سىناق قىلىش» ئېلىپ بارغانمۇ؟

**ئادىل تۇنىياز:** مەن شېئىرىيەتتە ئۇسلۇب ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئۆزۈمنى مەجبۇرلاپ باققىنىم يوق. تۇيغۇلىرىم دائىم يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ، شېئىرلىرىممۇ شۇنىڭغا بېقىپ ئۆزگىرىدۇ. تەبىئىي تۇيغۇغا سادىقلىق بىلەن ئەگىشىش نەتىجىسىدە، بەزىدە بىر ئايدا بىرنەچچە يېڭى ئادىلنى، بەزىدە 2 - 3 يىلدىمۇ بىرلا ئادىلنى كۆرىمەن، شېئىرلىرىمدىكى ئاشۇ نەرسە سىز ئېيتقان ئۇسلۇب بولسا كېرەك. ئادىل تۇنىياز زادى قانداق شائىر؟ چوڭلار «گۇڭگىلىق» تاجى كىيگۈزگەن شائىرلار مېنى «سەن دېگەن ئاممىباب شائىر» دېسە، يەنە بىر قىسىملار «سىزنىڭ شېئىرلىرىڭىزنى چۈشىنەلمىدىم» دەيدۇ. قارىغاندا بۇ يەردىكى مەسىلە «چۈشىنىش» دېگەن سۆزنىڭ شېئىرغا خاتا قوللىنىلغانلىقىدا.

مەن سۇ بويىدا يېقىملىق ناۋالارغا قۇلاق سېلىپ تۇرغان ئادەمنىڭ «سۇدىن زادى نېمىشقا بۇنداق ئاۋاز چىقىدۇ» دەپ سۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن زورۇقۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى بىلىمەن. ئاققان سۇ شىلدىرلايدۇ، شائىر ئۆزىنىڭ ئىچكى رىتىمىغا ئەگىشىپ شېئىر يېزىپ قالىدۇ. ئىلھام بىلەن يېزىلغان شېئىر سۇ، ئاي نۇرى، شامال، چېچەك دېگەندەك تەبىئىي نەرسىلەرگە ئوخشايدۇ. چېچەك ئېچىلدى، پۇرىقى كەلسە بىمالال پۇرىغىن، بىر يەرلىرىدىن يارىڭنىڭ تونۇش ھىدىنى بايقارسەن. شېئىر يېزىلدى. ئېھتىمال سەن يازماقچى بولغان بىرەر مىسرانى مەن يېزىپ قالغاندىمەن، ساڭا تونۇش بىرەر تۇيغۇنى كۆڭۈلدىكىدەك ئىپادىلىگەندىمەن. ئەگەر بولمىغاندا بىرەر گۈزەل سۆز، ھېچكىم ئىشلىتىپ باقمىغان سۆز ساڭا شېئىرىي ھۇزۇر بېرەر. شېئىرنى ئۇزۇن يازىمەن دەپ ئۇزۇن، قىسقا يازاي دەپ قىسقا يازغىلى بولمايدۇ. بەزىدە ئۇزۇن - قىسقا، بەزىدە سۆزلۈك، بەزىدە قوپال ياكى تۈت چاسا بىرنېمىلەر بولۇپ چىقىپ قالىدۇ. ماڭا ئوخشاش شېئىر يېزىلىشىنىڭ ئالدى - كەينىدە شائىر ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان، شېئىر يېزىلىۋاتقاندا غايىبانە ئەگىشىدىغان ئادەم سىز ئېيتقاندەك مانا مۇشۇنداق كۆپ ۋە خىلمۇ خىل شېئىرلارنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالىدىكەن.

**ئۆمەرجان سدىق:** ئادەتتە سىزنىڭ ئىلھام مەنبەيىڭىز نەدىن كېلىدۇ، قانداق مۇھىت، قانداق شارائىت، قانداق ۋاقىتتا شېئىر يازسىز؟ يېزىقچىلىق ئادىتىڭىز قانداق؟

**ئادىل تۇنىياز:** ئىلھام مەنبەيىمنىڭ نەدىلىكىنى بىلىۋالغان بولسام، شۇ يەرگە بېرىپ ئاش - نان يېمەي ئولتۇرغان بولاتتىم. قانداق مۇھىت، قانداق شارائىت، قانداق ۋاقىتتا شېئىر يازىدىغانلىقىم ئۆزۈمگىمۇ سىر. خوتۇنى دۇمبىسىنى قاشلاپ بەرسە ئىلھامى تۇتىدىغان ياكى قىز قوغلاپ، ھاراق ئىچىپ خوش كەيپ بولغاندا ئەسەر يازىدىغان ئۆزگىچە ئەدىبلەرنىڭ خاراكتېرى مەندە يوق. مەن ئۆزۈم بىر ئاشىق، قەلبىمدە باشقا ئورۇن نېمە قىلسۇن؟ مەن ئۆزۈم مەست تۇرسام، ھاراق ماڭا نە ھاجەت؟

**ئۆمەرجان سدىق:** شېئىرلىرىڭىزغا دىققەت قىلسام تېما دائىرىسى ناھايىتى كەڭ ئىكەن. خىلۋەت سەھرالار، يېزا بازارلىرى، شەھەر مەدەنىيىتى، خىزمەت، تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى،

ھەر خىل ھېسسىياتلارنىڭ ھەممىسى شېئىرلىرىڭىزدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدىكەن. لېكىن ھەسرەتلىك مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرى، سۆيگۈ، ھىجران تۇيغۇلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شېئىرلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىكەن. سىزگە ئوخشاش ياشتىكىلەر مۇقەررەر بېسىپ ئۆتۈش ۋە يېزىشتىن ساقلىنالمايدىغان بۇ تېمىنىڭ سىزنىڭ ئىجادىيىتىڭىزدە ناھايىتى ئاز سالماقنى ئىگىلىشى مېنى سەل ھەيران قالدۇردى. بۇ سىزنىڭ بىرقەدەر بېكىك، ئەمەلىي، تاشقى مۇھىتنىڭ، رەڭگارەڭ تۇرمۇشنىڭ تەسىرىگە كۆپ ئۇچرىمىغان خاراكتېرىڭىز بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ قانداق؟ ياكى بۇ خىل شېئىرلارنى يېزىشنىڭ ئانچە ئەھمىيىتى يوق دەپ قارامسىز؟

**ئادىل تۇنىياز:** مەن مۇھەببەتتە سۆيگۈ پەرىشتىسىنىڭ نەزىرى چۈشكەن، كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان تەلەيلىك ئادەم، شۇڭىمۇ كۆپ شۈكرى قىلىمەن. شېئىرلىرىمدا ھەسرەتلىك مۇھەببەت كەچۈرمىشمىنىڭ بولماسلىقى مېنىڭ شېرىن سۆيگۈ شارابى ئىچكەنلىكىمدىن بولغان. بۇ سۆيگۈنىڭ شوللىرى، شەربىتى، خۇش پۇرىقى مېنىڭ تۇرمۇشۇمدا خۇددى باشقىلارغا بىلدۈرۈشنى خالىمىغان ئەڭ قىممەتلىك نەرسىدەك ساقلانغان. بەزى دوستلىرىم «سېنىڭ تۇرمۇشۇڭدا ئازاب كەم، شائىرلىقنىڭ چوڭ بىر شەرتى كەم» دەيدۇ. دەرۋەقە، شائىرلىقنىڭ نۇرغۇن شەرتلىرى مەندە يوق. بىراق كىم مېنىڭ شېئىرلىرىمدا ئازاب يوق، دەپ ئېيتالايدۇ؟ ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەككى، بىر ئادەمنىڭ بىرنەرسىسىنىڭ ئوشۇق ياكى كەم بولۇشى تېخى ھەقىقىي مەنىدىكى ئازاب ئەمەس. ھەقىقىي ئازاب ئادەمگە ئۆمۈر بويى ھەمراھ، بىر ئادەم ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ مەنىسى، ئۈستىگە يۈكلەنگەن پەرزى ۋە ئادەملەر ئالدىدىكى قەرزىنى ئويلىغاندا شۇنداق.

**ئۆمەرجان سىدىق:** ئادىلجان، سىزنىڭ خاراكتېرىڭىز ئېغىر - بېسىق، مۇلايىم، تەمكىن، ئۆزىڭىز ناھايىتى قائىدە - يوسۇنلۇق ئىكەنسىز، ھازىرقى مودا گەپ بويىچە ئېيتقاندا، سىزدە شائىرلارغا خاس «چاچراپ تۇرىدىغان» روھ كەم ئىكەن، ھاراق، تاماكا، ئويۇن - تاماشا دېگەندەك تۇرمۇش مەئىشەتلىرىدىن خالىي ئىكەنسىز، ھەر خىل يىغىلىش، سورۇنلارغا ئانچە بېرىپ كەتمەيدىكەنسىز، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىنمۇ ئۆزىڭىزنى پىنھان تۇتىدىكەنسىز. بۇ خىل تۇرمۇش ئادىتىڭىز ئائىلە تەسىرىنىڭ سەۋەبىدىن شەكىللەنگەنمۇ؟ بۇ خىل خاراكتېرىڭىز ئىجادىيىتىڭىزگە ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتىمۇ ياكى سەلبىي تەسىر كۆرسەتتىمۇ؟

**ئادىل تۇنىياز:** بۇ مېنىڭ ئادەملەرنى تېخىمۇ قىزغىن سۆيگەنلىكىمدىن، بىزگە بېرىلگەن بۇ ھاياتنى مۆجىزىدەك ئۇلۇغلىغانلىقىمدىن بولغان.

ئادەم مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ ۋە ئۆلەلمەيدۇ. بىر كۈنلەردە غايىب بولىدىغىنى پەقەتلا ئۇنىڭ تېنى. ئەمەلىيەتتە ھەممىمىز پىنھان ياشايمىز، ئاشۇ پىنھانلىق ئىچىدىن مەڭگۈلۈكنى، كۈچ - قۇۋۋەتنى ۋە مۆجىزىنى بايقايمىز. مەن دەل مۇشۇ پىنھانلىق ئىچىدە، ھاياتىي كۈچۈم ھەر ۋاقىت ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. بەزىدە قەدەھتىن تېشىپ كېتىۋاتقان شارابتەك ئىچكى كۈچ تېنىمدىن ئېتىلىپ چىقىپ، ھەممىنى خانىۋەيران قىلىۋېتىدىغاندەك ھېس قىلىمەن. بىراق غايىپتىن قورقىمەن، ئۆزۈمنى تەقۋادارلىق زەنجىرلىرى بىلەن قىمىرلىغۇسىز دەرىجىدە باغلىۋېتىمەن. «ئاھ، تەڭرىم، شەيتاننى بۇ باغۇ - ئېرەمگە يولاتمىغايسەن، ئاشۇ ۋاقىتتىن مېنى ساقلىغايسەن» دەپ تىلەيمەن. كۈچ ئوشۇقچىلىقى بىلەن تەقۋادارلىقنىڭ مەھكەم قىسىشلىرى ئارىسىدا شېئىر تۇغۇلىدۇ.

**ئۆمەرجان سىدىق:** ئوقۇرمەنلەر سىزنىڭ ھەممە جەھەتتىكى ئەھۋاللىرىڭىزغا ناھايىتى بەك قىزىقىدۇ. شۇڭا قىسقىچە ھايات مۇساپىڭىز، ھازىرقى ئائىلە، تۇرمۇش، خىزمەت ئەھۋالىڭىزدىن كىتابخانلارنى خەۋەردار قىلىشنى خالامسىز؟

**ئادىل تۇنىياز:** مەن 1970 - يىلى 8 - ئايدا قاغىلىقتا تۇغۇلغان، 1993 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى تاماملىغاندىن كېيىن، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىندىم، تا ھازىرغىچە ئىزچىل مۇشۇ ئورۇندا خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن. بىر بالام بار، ئايالىم شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى مەندىن ئۈچ يىل كېيىن پۈتتۈرۈپ، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ دۆلەتلىك جامئەسىدە بەش يىلغا يېقىن ئوقۇدى. ئۇ مېنىڭ شېئىرلىرىمنىڭ تۇنجى كىتابخانى، لېكىن شېئىر يازمايدۇ. تۇرمۇشتا ئۇ خۇددى

www.uyghurkitap.com

گۈزەل خۇلق پەرشتىدەك مېنىڭ شائىرانە كالامپايلىقلىرىمنى، ئۇزۇن - قىسقىلىرىمنى تۈزەپ، كۆتۈرۈپ ماڭغۇچى، ئېتىقاد جەھەتتىن مېنىڭ ئەللامە ئۇستازىم.

**ئۆمەرجان سىدىق:** ئادىلجان، سىز يېقىندا ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدىكى ئىككى يىللىق ئوقۇشىڭىزنى تاماملاپ قايتىپ كەلدىڭىز؟ بۇ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتى، تۇرمۇش شارائىتى، ئەدەبىي مۇھىتى قاتارلىق جەھەتلەردىن قانداق تەسىراتقا كەلدىڭىز؟ ئۇ يەردە ئاساسلىق قىلىپ نېمىلەرنى ئۆگەندىڭىز؟ يات مەملىكەتتە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان مەزگىلدە ئانا يۇرتىڭىز ھەققىدە قانداق خىياللاردا بولدىڭىز؟ ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى خاراكتېرىڭىز، تۇرمۇش ئادىتىڭىز، ئىجادىيىتىڭىزگە قانداق يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى؟

**ئادىل تۇنىياز:** يېقىندا ئۆز خىراجىتىم بىلەن «چۈمبەلدىكى كۆز» ناملىق چوڭ ھەجىمدىكى بىر شېئىرلار توپلىمىمنى ۋە بىر ماقالىلەر توپلىمىمنى نەشر قىلدۇرماقچى. ئۇنىڭدا ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدىكى قىزىقارلىق، يېڭىچە ھاياتىم ۋە شائىرانە تەپەككۇرۇم بىلەن ئەرەب مەدەنىيىتى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئىنچىكە تەھلىللىرىم تەپسىلىي بايان قىلىندى. «تازىنىڭ نېمىسى بار، تۆمۈر تاغىقى» دېگەندەك بۇ يەردىمۇ يەنە شۇ گەپنى دەپ ئولتۇرماي. بۇ سوئالىڭىزغا شۇ كىتابلىرىمدىن ئەڭ ياخشى جاۋاب تېپىلىدۇ.

**ئۆمەرجان سىدىق:** ئادىلجان، سىز ھازىر خەنزۇ تىلى، ئىنگلىز تىلى، ئەرەب تىلى قاتارلىق تىللارنى خېلى پىششىق بىلىدىكەنسىز، ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق ئىنگلىز تىلىدا ئېلان قىلىنىۋاتقان شېئىرلاردىن بەھرە ئېلىپ تۇرىدىكەنسىز. سىز ئۆز شېئىرلىرىڭىزنى خەنزۇ تىلى ياكى ئىنگلىز تىلىدا يېزىش، شېئىرلىرىڭىزنى توردا ئېلان قىلىش، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە شېئىرلارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشنى ئويلىشىپ باقتىڭىزمۇ؟

**ئادىل تۇنىياز:** بۇلارنىڭ ئىچىدە مەن ئەڭ پىششىق بىلىدىغان تىل - ئۇيغۇر تىلى. تور ئارقىلىق كۈندە دېگۈدەك ئىنگلىزچە ئېلان قىلىنىۋاتقان دۇنيا شېئىرلىرىدىن خەۋەر تېپىپ تۇرىدىغىنىم راست. خەنزۇ شائىرلىرىنىڭكىدىن كۆرگەنلىرىم كۆپ ئەمەس. بىراق خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان، ئۈرۈمچىدىكى كىتابخانىلارغا كەلگەن چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ توپلاملىرىدىن مەن ئوقۇمىغان، سېتىۋالمىغانلىرىم يوق دېيەرلىك. شېئىرلىرىمنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئىنتېرنېت ئارقىلىق ئەۋەتىشنى ئانچە - مۇنچە سىناق قىلىپمۇ باقتىم. بىراق «شېئىرنى تەرجىمە قىلغىلى بولمايدۇ، شېئىر تەرجىمە قىلىش قاتىللىق قىلىش» دەپ قارىغىنىم ئۈچۈن شېئىر تەرجىمىسى بىلەن شۇغۇللىنىش ئويۇم يوق.

**ئۆمەرجان سىدىق:** سىزنىڭچە، ھازىرقى خەنزۇ، ئىنگلىز تىلىدا چىقىۋاتقان شېئىرلار بىلەن ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنىڭ سەۋىيىسى قانداق؟

**ئادىل تۇنىياز:** خەنزۇ شائىرلاردىن بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان خەيزىدىن باشقىلىرىنى ۋە نۆۋەتتىكى خەنزۇ شېئىرىيىتىنىڭ ئەھۋالىنى ئانچە بىلمەيمەن، شۇڭا ئەڭ ياخشىسى بۇ ھەقتە سۆزلىمەي.

شېئىر سېلىشتۇرغىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس. شېئىردىن ئىبارەت تۇرمۇش ئېقىنى بىلەن ئادەملەرنىڭ قەلبى ئارىسىدا ئېقىپ تۇرىدىغان بۇ نەرسىگە نىسبەتەن مۇقىم ئۆلچەم، قېلىپ ۋە سەۋىيە بولمايدۇ. ھەر بىر مىللىي تىلنىڭ ئۆز رىتمى، مۇزىكىسى ۋە ئۆز شېئىرى بار. ئۇ شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت يۆنىلىشى، ئەنئەنە ئاساسى ۋە پسىخىك قاتلاملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، مەن كومپيۇتېردىن كۆرۈۋاتقان ئامېرىكا، كانادا شائىرلىرىنىڭ كۈندىلىك شېئىرىيەت بەتلىرى ۋە شېئىرىيەت ژۇرناللىرىدىن شېئىر ماڭا بارغانسېرى ئاددىيلىشىپ كېتىۋاتقاندەك، شېئىرنىڭ سېھرى ۋە مۇقەددەسلىكى يوقىلىپ، شېئىر ئۆلۈۋاتقاندەك تۇيغۇ بەردى. ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىز، بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز يېڭىلىق ۋە قەدىمىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇرغان، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىشقا تېگىشلىك بولغان سېھىرلىك ئەدەبىيات. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، دۇنيانىڭ كۆزى يېقىن كەلگۈسىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى كۆرمەي قالمايدۇ. بۇ شەرەپكە ئالدى بىلەن بىزنىڭ پەخىرلىك خەلقىمىز، شۇنداقلا مېھنەت تۆكۈپ بارلىقىنى ئەدەبىياتقا بېغىشلىغان ھەر بىر شائىر، يازغۇچىمىز نائىل بولغۇسى!




بەلكىم بۇنىڭدىن ئون يىللار بۇرۇن بولسا كېرەك، قەشقەرگە قىلغان بىر قېتىملىق سەپىرىمدە ئادىتىم بويىچە كونا كىتاب بازىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ بىر كىتابپۇرۇشنىڭ ئالدىدىن ئۆزبېكىستاندا نەشر قىلىنغان ئالىقانچىلىك چوڭلۇقتىكى، بار - يوقى 40 نەچچە بەتلىك بىر شېئىرلار توپلىمىنى سېتىۋالدىم. ئىسمائىل مەھمۇد ئىسىملىك ئاپتورغا تەۋە بولغان بۇ كىتابنىڭ ئىسمى «شولا» بولۇپ، ئاستىغا ئۇششاق ھەرپلەر بىلەن «ئاپتورنىڭ تۇنجى كىتابى» دەپ يېزىپ قويۇلغانىكەن. مەن كىتابنى بىر قۇر ئوقۇپ چىقتىم. ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلاردا شائىرنىڭ ياشلارغا خاس ئۇرغۇپ تۇرغان ھېس - تۇيغۇلىرى ساددا، ئەمما يارقىن لىرىك كەيپىياتتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانىكەن. كىتابنىڭ كەينىگە شائىرنىڭ كىچىككىنە رەسىمى ۋە شائىر ھەققىدە قىسقىغىنە مەلۇمات بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا «مەرغىلانلىق شائىر ئىسمائىل مەھمۇد 1949 - يىلىدا تۇغۇلغان. 1973 - يىلى ۋ. ئى. لېنىن نامىلىق تاشكەنت دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ژۇرنالىستلىق فاكۇلتېتىنى تۈگەتكەن. ھازىر غاپۇر غۇلام نامىدىكى ئەدەبىيات ۋە سەنئەت نەشرىياتىدا ئىشلىمەكتە» دەپ يېزىلغانىكەن. شۇنىڭدىن بېرى، مەن بۇ كىتابنى ئارىلاپ - ئارىلاپ ئوقۇپ يۈردۈم. مۇشۇ ئارىدا ئاتاقلىق ئەدەبىي ئوبزورچى، ساداقەتمەن ئەدەبىيات شەيداسى مۇھەممەت پولات ئەپەندى بىرنەچچە پارچە كىتابنى ماڭا بېرىۋېتىپ «مۇنۇ كىتابلار سىزگە خاتىرە بولۇپ قالسۇن، ئەلۋەتتە سىز بۇ كىتابلارنىڭ قەدرىگە ئەڭ ياخشى يېتىسىز» دېدى ۋە ئارىدىن بىر كىتابنى قولىغا ئېلىپ «مانا بۇ شېئىرلار توپلىمىنىڭ ئاپتورى ياخشى شائىر، ئۆزى ئۆزبېكىستانلىق ئۇيغۇر، ئۆزبېك تىلىدا يازىدۇ، سىز ئوقۇپ چىقىپ مۇمكىن بولسا بىر قىسىم شېئىرلىرىنى تەييارلاپ بىزنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇرسىڭىز ئەرزىيدۇ» دېدى. كىتابنى قولۇمغا ئېلىپ شۇنداق قارىسام ئىسمائىل مەھمۇدنىڭ «ئېتىراپ» دېگەن شېئىرلار توپلىمى ئىكەن.

شۇنداق قىلىپ مۇھەممەت پولات ئەپەندىنىڭ خالىس دەۋىتى بىلەن شائىر ئىسمائىل مەھمۇدنىڭ يۇقىرىقى ئىككى پارچە شېئىرلار توپلىمىدىن ئۆز خاھىشىم بويىچە بىر بۆلۈك شېئىرنى تاللاپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنۇشنى لايىق كۆردۈم.

## گۈزەللەرنى سۆيۈش ئېغىر

گۈزەللەرنى سۆيۈش ئېغىر،
لېكىن مەن سۆيدۈم.
سۆيدۈم تولۇق بىر يىگىتنىڭ،
سۆيگۈسى بىلەن.
سىزنى ئاغرىق يۈرىكىمنىڭ
مەلھىمى دېدىم.
كۆزلىرىمنىڭ نۇرى دېدىم
سىزنى مۇتەبەر،
گۈزەللەرنى سۆيۈش ئېغىر،
لېكىن مەن سۆيدۈم.
ئۆزگىلەرگە كۆرسەتمىدىم
كۆزدە ياشىمنى.
سىز تۈپەيلى مەن تەنىلەر
ئاستىدا قالدىم.
مۇھەببەتكە ئايلاندۇردۇم
بار بەرداشىمنى!
گۈزەللەرنى سۆيۈش ئېغىر،
لېكىن مەن سۆيدۈم.
سۆيگۈنىمنى ھېچكىملەرگە
قىلمىدىم ئاشكارا.
يېنىپ سۆيدۈم ۋە سۆيگۈمنى
پىنھانە تۇتتۇم.
ئەجەب ئاڭا ئېرىشمىگىم
شۇقەدەر دىشۋار!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ياق، ئېچىنىپ قارىما ماڭا

ياق، ئېچىنىپ قارىما ماڭا،
ئاختۇرمىغىن كۆزلىرىمدىن ياش.
ئىككىمىزنى يېقىن سانىما،
ئاسان ئەمەس كۆڭلۈمنى ئوۋلاش.
ئۆتكەن ئىشلار بەرى تاسادىپ،
تاسادىپتۇر بۇ جۇدالىق ھەم.
تاسادىپتۇر ناگاھ قېقىلىپ،
يىقىلغىنىم، بۇ خاتالىق ھەم...
ئۆتەر ھەممە، ئۆتۈپ كېتىدۇ
ئۆتۈپ كېتەر بۇ ئۆتكۈنچى غەم.
شادلىققىمۇ نۆۋەت كېلىدۇ،
شادلىققىمۇ تولار بۇ ئالەم.

## ئۇزاقتا سەن، ئارىمىز يىراق

ئۇزاقتا سەن، ئارىمىز يىراق.
شادمۇ سەن -
مەيۈسمۇ سەن -
ماڭا نامەلۇم - ئارىمىز يىراق.
يىراقتا مەن -
سەندىن يىراقتا.
خاپىمۇ شادمەن -
ساڭا نامەلۇم - سەندىن يىراقتا
ئارىمىزدا ئىشەنچ سوزۇلۇپ ياتار.

## يالغۇزلۇق

يالغۇزلۇق.
كىمگە كېرەك بۇ قىيىن تەقدىر؟
سەن ھەم مېنى ئويلا،
مەن ھەم سېنى ئويلاي
بىر - بىرىمىزنى ئويلايلى،
بىر - بىرىمىزنى تاپايلى،
بىرلىشەيلى
يوق قىلايلى بۇ يالغۇزلۇقنى!
تاپقانلار ئازمۇ،
تېپىشقانلار ئازمۇ،
بىرلەشكەنلەر ئازمۇ،
يوقاتقانلار ئازمۇ يالغۇزلۇقنى
يورۇق دۇنيادىن؟!

## يالماۋۇزنىڭ قەسىمى

ئەسسالامىڭ بولمىسا،
ئىككى يالماپ بىر يۇتىمەن.
بىر يۇتىمەن، كېيىن يەنە،
ئىشىككە كۆز تىكىمەن...
يالماۋۇزمەن، يالماۋۇز
ياۋۇزلۇقتا يالغۇزمەن.
كىم كىرسىلا ئىشىكتىن
سالىمىنى كۈتىمەن!

## قىيىن ئىكەن بار گەپنى ئېيتماق

قىيىن ئىكەن بار گەپنى ئېيتماق،
قىيىن ئىكەن يۈزمۇ يۈز، ھەيھات.
يۈرىكىڭدىن ئېتىلىپ چىققان
سۆزلەر ساختا تۇيۇلاركەن، يات!

سۈكۈت، سۈكۈت، مۇقەددەس سۈكۈت،
ئەمدى سەنسەن مېنىڭ سۆزلىرىم.
ئەمدى سەنسەن مېنىڭ كۆزلىرىم،
سۈكۈت، سۈكۈت، مۇقەددەس سۈكۈت...

## يېنىمدىلا كۆلكەڭ جاراڭلار

يېنىمدىلا كۆلكەڭ جاراڭلار،
يېنىمدىلا تۇرۇپسەن، ئەركەم.
تونۇش ئاھاڭ، تونۇش سۆزلەردىن،
ھەيھات، يەنە كۆزلىرىمدە نەم.

ئۈندەر، تىنماي يېنىغا ئۈندەر،
ئاشۇ ئەزىز، مېھرىبان كۆزلەر.
بارالمايمەن يېنىڭغا، ھەيھات،
بارالمايمەن، يۈرىكىم بوزلار...

(ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: **ئەزىزى**)




**تەرجىماندىن:** لاۋزىنىڭ «ئەدەپ ـ ئەخلاق تەلىماتلىرى» جۇڭگو قەدىمكى زامان كلاسسىك ئەسەرلىرى ئىچىدىكى تەسىر دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ داڭلىق ئەسەر. بۇ ئەسەر نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىدېئولوگىيىسى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، ئەخلاق قارىشى ۋە دۇنيا قارىشىغا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. «ئەدەپ ـ ئەخلاق تەلىماتى» ئىككى قىسىم 81 بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، بىرىنچى قىسمى «تەرىقەت دەستۇرى»، ئىككىنچى قىسمى بولسا «ئەخلاق دەستۇرى» دۇر. تۆۋەندە بۇ كىتابنىڭ بىر قىسىم بابلىرىنىڭ تەرجىمىسىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇندۇم.

### 2 ـ باب

دۇنيادىكى ھەممە ئادەمنىڭ گۈزەللىكنى پەرقلەندۈرەلىشى دەل دۇنيادا رەزىللىكنىڭ بولغانلىقىدا. ئەگەر رەزىللىك بولمىسا گۈزەللىكنى ھېس قىلغىلى بولمايدۇ. ئەگەر قارا نىيەتلەر بولمىسا ياخشىلارنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ. يوقلۇق بىلەن مەۋجۇتلۇق ئۆزئارا بىر ـ بىرىدىن شەكىللەنگەن، تەس بىلەن ئاسان، ئۇزۇن بىلەن قىسقا، ئېگىز بىلەن پەس تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. كۈي بىلەن ئۈن بىر ـ بىرىگە تەڭكەش بولىدۇ. ئالدى بىلەن كەينى بىر ـ بىرىگە ئەگىشىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ قائىدىنى چۈشەنگەن ئەۋلىيالار ھۆكۈمران بولسا ئەلنى شەخسىيەتسىز، تەبىئىي يوسۇندا باشقۇرىدۇ. ئۈنسىز تەربىيە بېرىدۇ. ھەرقانداق يېڭى شەيئى مەيدانغا كەلسە ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشقا ئۇرۇنمايدۇ. بىر ئىش قىلغاندا ئۆزىنىڭ پايدا ـ مەنپەئەتى بىلەن ھېسابلىشىپ يۈرمەيدۇ، كىشىلەرگە ئۈن ـ تىنسىز تۆھپە قوشۇپ، نام ـ ئاتاق تالاشمىغاندىلا ئاندىن مەڭگۈ ئۇنتۇلماس تۆھپە يارىتقىلى بولىدۇ.

### 5 ـ باب

ئەۋلىيالار ئۆلمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار چىشى جانلىقلار نەسىل قالدۇرغاندەك، ئىلىمدىن نەسىل قالدۇرىدۇ. چىشى جانلىقلارنىڭ بالياتقۇسى ئاسمان ـ زېمىننىڭ يىلتىزىدۇر. ھاياتلىق مانا مۇشۇنداق ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدۇ، مەڭگۈ توختاپ قالمايدۇ.

### 7 ـ باب

ئالىيجاناب ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك كىشى گويا سۇغا ئوخشايدۇ. ئۇ جىمى جانلىقلارنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرىدۇ. لېكىن ئۇلاردىن تەمە قىلمايدۇ. ئۇ كىشىلەر كۆزگە ئىلمايدىغان يەر ئاستىدا تىپتىنچ ئېقىۋېرىدۇ. ئۇ بارغانلا يەردە تۇپراقنى نەمدەيدۇ، قەلبلەرنى قاندۇرۇپ، يۈرەكلەرنى ياشارتىدۇ.

ئالىيجاناب ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك ئادەم ئۆزىنى باشقىلارغا بېغىشلاشنىلا بىلىدۇ، ئەخلاق ـ پەزىلەتنى تەرغىپ قىلىدۇ. سۆزلىرى تولىمۇ ئىشەنچلىك، ھاكىمىيەت يۈرگۈزسە ئەلنى ياخشى ئىدارە قىلالايدۇ. ئىش قىلغاندا ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىدۇ. پۇرسەتنى چىڭ تۇتىدۇ. ئۇ ھېچكىمدىن تۆھپە تالاشمىغاچقىلا مەڭگۈ خاتالىق سادىر قىلمايدۇ.

### 8 ـ باب

خىلمۇخىل رەڭلەر كىشىنىڭ كۆزىنى تورلاشتۇرۇۋېتىدۇ. خىلمۇخىل ئاۋازلار ئادەمنىڭ قۇلىقىنى گاس قىلىۋېتىدۇ. خىلمۇ خىل تەملەر كىشىنى تەم سېزەلمەس قىلىۋېتىدۇ. دائىم ئاتقا مىنىپ ئوۋ قىلىش كىشىنىڭ قەلبىنى غالجىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئېسىل بۇيۇملار ئادەمنىڭ قەلبىگە ۋەسۋەسە سالىدۇ. شۇڭلاشقا ئەۋلىيالار دۇنيانى تەرك ئېتىپ، نەغمە ـ ناۋا، ئويۇن ـ تاماشاغا بېرىلمەيدۇ. بارلىق ھاۋايى ـ ھەۋەسنى ئۆزىدىن نېرى قىلىپ، قەلبىنىڭ سۈكۈتىنى، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى پاكلىقىنى ساقلاپ قالىدۇ.

### 23 ـ باب

كەمتۈكلۈكتىن مۇكەممەللىك چىقىدۇ، ئادالەتسىزلىكتىن ھەققانىيەت تۇغۇلىدۇ. چوڭقۇر ئورەكلەرمۇ تاغ بولىدۇ، كونا نەرسىلەردىن يېڭى نەرسىلەر پەيدا بولىدۇ، ئاز نەرسىلەردىن كۆپ نەرسىلەر پەيدا بولىدۇ، ئاچ كۆزلۈك قىلىپ نەپسىنىڭ كەينىگە كىرسە ھەممىدىن قۇرۇق قالىدۇ. شۇڭلاشقا ئەۋلىيالار ھەممە ئىشنى ئۆز يولى بويىچە قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى چوڭ

چاغلاپ كۆرەلمەيدۇ. شۇنداق بولغاچقىلا نامى جاھانغا تارىلىدۇ. ئۇلار ئۆزىنى كۆرسىتىپ مەمەدانلىق قىلمايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ تۆھپىسىنى خەلق ماختايدۇ، ئۆزىنى دانا چاغلاپ يۈرمەيدۇ، شۇنداق بولغاچقىلا ئەلگە يولباشچى بولالايدۇ.

## 28 - باب

بىلىملىك - باتۇردۇر، بىلىمسىز بولسا ئاجىزدۇر. دۇنيانىڭ ئەڭ پەس ئورنىدا تۇرۇشنى خالىغان كىشى مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەي ئۆتۈپ كېتىدۇ. مەڭگۈ ئۆز ئەخلاق - پەزىلىتىنى ساقلىيالىغان ئادەملا ئاندىن پاك بوۋاقتەك تەبىئىيلىك ھالىتىگە قايتالايدۇ. بىلىم - يورۇقلۇقتۇر، بىلىمسىزلىك - زۇلمەتتۇر. دۇنيانىڭ ئەڭ يۇكسەك ئورنىدا ياشاشنى خالىغان ئادەم مەڭگۈ دۇنيانىڭ تۆرىدە ياشايدۇ. ئەخلاق - پەزىلىتىنى مەڭگۈ ساقلاپ، پەزىلىتىنى نۇرلاندۇرالىغان ئادەم مەڭگۈلۈكلۈك مۇقامىغا يېتەلەيدۇ. بىلىش - شەرەپتۇر، بىلمەسلىك - نومۇستۇر. دۇنيانىڭ تەكتىدە ياشاشنى خالايدىغانلار مەڭگۈ شۇنداق ئۆتىدۇ. ئەخلاق - پەزىلەتلىك كىشى ئاددىي - ساددا ياشايدۇ. ئاددىي - ساددىلىق ئەڭ ياخشى قورالدۇر. شۇڭا، ئەۋلىيالار ئەلنى باشقۇرغاندا ۋە ياكى ئادەم ئىشلەتكەندە بولسۇن، مۇكەممەل تەبىئىي سىياسەت بويىچە باشقۇرىدۇ. خالىغانچە بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلمايدۇ.

## 33 - باب

بىلىملىكلەر - دانادۇر، ئۆزىنى بىلگەنلەر - ئاقىلدۇر، باشقىلارنى يەڭگەنلەر - كۈچلۈكتۇر.

ئۆز - ئۆزىنى يەڭگەنلەر - باتۇردۇر، ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەنلەر - بايدۇر، بوشاشماي ئالغا ئىلگىرىلىگۈچىلەر - ئىرادىلىكتۇر، بۇ پەزىلەتلەرنى يوقىتىپ قويماي ياشىغۇچىلارنىڭ ھاياتى ئۇزۇن بولغۇسىدۇر. ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ تىرىكلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلمىغانلار ھاياتتۇر.

## 44 - باب

نام - ئابرۇي بىلەن ھاياتنىڭ قايسىسى قىممەتلىك؟ ھاياتلىق بىلەن مال - دۇنيانىڭ قايسىسى مۇھىم؟ ئېرىشىش بىلەن يوقىتىشنىڭ قايسى ئادەمنى بەكرەك ئازابلايدۇ؟ چېكىدىن ئاشقان مۇھەببەت چوڭ بەدەللەرنى تۆلىتىدۇ. قەلبىدىكى مۇھەببەتنى بەك پىنھان تۇتۇشمۇ ئوخشاشلا نۇرغۇن زىيانلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

شۇڭلاشقا، قانائەت كىشىنى ئار - نومۇستىن ساقلايدۇ. چېكىگە يەتكەندە توختاشنى بىلىش كىشىنى خەتەردىن ساقلايدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا ئادەم ئۆز ھاياتىنى قوغدىيالايدۇ، ئۇنى مەڭگۈ قەدىرلىيەلەيدۇ.

## 47 - باب

ئۆيدىن تالاغا چىقماي تۇرۇپمۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى بىلگىلى بولىدۇ. پەنجىرىدىن سىرتقا قارىمىسىمۇ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ قانۇنىيىتىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. ئەگەر ئادەم قانچە يىراققا بارسا، بىلىدىغانلىرى شۇنچە ئازىيىپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا، تەرىقەت يولىغا ماڭغان ئەخلاقلىق ئادەم ھېچيەرگە بارمىسىمۇ ھەممە ئەھۋالنى بىلەلەيدۇ. ھېچنەرسىنى كۆرمىسىمۇ ھەممە ئىش كۆڭلىدە ئايان بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئەۋلىيالىق مۇقامىغا يېتىدۇ.

## 49 - باب

ئەۋلىيالارنىڭ شەخسىي ئارزۇسى يوق. ئاۋام - پۇقرالارنىڭ ئارزۇسى - ئۇلارنىڭ ئارزۇسىدۇر. ياخشىلار ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ. يامانلارمۇ ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقى ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ. سەمىمىي كىشىلەر ئۇلارغا سەمىمىي مۇئامىلە قىلىدۇ. ساختىپەزلەرمۇ ئۇلارغا سەمىمىي مۇئامىلە قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقى سەمىمىيلىك يولىغا ماڭىدۇ. تەرىقەتپەرۋەر ئەۋلىيالار ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىقسا، ئۆزىنىڭ شەخسىي ئارزۇسىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، خەلقنىڭ قەلبىنى پاكلاشتۇرىدۇ. پۇقرالارنىڭ پۈتكۈل دىققەت - نەزىرى ئاشۇ ئەۋلىيالارغا مەركەزلىشىدۇ. ئەۋلىيالار پۇقرالارنىمۇ پاك ھەم مەسۇم بوۋاقتەك ھالەتكە قايتۇرۇپ كېلىدۇ.

## 53 - باب

ئەگەر مەن ھەقىقىي ئەقىل - پاراسەتلىك ئادەم بولسام، تەرىقەتنىڭ توغرا يولىدا ماڭىمەن. بۇ چاغدا مېنىڭ بىردىنبىر ئەنسىرەيدىغىنىم - تۈيۈق يولغا مېڭىپ قېلىشتۇر. تەرىقەتنىڭ يولى تۈز ھەم تەكشى بولسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن ئەمەلدارلار ئەگرى - بۈگرى يوللاردا مېڭىشنى ياخشى كۆرىدۇ. خانلارنىڭ ئوردىسى قانچە ھەشەمەتلىك ھەم چىرايلىق بولغانسېرى دېھقانلارنىڭ ئېتىزى شۇنچە قاقاسلىشىپ كېتىدۇ، ئامبارلارمۇ قۇرۇقدىلىپ قالىدۇ. شۇنداق چاغدىمۇ شايى - دۇردۇن كىيىملەرنى كىيىپ، قىلىچ - قالقانلارنى ئېسىپ، ئېسىل نازۇ نېمەتلەرنى يەپ، مال - دۇنيا توپلاش كويىدا

يۇرگەن ئەمەلدارلار قاراقچى ئەمەلدارلاردۇر. بۇنداق قاراقچى ئەمەلدارلار ماڭغان يول ئەلۋەتتە تەرىقەتكە ئۇيغۇن بولمىغان تۇيۇق يولدۇر.

## 57 - باب

ئەلنى ئادالەت بىلەن باشقۇرۇش، لەشكەرنى تەدبىر بىلەن باشقۇرۇش كېرەك. تىنچ ھەم ھېچ ئىش بولمىغاندەك ھالدا جاھاننى بويسۇندۇرۇش كېرەك. پېقىر بۇ قائىدىنى قانداق بىلىپ يەتتى؟ جاھاندا چەكلىمە بەك كۆپ بولۇپ كەتسە ئاۋام نامراتلىشىپ كېتىدۇ. ئاۋامدا قورال - ياراغ كۆپىيىپ كەتسە، دۆلەت مالىمانچىلىققا پېتىپ قالىدۇ. ئاۋام ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇپ كەتسە، ئالدامچى - ساختىپەزلەر كۆپىيىپ كېتىدۇ. قانۇن - تۈزۈم قانچە كۈچەيسە، ئوغرى - قاراقچىلار شۇنچە كۆپىيىدۇ. شۇڭلاشقا، ئەۋلىيالار مۇنداق دېگەن: «مەن تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە بويسۇنۇپ، ئەلنى تەبىئىي يوسۇندا ئىدارە قىلىمەن، ئاۋام ئۆزلۈكىدىن تىنجىيدۇ، مەن تىپتىنچ سۈكۈت قىلىمەن، ئاۋام ئۆزلۈكىدىن توغرا يولغا قايتىدۇ، مەن ئاۋامنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمايمەن، ئاۋام ئۆزلۈكىدىن ھاللىنىپ بېيىدۇ، مەن نەپسانىيەتچىلىك قىلمىسام ئاۋام ئۆزلۈكىدىن سەمىمىيلىشىدۇ».

## 58 - باب

سىياسەت كەڭ - كۈشادە بولسا، ئاۋام سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل بولىدۇ. سىياسەت چىڭىپ كەتسە، ئاۋام قۇۋلىشىپ كېتىدۇ. ئاپەت ئامەتكە ياندىشىپ كېلىدۇ. ھەي، ئۇلارنىڭ چەك - چېگرىسىنى كىم بىلىدۇ؟ جاھاندا ئادالەت قالمىدى، ئادالەت جاھالەتكە، ياخشىلىق يامانلىققا ئۆزگىرىپ كېتىۋاتىدۇ. كىشىلەر ياتلىشىپ كەتتى. بۇنى توسمەن دەيدىكەنسەن، يامانلارنى تۈپتىن يوقىتىمەن دېمەي، ئۇلارنى كۆزەت. قىلچىنى تەڭلەپ ھەيۋە قىل، لېكىن چاپما! ئادىل بول، ئىشنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمە! ئاۋام قەلبىنى نۇرلاندۇرغىن، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆزىنى چاقناتما!

## 68 - باب

ئىشەنچلىك گەپنىڭ ھەممىسى چىرايلىق ئاڭلانمايدۇ. چىرايلىق گەپنىڭ ھەممىسى ئىشەنچلىك بولمايدۇ. ئەقىللىق ئادەمنىڭ ھەممىسى بىلىملىك بولمايدۇ. بىلىملىك ئادەمنىڭ ھەممىسى ئەقىللىق بولمايدۇ. سېخىيلارنىڭ ھەممىسى باي ئەمەس. بايلارنىڭ ھەممىسى سېخىي ئەمەس. ئەۋلىيالار بايلىق توپلىماي، قولىدىن كېلىشىچە باشقىلارغا ياردەم بېرىدۇ. ئۆزىنى باشقىلارغا بېغىشلىغانسېرى ئۆزىنىڭ ئېرىشىدىغانلىرىمۇ كۆپىيىدۇ. شۇڭا، تەرىقەتپەرۋەر كىشى ھەرقانداق ئىش قىلسا، باشقىلارنىڭ پايدىسىنى كۆزلەيدۇ. ھەرگىز كىشىلەرگە زىيان سالمايدۇ. كىشىلەرگە يول كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ھەرگىز يول تالاشمايدۇ.

## 70 - باب

قەدىمدىن بۇيان شۇنداقكى، لەشكەر ئىشلىتىشكە ماھىر سەركەردە قورالدىن قوشۇر تاپمايدۇ، جەڭ قىلىشقا ماھىر سەركەردە بىردەملىك غەزەپ بىلەن بۇيرۇق چۈشۈرمەيدۇ. دۈشمەننى يېڭىشكە ماھىر سەركەردە دۈشمەننى جەڭ قىلمايلا يېڭەلەيدۇ. ئادەم ئىشلىتىشكە ماھىر رەھبەر قول ئاستىدىكىلەرگە كەمتەر مۇئامىلە قىلىدۇ. مانا بۇ گۈزەل ئەخلاقتۇر. ئادەم ئىشلىتىش ھۈنىرى جاھاندارچىلىق يولىدۇر. بۇلار قەدىمدىن بۇيانقى قائىدىدۇر.

## 72 - باب

مېنىڭ ئېيتقانلىرىم ئىنتايىن چۈشىنىشلىك گەپلەر ئىدى. ئۇنى ئەمەلدە كۆرسەتمەكمۇ ناھايىتى ئاسان ئىدى. لېكىن جاھاندا ئۇنى چۈشىنىدىغان ئادەم چىقمىدى. ئەمەلدىمۇ كۆرسەتمىدى. مېنىڭ بايانلىرىمنىڭ ھەممىسىنىڭ پاكىتى بار. قىلغان ھەربىر ئىشىمنىڭ ئاساسى بار ئىدى. لېكىن كىشىلەر بۇ قائىدىنى چۈشەنمىگەچكە، مېنىمۇ چۈشەنمىدى. مېنى چۈشىنىدىغانلار ئاز بولغاچقا، مېنىڭ گەپ - سۆزۈمنىڭ قىممىتىمۇ ئېشىپ كەتتى. ئەۋلىيالار گويا پاخال ئارىسىغا يۆگەپ قويۇلغان قاشتېشىغا ئوخشايدۇرلەر.

## 73 - باب

ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى بىلىش - دانالىقتۇر. ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنىمۇ بىلمەسلىك - يامان كېسەلدۇر. شۇڭلاشقا ئەۋلىيالار بۇنىڭ ئىنتايىن يامان كېسەللىكىنى بىلگەچكە، بۇنداق خاتالىقنى زىنھار سادىر قىلمايدۇ.

## 74 - باب

ئاۋام ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان بولۇپ كەتسە، چوڭ خەتەرنىڭ كەلگىنى شۇ. ئاۋامنى خاتىرجەم ياشايدىغان جايىدىن قوغلىما! ئاۋامنى تىرىكچىلىك قىلىشقا ئامالسىز قىلىپ قويما! ئاۋامنى قىستاپ ئۇلارغا زۇلۇم سالمىغاندىلا ئاندىن ئۇلار سېنى ئۆچ كۆرمەيدۇ. شۇڭلاشقا ئەۋلىيالار ئۆزىنى بىلىدۇ، لېكىن ئۆزىنى چوڭ چاغلىمايدۇ. ئۆزىنى سۆيىدۇ، لېكىن ئۆزىنى ھەممىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويۇۋالمايدۇ. شۇنداق بولغاچقىلا ئاۋام ئۇلارنى سۆيىدۇ، ئۇلارنى بېشىدا كۆتۈرىدۇ.



# ماركا، ئىلان ۋە ئۇيغۇر كارخانىچىلار

ئاسىيە ئەخمەت، ئەلى ئاتاۋۇللا

## رىقابەت ئالدىدىكى شىنجاڭ كارخانىلىرى

جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىن، چەت ئەل كارخانىلىرىمۇ يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە چوڭ بازار بولغان جۇڭگو بازارلىرىغا، جۈملىدىن شىنجاڭ بازارلىرىغىمۇ ئارقا - ئارقىدىن كىرىشكە باشلىدى. ئىچكىرى ئۆلكىدىكى كارخانىچىلارمۇ غەربنى ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ تۈرتكىسىدە نەزىرىنى خىلمۇ - خىل بايلىقلىرى ئېشىپ - تېشىپ تۇرغان ئەمما ئىقتىسادى تەرەققىي قىلالمىغان بۇ زېمىنغا تىكتى. بۇ ئەھۋاللار ئەمدىلەتىن باشقىلارنىڭ مەھسۇلاتىنى سېتىشتىن ئۆزى مەھسۇلات ئىشلەشكە يۈزلەنگەن شىنجاڭدىكى كارخانىچىلار، جۈملىدىن ئۇيغۇر كارخانىچىلارنى ئالدىرىتىپ قويدى.

2002 -يىلى 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئىچكى موڭغۇلىيىنىڭ مەلۇم بىر شىركىتى ئالتاي رايونىدا 200 مىڭ تۇياق قوي بېقىش ئورنى تەسىس قىلىپ، شىنجاڭنىڭ بايلىقى بىلەن شىنجاڭ بازارلىرىنى ئىگىلەشكە ئاتلاندى. «ۋېي ۋېي» شىركىتىمۇ قۇتۇبىدا ئالدىنقى يىلى مەلۇم بىر سۈت زاۋۇتىنى ئۆتكۈزۈۋالدى ۋە ئۆتكەن يىلى كورلىدا ئەلا سۈپەتلىك سۈت مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئورنىنى قۇردى ھەمدە «تەڭرىتاغدىكى قار» ماركىلىق شىنجاڭنىڭ يەرلىك نامىنى ئاساس قىلغان قېتىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپ چىقىرىپ شىنجاڭ بازارلىرىنى ئىگىلىدى. پۈتۈن مەملىكەتتە بەلگىلىك تەسىرى بولغان «ۋېي ۋېي» گۇرۇھىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى شىنجاڭنىڭ سۈت مەھسۇلاتلىرى بازارلىرىغا ھەقىقەتەنمۇ بىر چوڭ تەھدىت ئېلىپ كەلدى. بىز ئادەتتە ياقتۇرۇپ يەيدىغان «مېڭ نيۇ»، يەنى «موڭغۇل كالىسى» نامىدىكى ماروژنىلارنىڭ ئەسلىدە ئۈرۈمچىنىڭ تۇدۇڭخابا رايونىدا ئىشلەپ چىقىرىلىدىغانلىقىنى كىممۇ خىيالىغا كەلتۈردى؟ بۇلاردىن باشقا «DICOS»، 2002 - يىلى 8 - ئايدا «كونتاككى» قاتارلىق چەت ئەلنىڭ تېز تاماقلىرىمۇ ئالدى - كەينى بولۇپ شىنجاڭ بازارلىرىغا يۈرۈش قىلدى.

ھازىر كىشىلەر ئىستېمال قىلغاندا ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان مەھسۇلاتلارنىڭ ياخشى، سۈپەتلىك بولۇشىنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە داڭلىق ماركىلىق بولۇشىغىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان، داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتلارمۇ بارا - بارا كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر جەريانىدىكى ئورنىنى بەلگىلەپ بېرەلەيدىغان بولدى.

## ئۇيغۇرلار ۋە ماركا ئېڭى

تارىخىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ماركا ئۇقۇمى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خېلى زامانلار ئاۋۋاللا شەكىللىنىپ بولغان. مەسىلەن، خوتەننىڭ گىلىمى، ئەتلەس - شايىسى، ياڭىقى؛ قەشقەرنىڭ ئانارى؛ قۇمۇلنىڭ قوغۇنى؛ كۇچانىڭ كۆرپىسى، ئۆرۈكى؛ تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى؛ غۇلجىنىڭ ئالمىسى؛ ئاتۇشنىڭ ئەنجۈرى... دېگەندەك نۇرغۇن مەھسۇلاتلار «داڭلىق»لىقى بىلەن خەلقىمىزنىڭ ئېڭىغا سىڭىپ كەتكەن. نۆۋەتتە ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر ماركىنىڭ مەھسۇلات ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىملىقىنى چوڭقۇر تونۇپ، بەس - بەس بىلەن ئۆز مەھسۇلاتلىرىغا ماركا بېكىتىپ، بۇ ماركىسىنى قانۇنىي يوسۇندا تىزىمغا ئالدۇرۇشقا باشلىدى. مەسىلەن، «ئارمان» مەھسۇلاتلىرى، «ئامىنە» يۇرۇشلۇك تالقانلىرى، «دەرمان» نانلىرى، «يېڭىسار پىچىقى»، «ئەلىشىر» ئاياغلىرى، «ناجۇ» خېنىلىرى، «شەبنەم» ماركىلىق سېغىز كەمپۈت... قاتارلىق نۇرغۇن تاۋار ماركىلىرى بارلىققا كەلدى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇيغۇر كارخانىچىلى-

رى كۈنسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان بازار رىقابىتى دەۋرىدە ئۆز مەھسۇلاتلىرىنىڭ ماركىسىنى قانداق قىلىپ داڭلىق ماركا قاتارىغا كىرگۈزۈشتەك قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلدى.

## ئۇيغۇر كارخانىچىلارنىڭ رىقابەت ئىقتىدارىدىكى ئاجىزلىق...

يېقىندا ئامېرىكا «سودا - سانائەت ژۇرنىلى» تۇنجى قېتىم يەر شارى بويىچە ئەڭ قىممىتى بار 100 داڭلىق ماركىنىڭ رەت تەرتىپىنى ئېلان قىلدى. كوكاكولا 5 . 689 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىلىق قىممىتى بىلەن بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان. ئۇنىڭدىن قالسىلا مىكروسوفت شىركىتى 7 . 650 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىلىق قىممەت بىلەن 2 - ئورۇندا تۇرغان. بارلىق ماركىلار ئىچىدە ئامېرىكىنىڭ داڭلىق ماركىسى 62 گە يەتكەن.

بىزدە تېخى خەلقئارا سەۋىيىدىكى، ھېچبولمىغاندا مەملىكەت ئىچىگە تونۇلغان بىرەر چوڭ شىركەت ۋە ياكى بىرەر داڭلىق ماركىمىز ئەقەللىيسى ئىچكىرى ئۆلكە بازارلىرىدا پۇت تىرەپ تۇرالايدىغان مەھسۇلاتلىرىمىز يوق دېيەرلىك. ھەتتا بىزنىڭ «ئارمان»، «ئامىنە»، «مىزان» قاتارلىق يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلىرىمىزنى، «نىيە گىرىم بۇيۇملىرى» . . . قاتارلىق بىز بىلىدىغان، بىزگە نىسبەتەن ئىنتايىن تونۇش بولۇپ كەتكەن، ھەر كۈنى تېلېۋىزوردا ئېلانلىرىنى توختىماي بېرىپ تۇرىدىغان بۇ نۇرغۇن مەھسۇلاتلارنى ئىچكىرى ئۆلكە بازارلىرىدا ئانچە كۆپ ئادەملەر بىلىپ كەتمەيدۇ.

ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە كارخانىلارنىڭ ئېلان - تەشۋىقاتقا سەرپ قىلغان مەبلىغى ئومۇمىي پايدا كىرىمىنىڭ 10 - 20 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. گەرچە بىزدىمۇ مەملىكەت ئىچىدىكى ۋە خەلقئارادىكى داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتلار بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرالايدىغان مەھسۇلاتلىرىمىز بولسىمۇ، ئېلان - تەشۋىقاتتىكى ئاجىزلىق مەھسۇلاتلىرىمىزنى جۇڭگو ۋە خەلقئارا سەھنىلەرگە ئېلىپ چىقالماسلىقىمىزدىكى يەنە بىر سەۋەبتۇر. ھازىرقى دەۋر بازار رىقابىتى دەۋرى. «ئالتۇن ئەخلەتنىڭ ئارىسىدا تۇرسىمۇ يەنىلا قىممىتىنى يوقاتمايدۇ» دەيدىغان دەۋر ئاللىبۇرۇن كەلمەسكە كەتتى.

بىزدىكى نۇرغۇن كارخانىچىلار بازار ئەھۋالىنى كۆزىتىشكە، كارخانا قوشۇنىنى سەرخىللاشتۇرۇشقا، ئۆز مەھسۇلاتىنىڭ ماركىسىنى ياخشى پەرۋىش قىلىشقا، كۆچەيتىشكە سەل قارايدۇ. بەزى كارخانىچىلار باركى، ئۆز مەھسۇلاتىنىڭ ماركىسى بولسىلا ھەممە نەرسە بولىدۇ دەپ قارايدۇ. لېكىن ماركىنىڭ ئۆزى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ۋەكىللىك قىلىسمۇ، ئەمما شۇ ماركىنىڭ بازاردىكى ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يەنىلا كارخانىچىنىڭ باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا، كارخانا قوشۇنىغا، مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى ۋە سېتىش تورىنىڭ كەڭ راۋاجلىنىشىغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قارىغاندا شىنجاڭنىڭ رايون دەرىجىلىك داڭلىق ماركا مەھسۇلاتلىرى 1994 - يىلىدىكى 24 خىلدىن 2001 - يىلى 131 خىلغا كۆپەيگەن بولۇپ، ئىلگىرىلەش چوڭ دېيىشكە بولىدۇ. بىراق شىنجاڭنىڭ نۇرغۇن مەھسۇلاتلىرىنىڭ رىقابەت ئارتۇقچىلىقى يوق. رىقابەت كۈچىگە ئىگە بولغان ماركىلار بەكلا ئاز. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، شىنجاڭدا 420 مىڭ يەككە تىجارەتچى، 80 مىڭغا يېقىن كارخانا بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ماركىسى بارلىرى پەقەت 11مىڭ 241 ئىكەن. يەنى كۆپ قىسىم كارخانىچىلارنىڭ مۇستەقىل ماركىسى يوق. 2001 - يىلى شىنجاڭدا ئاران 165 كارخانا ISO9000 سۈپەت ئۆلچىمى لاياقەتنامىسىگە ئېرىشەلىگەن. 44 مەھسۇلات «مەھسۇلات سۈپەت ئۆلچىمى لاياقەتنامىسى» گە ئېرىشكەن.

2001 - يىلى مەملىكەتلىك 196 داڭلىق ماركا ئىچىدە شىنجاڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق پاي چېكى شىركىتىنىڭ «تەڭرىتاغ» ماركىسى، 2002 - يىلى 2 - ئايدا ئىلى ئالاھىدە ھارىقى كەسپىي پاي چېكى چەكلىك شىركىتىنىڭ «ئىلى» ماركىسى مەملىكەتلىك داڭلىق ماركا قاتارىغا كىرەلىگەن. شىنجاڭ 1994 - يىلى بېكىتكەن رايون دەرىجىلىك 24 داڭلىق ماركىدىن 2000 - يىلغا كەلگەندە ئاران 16 سى ساقلىنىپ قالغان. سەككىزى رايون دەرىجىلىك داڭلىق ماركا قاتارىدىن چۈشۈپ قالغان. مۇشۇ مەلۇماتلاردىن قارىغاندا شىنجاڭنىڭ كارخانا تەرەققىياتىدا تەرەققىي قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۆزلۈكسىز چېكىنىش ئېغىر بولغان.

ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ؟ ئىگىلىنىشچە، 2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا سەرپ قىلغان چىقىمى ئىنتايىن ئاز بولۇپ، ھەر ئون

www.uyghurkitap.com



مىڭ ئادەمگە 13.6 نەپەر پەن - تېخنىكا خادىمى توغرا كەلگەن. يەنە كېلىپ بۇ پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ 60 پىرسەنتى دېگۈدەك پەن - تەتقىقات ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلىدىكەن. پەن - تېخنىكا بىلەن ئىقتىسادىي گەۋدە بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىلگەن بولۇپ، كارخانىلارنىڭ بازار ئەھۋالىنى ھەر ۋاقىت تەتقىق قىلىپ تۇرىدىغان تەتقىقات ئورنى ياكى ئۆزىگە خاس بولغان ئەقلىي مۈلكى يوق ئىكەن. بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن كىشىلەر داڭلىق ماركىنى بىرخىل رايون مۈلكى دەپ قارايدۇ. لېكىن بۇنداق قاراش داڭلىق ماركىنىڭ ئەۋزەللىكىنى يوقىتىدۇ. بىر قىسىم كارخانىلار كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنىلا كۆزلەپ ماركىنىڭ كەلگۈسىدىكى قىممىتىگە سەل قارايدۇ. بىر مەزگىل ھەيۋەت بىلەن بارلىققا كەلگەن كارخانىلار ۋە مەھسۇلاتلارنىڭ كېيىن ئۈن - تىنسىز يوقاپ كېتىشىمۇ شۇ سەۋەبتىن.

بەلگىلىك داڭلىق ماركىغا ئىگە بولۇش بىر كارخانىنىڭ، بىر رايون ياكى بىر دۆلەتنىڭ ئۈنۈۋېرسال كۈچىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. دەل شۇنداق داڭلىق ماركىسى بولغان نۇرغۇنلىغان كارخانىلارنىڭ توختىماي تەرەققىي قىلىشى بىر دۆلەتنىڭ پۈتكۈل ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىدا، مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنىڭ ئەلالىشىدا، تاشقى ئىقتىسادىنىڭ كېڭىيىشى ۋە زور بايلىقنىڭ توپلىنىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

## ئامىنە شىركىتى نېمىلەرنى قىلىۋاتىدۇ؟

بازار ھەققىدە كارخانىچىلار ئەڭ ئاۋۋال گەپ قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە. بىز مۇشۇ قاراشنىڭ تۈرتكىسىدە بىرنەچچە ياش كارخانىچىلارنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا زىيارەت قىلدۇق.

باش دىرېكتور نىجاتنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئاساسلانغاندا، «ئامىنە» شىركىتى ماركا ۋە ئېلان مەشغۇلاتىدا تۆۋەندىكىدەك تەرەپلەرنى چىڭ تۇتقان.

«ئامىنە» شىركىتى ئېلانىنىڭ سېھرىي كۈچىنى باشتىلا چۈشىنىپ، مەھسۇلاتلىرىنى ئىستېمالچىلارغا كەڭ كۆلەمدە تونۇشتۇرۇپ، خېرىدارلارنىڭ بۇ مەھسۇلاتلارنى دائىم ئېسىدىن چىقارماسلىقى ئۈچۈن ئېلاندىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان.

قەتئىي بوشاشماسلىقنىڭ ئۆزى غەلىبە. ئېلاننى چوقۇم ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. بەزى يېڭى مەھسۇلاتلارغا ئېلان بەرگەندە باشتا بىر مەزگىل ئانچە ئۈنۈمى بولمايدۇ. چىداپ داۋاملاشتۇرغاندىلا ئاندىن ئاستا - ئاستا ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئېلاننى سەۋەبسىزلا توختىتىپ قويۇش ئىستېمالچىلاردا ، «شىركەت بولالماي قالدىمۇ نېمە؟ تاۋاردىن بىرەر چاتاق چىققان بولسا كېرەك؟ » دېگەندەك گۇمانلارنى پەيدا قىلىپ، كارخانىنىڭ ئوبرازى ۋە تاۋار ماركىسىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشى مۇمكىن.

كارخانا ئېلان سېلىنمىسى بىلەن سېلىنمىنىڭ ئېشىشى ۋە سېتىش كىرىمىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلمىي تەھلىل قىلىپ، خۇلاسە چىقىرىش ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەنلىشىنى كېمەيتىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كارخانىنىڭ بۆسۈش خاراكتېرلىك تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

«ئامىنە» شىركىتى بازارنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ رادىئو، تېلېۋىزورلار ئارقىلىق رايونىمىزنىڭ بازارلىرىنى قاپلىغاندىن سىرت، ئىنتېرنېت تورىدىمۇ ئېلان بەرگەن. يەنە كارخانا ئوبرازى، تاۋار ماركىسى چۈشۈرۈلگەن تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى ۋە ئېلان تاختىلىرىنى مەھسۇلات بىلەن بىرگە ھەرقايسى پارچە سېتىش ئورۇنلىرىغا مېھمانخانا، رېستورانلار، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى، ھەرقايسى سودا سارايلىرىدىكى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان يەرلەرگە چاپلىغان. ئوخشىمىغان ئىستېمالچىلارغا ئوخشىمىغان ۋاستىلەر ئارقىلىق ئۇزلۇكسىز ئۇچۇر يەتكۈزۈپ، ئۇلارغا مۇلازىمەت قىلىشنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويمىغان.

«ئامىنە» شىركىتى ھەرقايسى پارچە ساتىدىغان تاللا بازارلىرى ۋە ماگىزىنلارغا مالنى ناھايىتى نورمىلىق بېرىپ، مالنىڭ بېسىلىپ قېلىپ، ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان. بۇنداق قىلغاندا بىرى، خېرىدارلار ھەر كۈنى زاۋۇتتىن يېڭى چىققان مالنى ئىستېمال قىلىدۇ. يەنە بىرى، خېرىداردا «شىركەتنىڭ مېلى يېتىشمەيۋېتىپتۇ» دېگەن قاراش شەكىللىنىپ شىركەتنىڭ ئىناۋىتى ھەسسىلەپ ئېشىپ، بازار ئۆزلۈكىدىن جانلىنىدۇ.

كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىنى تېخىمۇ يېقىن قىلىش، كارخانىنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئوبرازىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇش يۈزىسىدىن «ئامىنە» شىركىتى تاكى بۈگۈنگىچە نۇرغۇن قېتىم كەڭ خەلق ئاممىسىغا، بولۇپمۇ ھېيت - بايرام، قۇتلۇق كۈنلەردە مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىپ ئىگە - چاقىسىز، ئاجىز -

چۆرىلەرنى، قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنى يوقلىدى. ئۇلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزۈپ ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ياراتتى.

شىركەت تەشۋىقاتىنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، سىڭىشنى ئىلگىرى سۈرگەن. مەسىلەن، غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا غەربنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى ھازىرقى زامان يېڭى تېخنىكىسى بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەپ ھەرقايسى ساياھەت نۇقتىلىرىغا سېلىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ۋە چەت ئەللىك سودىگەرلەرنى جەلپ قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى غەربكە مەبلەغ سېلىشقا قىزىقتۇرۇش، دېھقانلارنى ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىشقا رىغبەتلەندۈرۈش قاتارلىق قىزىق نۇقتىلارنى چىڭ تۇتۇپ، گېزىت - ژۇرناللاردا تەشۋىقات ئېلىپ بارغان. پۈتۈن شىنجاڭ بازارلىرىنى ۋە ئۈرۈمچى بازارلىرىنى خۇددى شاھمات تاختىسىدەك بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، مال سانغۇچى خادىملارغا مەسئۇلىيەتنى تەقسىم قىلىپ بېرىش، ئۇلارنى ئۆزئارا رىقابەتلەشتۈرۈش، يۇقىرى ئۈنۈم ياراتقانلارنى مۇكاپاتلاش، ئۈنۈم يارىتالمىغانلارغا شىركەت ياردەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقىنى تېپىپ چىقىپ سودىسىنى جانلاندۇرۇش تاكتىكىسىنى قوللانغان. ۋاكالەتچىنىڭ ئۆزى جانلىق تەشۋىقاتچى. شۇڭا ۋاكالەتچىگە قويۇلىدىغان تەلەپنى يۇقىرىلاتقان.

بەزى ساناتورىيىلەرگە، ئىدارە - ئورگانلارنىڭ پېنسىيىگە چىققان خىزمەتچىلىرىگە ھەقسىز ساغلاملىق دەرسى سۆزلەش قاتارلىق مۇناسىۋەتلەر ئارقىلىق بازارنى جانلاندۇرغان. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى شەھەر، ناھىيىلەردىكى ۋاكالەتچىلەرنىڭ سانى 50 تىن ئاشقان. دېمەك، «ئامىنە» شىركىتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نۇقۇت، جىغان، ئالىقات قاتارلىق ئالاھىدە يېزا ئىگىلىك بازارلىرىنى بەرپا قىلغان بولۇپ، پەقەت نۇقۇت ئىگىنچىلىكى بازىسىلا ئەللىك مىڭ موغا يەتكەن.

## ئابلاجان نانلىرى ھەققىدە ھېكايە

ئەجدادلىرىمىزدىن بىزگە مىراس قالغان ئەنئەنىۋى يېمەكلىك تۈرى نانني باشقا مىللەت كىشىلىرىمۇ، ھەتتا چەت ئەللىكلەرمۇ ماختاپ يېيىشمەكتە. ئابلاجانغا ئوخشاش ناۋايلارنىڭ بۈرۈنقىدەك ئاغزاكى ھالدىكى پالانچى ناۋاينىڭ نانلىرى ئەمەس، بەلكى ھازىرقى زاماندىكى مۇنتىزىم ماركا ئۆلچىمى بويىچە ماركا روييخېتىنى ئېلىپ تىجارەت باشلىشى يېڭى ھادىسە، ئەلۋەتتە.

2003 - يىلى 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى مەن «دەرمان» سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ئابلاجان مەتتوختىنى زىيارەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم.

- سىز تىجارەتكە قانداق قىلىپ كىرىپ قالدىڭىز؟ - سورىدىم مەن ئابلاجاندىن. ئابلاجان ناھايىتى ئىشەنچ بىلەن:

1982 - يىلى مەن ئەمدىلا تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرەي دېگەن چاغدا ئانام تۇيۇقسىزلا ئالەمدىن ئۆتتى. دادام بىزگە ھەم ئانا، ھەم دادا بولۇپ ھالىمىزدىن خەۋەر ئالاتتى. دادام مېنى ناۋايلىققا شاگىرتلىققا بەردى.

شۇ تەرىقىدە ناۋايلىقنى ئۈچ يىل ئۆگەندىم. ئۇستازىم دائىم بىزگە: «نان ئادەم بەدىنىدىكى زەرداپ ۋە كېسەل ئاسارەتلىرىنى ھەيدەيدۇ» دەيتتى. بۇ ھال مېنىڭ نانغا بولغان ئىشتىياقىمنى ئاشۇرۇۋەتتى. 1986 - يىلىغا كەلگەندە بازارنى پۈتۈنلەي قويۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن دەسلەپ قاغىلىق ناھىيە بازىرىغا تۇنجى ناۋايخانامنى ئاچتىم. 1994 - يىلىدىن 1995 - يىلىغىچە ناۋايخانىمنىڭ تىجارىتى ئىنتايىن ياخشى بولدى. كۈندە دېگۈدەك ئۇن خالتىغا يېقىن ئۇننىڭ نېنى سېتىلىپ تۈگەيتتى. خېرىدارلارمۇ نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىن كېلىپ نانلىرىمنى سېتىۋېلىشاتتى، ھەمدە ماڭا بازار قوغلىشىپ ناننىڭ سۈپىتىنى ئۆزگەرتمەسلىكنى تەۋسىيە قىلىشاتتى. كەمتەرلىك بىلەن پېشقەدەم ناۋايلارنىڭ، ئۇستازلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى يىغىپ، ناننىڭ تۈرىنى، خېرىدارلارنىڭ تەلىپى ۋە ئىشتىھاسىغا ماسلاشتۇرۇپ ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىپ تۇردۇم. تىجارىتىمنىڭ كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، كۆڭلۈمدە ئۈرۈمچىگە بېرىپ ناۋايخانا ئېچىش ئىستىكى تۇغۇلۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ياراملىق شاگىرتىمدىن ئىككىنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە يولغا چىقتىم.

ئابلاجاننىڭ بۇ قىسقىغىنە ھېكايىسىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئابلاجان ئىشنى ئاجايىپ خام خىياللىرى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ شەرت - شارائىتى يار بېرىدىغان، چامىسى يېتىدىغان يېرىدىن باشلىغان. بۇ نۇرغۇن ياشلارنىڭ كىچىك ئىشنى ياراتمايدىغان، چوڭ ئىشقا چامى يەتمەيدىغان خاراكتېرىگە روشەن

سىلىشتۇرما. كەسىپكە بولغان مۇھەببەت مۇۋەپپەقىيەتتىكى ئاچقۇچلۇق تەرەپ. ئۇ ناۋايلىق كەسىپىنى پەس كۆرمەي ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، كەسىپىنى ئەتراپلىق، مۇكەممەل ئىگىلىگەن. نەتىجىدە ئۆزى مۇستەقىل ئىش باشلاپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا تىجارىتى جانلانغان. ئۇرۇمچىدىكى بىرىنچى دۇكىنىنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىگە، يەنى ئۆزى ئوقۇيالمىغان مەكتەپكە قۇرۇپ ستۇدېنتلارغا نان يېقىپ بېرىش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. ئابلاجان ئۆزىنىڭ ماسلىشىشچانلىق ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى مۇھىت، يېڭى بازار، يېڭى خېرىدارلارغا ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ماسلىشىپ كەتكەن. ئۇ ئەڭ ئاۋۋال ناۋايخانىنىڭ پاكىزلىقى ۋە ئۆزىنىڭ تازىلىقىغا دىققەت قىلغان. ئۇ ئاساسلىقى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىقتىسادىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، نانغا بولغان تەلىپىنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ناننىڭ تۈرىنى كۆپەيتىش بىلەن بىرگە سۈپىتىنى ئاشۇرغان . ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى، تەن سالامەتلىكىنى كۆزدە تۇتقان ئاساستا نېنىغا ماي، تۇخۇم، سۈت قويۇپ، يۇزىگە كۈنجۈت سۇركەپ، كىچىكرەك قىلىپ ياققان ھەمدە باھاسىنىمۇ چۈشۈرگەن. بۇنىڭدىن باشقا ئوقۇغۇچىلارغا ئەتىگەنلىك چايىنى ھەقسىز قىلىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى ناۋايخانىدىلا ئەتىگەنلىك ناشتا قىلىپ مېڭىشقا كۆندۈرگەن. ئۇ يەنە ناۋايخانىنىڭ تازىلىق، مۇلازىمەت سۈپىتىنىمۇ ئالاھىدە چىڭ تۇتقان. نەتىجىدە ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ دۇكان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئۆچىرەتتە تۇرۇپ نان سېتىۋالىدىغان دۇكانغا ئايلىنىپ، سودىسى ئىنتايىن جانلىنىپ كەتكەن. بىراق مەكتەپتىكى تىجارەتنىڭ پەسىل خاراكتېرلىك بولىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغان ئابلاجان قىشلىق ۋە يازلىق تەتىل مەزگىللىرىدە بىكارچى بولۇپ قالغان. تىجارەتچى دېگەن بىكار كۈن ئۆتكۈزۈشنى خالىمايدۇ - دە! بۇ ۋاقىتتا ئابلاجان ئامالسىز يۇرتىغا قايتىشقا مەجبۇر بولغان. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تۇرمۇش ئۇنىڭ ھاياتىغا بۇرۇلۇش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلگەن. ئۇ ئاۋۋالقى ھېكايە، رومانلارنىلا ئوقۇش بىلەن چەكلىنىپ قالماي، بەلكى يەنە ئۆز كەسىپىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئەمەلىي ئۈنۈم بېرىدىغان كارخانا باشقۇرۇش ئىلمى، بازار تىجارىتى ئىلمى، ئوزۇقلۇق ئىلمى قاتارلىقلارنى ئۆگىنىشكە ۋە ئاتاقلىق پروفېسسورلار، مويسىپىت رەھبەرلەر بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغان.

دېمەك، ئابلاجان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى قىسقىغىنە ھاياتىدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالغان.

ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى نان ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىگە ئوزۇقشۇناسلارنىڭ ئىلمىي يەكۈنلىرىنى تولۇقلاپ، رەتلەپ نانغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ماقالىلەرنى ئوقۇپ تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىگە كەلگەن:

ئەجدادلىرىمىز ناننى زادىلا قۇرۇق ئىستېمال قىلمىغان. قىشتا قېتىق، يازدا مېۋە - چېۋە، قوغۇن - تاۋۇز بىلەن يېسە، يەنە بىر ۋاقىلىقىنى كاۋاپ، تاۋا كاۋاپ، چەينەك شورپىسى، كەپتەر شورپىسى بىلەن يېگەن. ئوزۇقشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، يېڭى ئۇن، يەرلىك تۇز، تەبىئىي خېمىرتۇرۇچ، سۈت، تۇخۇم، مايلار بىلەن يۇغۇرۇپ يۈزىگە كۈنجۈت سۇركەپ يېقىلغان ناننى ھەر خىل مېۋە - چېۋە ياكى ھەر خىل قورۇمىلار بىلەن ئىستېمال قىلغاندا ئۇ مېنېرال ماددا، ۋىتامىن، ئاقسىل، كراخمال ۋە قەنت تەركىبى لايىقىدا تەڭشەلگەن ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى ھەقىقىي تەبىئىي يېمەكلىككە ئايلىنىپ، ئادەمنىڭ جىسمانىي، ئەقلىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتە يېتەرلىك ئېنېرگىيە ۋە ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەپ چىش ھەم سۆڭەكلەرنىڭ مۇستەھكەم بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدىكەن.

بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە نان ئۆزىنىڭ ئىستېمالدىكى قولايلىقلىقى ۋە تەم، ئوزۇقلۇق جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكى بىلەن ھەشەمەتلىك دۇكانلاردىكى ئەڭ يېڭى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق تەييارلانغان بولكا، پىرەنىك، تورتلار بىلەن بەسلىشىپ قالدى. ئەڭ كاتتا پۇلدار بايلارمۇ ۋە ئادەتتىكى پۇقرالارمۇ ھەتتا كەمبەغەللەرمۇ ئوخشاشلا ناننى تاللىدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ھەقىقىي سىڭىپ كىردى. ئابلاجان «ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش تەرەققىياتىدا نان چوقۇم بازارغا يۈزلىنىشى كېرەك، ئۇنى ئېلىمىزنىڭ 1 مىليارد 300 مىليون ئاھالىسى ياقتۇرۇپ ئىستېمال قىلىشى، دائىملىق يېمەكلىككە ئايلاندۇرۇشى، ناۋايلار ئۆزلىرىنىڭ ھۈنىرىگە لايىق ئىنئامغا ئىگە بولۇشى، يۇرت كېزىپ نان مەدەنىيىتىنى تەشۋىق قىلىش بىلەن ئىشقا ئورۇنلىشىشى كېرەك» دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرلىرى ئەنە شۇنداق ئاددىي، ئاززاقلا كۈچىيۋەتسە رېئاللىققا

ئايلىنىدىغان، ۋۇجۇدقا چىقىدىغان ئىشلار ئىدى.

يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ بىر كۈنمۇ ئارام ئالماي قاغىلىقنىڭ ناھىيە بازىرىدا بىر سامسىپەزخانىنى ئىجارىگە ئېلىپ يۇرتىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق تىجارەتنى باشلىۋەتتى. بۇ ئەسلىدە سودىسى ماڭماي توختاپ قالغان دۇكان ئىدى. ئۇ دۇكاننى ئېلىپ تىجارەت باشلىغان بىرىنچى كۈنىلا 200 يۈەنلىك سودا قىلدى. دۇكاننى ئېچىپ 20 كۈن بولغاندا سودىسى 1200 يۈەنگە يېتىپ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇردى.

ئابلاجان يۇرتىدا ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىۋالدى. ناھىيە بازىرىدىكى خېرىدارلار چەكلىك ئىدى. شۇنداقتىمۇ تېخنىكىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن بىر مەزگىل تۇرۇپ قالدى. ئارىلىقتا قوشۇمچە قۇرۇق يەل - يېمىش سودىسىنىمۇ قىلىپ كۆردى. ئەمما بۇ ناۋايلىقتا ئوخشىمايدىغانراق كەسىپ بولغاچقا تەجرىبىسىنىڭ كەملىكى، بازارنى مۆلچەرلىيەلمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن قۇرۇق يەل - يېمىش سودىسىدا قاتتىق زىيان تارتتى. نەتىجىدە بىرەر ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن، بولۇپمۇ تىجارەتتە شاختىن - شاخقا قونۇپ يۈرۈش، ئىككى كېمىنىڭ بېشىغا تەڭ دەسسەپ يۈرۈش ئادەمگە تەسەۋۋۇردىنمۇ بەتتەر مەغلۇبىيەتنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت قانۇنىيەتنى مۇتلەق چۈشىنىپ يەتتى. ئابلاجان 1997 - يىلى 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۈرۈمچىگە ئىككىنچى قېتىم ئاتلاندى. ئابلاجان تۇنجى تىجارەت ئورنىنى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ قاتناش، سودا، مەدەنىيەت تۈگۈنى بولغان غەربىي شىمال يولىدىكى تۆت كوچا دوقمۇشىنى تاللىدى. ئۇ باشقىلارنىڭ كېلىشتۈرۈشى بىلەن دۇكاننىڭ يېرىم يىللىق ئىجارىسىنى ئالدىن تاپشۇرىدىغان، قالغان يېرىمىنى ئىككى ئاي ئىچىدە تاپشۇرىدىغان، ئەگەر تاپشۇرالمىسا مۇددەت توشقان كۈنى دۇكاندىن ھېچنېمىنى ئالماي چىقىپ كېتىدىغان بولۇپ توختام تۈزۈپ، دۇكاننى رەسمىي ئاچتى.

تازىلىق ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇپ، ساغلاملىق كىنىشكىسى بار ناۋايلارنى ئىشلەتتى ھەم تۇنجى بولۇپ ناۋايلارغا خىزمەت فورمىسى تارقىتىپ بەردى. ھەتتا ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكنى يۇيۇپ بېرىشى ئۈچۈن مەخسۇس ئادەم تەكلىپ قىلدى. بىر يۈرۈش ئىسلاھاتلار ئابلاجاننىڭ خېرىدارلىرىنى ھەسسىلەپ كۆپەيتتى.

بۇ جەرياندا ئۇنىڭ دۇكىنىنىڭ سانى سەككىزگە، خىزمەتچى خادىمى 59 نەپەرگە يەتتى. نەتىجىدە سودا دائىرىسى بارغانچە كېڭىيىپ بىر ئېسىل تاۋارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئاساس سالدى.

ئۇ بىرقانچە ئاي ئىزدىنىش ئارقىلىق ئاخىر 2002 - يىلى «دەرمان» نامىدا ئۆزىنىڭ تاۋار ماركىسىنى تىزىمغا ئالدۇردى. ئابلاجان تاۋار ماركىسىنى تىزىمغا ئالدۇرۇش بىلەن بىرگە سەككىز دۇكاننى ئوخشاش ۋىۋىسكا، ئوخشاش خىزمەت فورمىسى، ئوخشاش «دەرمان» ماركىسى، ئوخشاش باشقۇرۇش ، ئوخشاش مۇلازىمەت بىلەن قايتىدىن تىجارەت باشلىدى.

ئابلاجان يەنە ھەر يىلقى سودا يەرمەنكىلىرىگە قاتنىشىپ، بولۇپمۇ پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ ھەتتا ئامېرىكا، ياپونىيە، تەيۋەن قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ بازارلىرىنى ئېچىشقا ئاساس سالغان ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن نۇرغۇن خېرىدارلار ھەمكارلىشىدىغانغا تەكلىپلەرنى ئەۋەتكەن.

ئەسلىدە ئابلاجاننىڭ بۇ يىلقى پىلانى دەسلەپكى قەدەمدە ئىچكىرىدىكى بەش چوڭ شەھەردە تارماق دۇكان ئېچىپ «دەرمان» نانلىرىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ بازارلىرىغا كىرگۈزۈش ئىدى. ئەمما سارس كېسىلى تۈپەيلىدىن بۇ پىلانىنى ۋاقىتلىق توختىتىپ تۇردى.

ئابلاجاننىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى پىلانى، ئالدى بىلەن 36 خىل نان تۈرىنى ھازىرقى زامان تېخنىكىسى بىلەن خەلقئارالىق سەۋىيىدە ئوراپ قاچىلاپ ئالدىمىزدىكى ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە قاتنىشىپ «دەرمان» نانلىرىنىڭ ئابرۇيىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈپ، بازارنى قېزىش، ئىناۋىتىنى تىكلەش. خەلقئارالىق سەۋىيىدىكى ئىككى يەرمەنكىگە قاتنىشىش. سەئۇدى ئەرەبىستاندا 10 - ئايدا ئېچىلىدىغان «تۇرمۇش ئۇسۇلى» كۆرگەزمىسى ۋە گېرمانىيە «كېلۇن يېمەكلىكلىرى» كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىپ، «دەرمان» نانلىرى ئارقىلىق يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىمىزنى خەلقئاراغا تونۇتۇشقا تەييارلىق قىلىش.

بىز «ئامىنە» ۋە «دەرمان» شىركەتلىرىنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى تەرەققىياتىغا تېخىمۇ زور ئۇتۇقلارنى تىلەش بىلەن بىرگە، ئارىمىزدىن ئۇلارغا ئوخشاش كارخانىچىلارنىڭ تېخىمۇ كۆپلەپ بارلىققا كېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## «تەڭرىتاغ»ژۇرنىلىنىڭ بارلىق ئوقۇرمەنلىرىگە سالام !

«مۇنەۋۋەر ئوقۇرمەن» پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ژۇرنىلىمىزنىڭ تېخىمۇ ياخشى چىقىرىلىشى ئۈچۈن قىممەتلىك تەكلىپ - پىكىرلىرى ئارقىلىق بىز بىلەن ئورتاقلاشقان سۆيۈملۈك ئوقۇرمەنلەرگە « تەڭرىتاغ ژۇرنىلى» نامىدىن ئالىي ئېھتىرام يوللايمىز!

بۇ قېتىمقى « مۇنەۋۋەر ئوقۇرمەن » پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇرۇشتا ئاساسلىقى خەلق رايىنى سىناش بىلەن خەلقىمىزنىڭ هازىرقى ئېھتىياجىنى چۈشىنىش ئارقىلىق ژۇرنىلىمىزنى بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى چىقىرىشنى مەقسەت قىلغانىدۇق. پائالىيەت يولغا قويۇلۇشى بىلەن تەھرىر بۆلۈمىمىزگە ئاپتونوم رايونىمىز ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئۆزۈلمەي كېلىۋاتقان تەكلىپ - پىكىرلەر بۇ پائالىيىتىمىزنىڭ ئوقۇرمەنلەر كۆڭلىگە ياققانلىقىنى تېخىمۇ مۇئەييەنلەشتۈردى. بۇ پائالىيەت ئارقىلىق بىزمۇ ئۇيغۇر ژۇرنالچىلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقنى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ قانداق ئەسەرلەرگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتۇق. هازىرغىچە كەلگەن پىكىرلەر تۆۋەندىكىدەك بولدى.

1. نوبېل ئەدەبىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى ۋە مۇكاپات سەھنىسىدە سۆزلىگەن نۇتقىنى تەرجىمە قىلىپ بەرسەڭلار!

2. ئاياللار هەققىدە مەخسۇس سەھىپە ئاچساڭلار.

3. بەس - مۇنازىرە سەھىپىسىنى داۋاملاشتۇرساڭلار.

4. ستۇدېنتلار سەھىپىسىنى ياخشى باشقۇرۇپ، ئۇلار ئۈچۈن ماياك بولساڭلار.

5. سودا ۋە رىقابەتكە دائىر، يەنى نەتىجە قازانغان ئۇيغۇر كارخانىچىلىرىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش جەريانى يېزىلغان ئەدەبىي ئاخباراتلارنى ئۇيۇشتۇرساڭلار.

6. يازغۇچى - ئەدىبلىرىمىزنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا قازانغان ئۇتۇقلىرىدىن بىزنى خەۋەردار قىلساڭلار.

7. چەت ئەلدىكى ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن ئەسەرلەرنى بەرسەڭلار.

8. تەرجىمە ئەدەبىي خاتىرىلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى ئۆز يازغۇچىلىرىمىز قەلەم تەۋرەتكەن، ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەدەبىي خاتىرىلەرنى كۆپرەك بەرسەڭلار.

9. يۇزمۇ يۇز سەھىپىسىنى يەنىمۇ جانلاندۇرساڭلار.

10. « ئىزلىنىش، سىناق، يېڭىلىق» دېگەن سەھىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرسەڭلار... قاتارلىقلار...

مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلىرىمىز، سىلەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ رايى سىناش پائالىيىتىمىزگە داۋاملىق قاتنىشىپ، هەر بىر سان ژۇرنىلىمىزدىكى ئەسەر ۋە سەھىپىلىرىمىزگە قىممەتلىك تەكلىپ - پىكىرلەرنى يېزىپ بىزگە ئەۋەتىپ تۇرۇشۇڭلارنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز. بىزمۇ ئىمكانىيىتىمىزنىڭ بارىچە ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ تەلەپ ئېھتىياجىدىن چىقىش ئۈچۈن داۋاملىق ئىزدىنىمىز.

### «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق 2 - ، 3 - سانىنىڭ « مۇنەۋۋەر ئوقۇرمەن » پائالىيىتىنىڭ ئاۋاز جەدۋىلى

| ئەسەر نامى | ياخشى | يامان ئەمەس | ئادەتتىكىچە | ياقتۇرمىدىم |
|---|---|---|---|---|
| 1 . ئاق ئىتىم | 86 | 26 | 8 | 3 |
| 2 . ئۆتكەن ئىش - كەتكەن ئىش | 65 | 38 | 17 | 3 |
| 3 . رەڭدار كۆزلەر | 37 | 44 | 28 | 15 |
| 4 . كىسەل | 48 | 49 | 15 | 10 |
| 5 . ئىككى شېئىر | 26 | 53 | 31 | 3 |
| 6 . ئەسلىمىسەن ۋاپادارىم | 24 | 61 | 26 | 5 |
| 7 . ئۆتتۈنەي سازەندە چالغىن ئەجەمنى | 82 | 36 | 9 | 1 |
| 8 . شېئىرلار | 26 | 56 | 28 | 7 |
| 9 . نالەشلەر پايانى | 51 | 59 | 17 | 3 |
| 10 . ئىشقنامە | 48 | 47 | 21 | 5 |
| 11 . ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك | 107 | 13 | 5 | 1 |
| 12 . توزىماس رەيھان | 45 | 50 | 14 | 11 |
| 13 . ئەدەبىي خاتىرىلەر | 78 | 30 | 13 | 1 |
| 14 . هېكمەتنامە | 78 | 32 | 9 | 2 |


| ئەسەر نامى | ياخشى | يامان ئەمەس | ئادەتتىكىچە | ياقتۇرمىدىم |
|---|---|---|---|---|
| 1 . ئىس - تۈتەكسىز جەڭ سارسقا قارشى ئۇرۇش | 26 | 12 | 11 | 3 |
| 2 . ياشاپ باقە ، بەرنا | 30 | 19 | 3 | 2 |
| 3 . ياۋا كەپتەر | 27 | 15 | 8 | 2 |
| 4 . ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرلىرى | 51 | 5 | 1 | 0 |
| 5 . غەزەللەر | 15 | 34 | 7 | 0 |
| 6 . ئىشقنامە | 29 | 25 | 3 | 1 |
| 7 . باغرىمدا جىجەكلەر هىجران | 18 | 21 | 10 | 2 |
| 8 . ئۈچ شېئىر | 9 | 27 | 15 | 1 |
| 9 . كۆزلەر بالاسى | 13 | 24 | 9 | 5 |
| 10 . تاش ساداق | 15 | 23 | 12 | 5 |
| 11 . يارىلانغان سوقرات | 28 | 12 | 3 | 5 |
| 12 . ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرلىرى هەققىدە سۆھبەت | 40 | 12 | 1 | 0 |
| 13 . شائىر ئوسمانجان ساۋۇتنى چۈشىنىش | 43 | 6 | 2 | 0 |
| 14 . ئۇيغۇر خەلق ناخشىسى | 41 | 14 | 5 | 1 |
| 15 . تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت | 43 | 12 | 4 | 0 |
| 17 . غالجىر بۆقا ۋە شىرىن تەلۋە | 23 | 17 | 9 | 1 |
| 18 . مۇھەببەت بىر خىل راھەت ۋە هۇزۇر دېمەكتۇر | 36 | 13 | 5 | 2 |



# ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان شىنجاڭ قاتناش مەكتىپى

شىنجاڭ قاتناش مەكتەپ، شىنجاڭ قاتناش تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى شىنجاڭدا ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلغان تېخنىكوم مەكتەپلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ رايونىمىزدىكى بىردىنبىر تاشيول قاتناش قۇرۇلۇشى ۋە تاشيول قاتناش ترانسپورت كەسپى بويىچە ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيلەشنى ئاساس قىلغان دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق كەسپىي تېخنىكوم مەكتەپ، ھازىر بۇ مەكتەپتە 4140 نەپەردىن ئوشۇق ئوقۇغۇچى بار بولۇپ، مەكتەپنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى ئىلغار ۋە تولۇق بولۇشتەك ئەۋزەللىككە ئىگە.

بۇ مەكتەپ ئۇزۇن يىللىق مەكتەپ باشقۇرۇش جەريانىدا ھەر خىل كەسپلەر بويىچە ئوتتۇرا تېخنىكوم، ئىشچىلار تېخنىكومى، ئالىي كەسپىي تېخنىكوم، تولۇق ۋە مەخسۇس كۇرسلارنىڭ ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتۇش، ھەر خىل قىسقا كۇرسلاردا تەربىيلەش قاتارلىق كۆپ قاتلاملىق، كۆپ شەكىلدىكى مەكتەپ باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرگەن. مەكتەپ ھەر خىل بازار ئۇچۇرلىرىنى ئىگىلەپ، ھەر خىل يوللار ئارقىلىق ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئاپتونوم رايون بويىچە «مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش خىزمىتىدە ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن شەرەپلىك نامنى ساقلاپ كەلمەكتە. مەكتەپ مۇھىتىنىڭ گۈزەللىكى، ئېسىل مەكتەپ ئىستىلى، ئەلا مۇلازىمىتى بىلەن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «مەدەنىيەتلىك ئورۇن» ۋە شەھەر تەرىپىدىن «باغچىلاشقان مەكتەپ» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن.



ئاپتونوم رايونىنىڭ «دۆلەتلىك كەسپىي تېخنىكا ماھارىتىنى باھالاپ بېكىتىش بەتتىنچى ... رېمونتچىلىق ۋە تاشيول قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش قاتارلىق 15 تۈر بويىچە تېخنىكىلىق تەربىيلەش ھەمدە باھالاپ بېكىتىش خىزمەتلىرىنى ئۈستىگە ئالغان.

بۇ مەكتەپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ مەكتەپكە كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلىشىنى، شۇنداقلا دۆلەت ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى بولغان قاتناش ساھەسىدە ئىگىلىك تىكلەپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قاتناش

مەكتەپ ئادرېسى: شىنجاڭ مىچۈەن شەھىرى دوستلۇق يولى 22 - نومۇر پوچتا نومۇرى: 831401

ھەقسىز مەسلىھەت سوراش تېلېفونى: 2233 - 893 - 800 ئالاقىلىشىش تېلېفونى: مەكتەپ رەھبەرلىكى: 6866501 - 0991

ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى: 6861343 6861415 - 0991 چوڭلار مائارىپى ئوقۇتۇش ئىشخانىسى: 6861427 - 0991

مەكتەپ تور ئادرېسى: Http//www. xjjt. edu. cn








## ۋانى سىزگە ئا

«ئاقيول» رېستورانىنىڭ باش دىرېكتورى ئامىنە خانىم ۋە رېستوراندىكى بارلىق خىزمەتچىلەر مېھمانلارغا ئالىي ئېھتىرام يوللايدۇ.

ئاقيول، ئاق يول بولسۇن جان دوستۇم،
چېكىڭىزگە قىسىڭ ئاق چېچەك.
ناخشا كەبى ئاڭلىنىپ تۇرار،
«ئېسىل داستىخان»، دېگەن شۇ چۆچەك.

يولىڭىز ئاق بولسا، ۋىجدان پاك،
ياغار كۆكتىن بەرىكەت مېۋىسى.
بەزمە ئۈچۈن كېلىڭ ئاقيولغا،
ھەممىمىزنىڭ بار نېسىۋىسى.

تەڭگە سىڭەر تاڭ كۆرگەن شادلىق،
تاڭ كۈلەيلى ئاقيولدا دوستۇم.
جايلا ئىسمى ھەمتا جانىمىز،
سىزگە سۆزلەي جۈپ قولدا دوستۇم.

— مۇختار بۇغرا شېئىرى


قېنى، مېھمانلار «ئاقيول» رېستورانىغا قەدەم تەشرىپ قىلىڭ. ئۇيغۇر يېزا-كېنتلىك ئۇسلۇبىدا ئۆزگىچە بېزەلگەن بۇ رېستوراننىڭ مەركىزى زالىدىن خالىي 2 -، 3 - قەۋەتلىرىگە ئايرىم ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىككى كىشىلىكتىن 30 كىشىلىككىچە بولغان ئايرىم خانىلىرى مېھمانلارنىڭ تاڭ يانغىشى تاللىشى بولالايدۇ.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى ئىتتىپاق يولى 73 - نومۇر
تېلېفون: 2557708، 2557709، 2556677
(10 -، 61 -، 60 - يول ئاپتوبۇسلىرىغا ئولتۇرۇپ جامى زاۋۇتى بېكىتىدە چۈشسىڭىز بولىدۇ)







国际标准刊号 ISSN1004—1745　国内统一刊号 CN65—1012/I　邮发代号 58—83　零售价：5.00元